قۇربان مولنىياز



# مۇزاح ئانا

شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى



باغلىرىڭ بوستان گويا ، گۈللىرىڭ رەيھان سېنىڭ،
تاغلىرىڭ مارجان گويا ، سۇلىرىڭ فونتان سېنىڭ.
قامىتىڭ غىلمان گويا ، بويلىرىڭ ئاسمان سېنىڭ،
شادلىقىڭ ئوكيان گويا، ئوتلىرىڭ گۈلخان سېنىڭ.
تاڭلىرىڭ چولپان گويا، كۆيلىرىڭ داستان سېنىڭ،
تايىقىنىڭ قۇت- شان شۇڭا،يوللىرىڭ راۋان سېنىڭ.

قۇربان مولنىياز

# مۇزات ئانا

(ئەدەبىي ئاخباراتلار)

شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى

**图书在版编目（CIP）数据**

木扎提河：母亲：维吾尔文/库尔班·毛拉尼牙孜著．—乌鲁木齐：新疆大学出版社，2009.3
ISBN 978-7-5631-2288-2

I．木… II．库… III．报告文学—作品集—中国—当代—维吾尔语（中国少数民族语言） IV．I25

中国版本图书馆 CIP 数据核字（2009）第 042757 号

责任编辑：阿不里米提·卡德尔
责任校对：克尤木·吐尔逊

**木扎提河母亲**
（报告文学集）
库尔班·毛拉尼牙孜著

新疆大学出版社出版
（乌鲁木齐市胜利路 14 号，邮政编码：830046）
新华书店发行
乌鲁木齐光大印刷有限公司艺林印务中心印刷
开本：850×1168 毫米 1/32 6.625 印张
2009 年 8 月 第 1 版 2009 年 8 月 第 1 次印刷
印数：0001-2100 册

ISBN 978-7-5631-2288-2
定价：22.00 元


قۇربان مولنىياز



ئاپتورنىڭ ئاتا ـ ئانىسى



ئاپتورنىڭ بەختلىك ئائىلىسى

# نەشرىياتتىن

قۇربان مولنىياز 1966-يىلى باي ناھىيىسىنىڭ ياتۇر يېزا پەشتارچى كەنتىدە ئوقۇمۇشلۇق دېھقان ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. باشلانغۇچ، تولۇقسىز، تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپلەرنى ئۆز يۇرتىدا تاماملىغاندىن كېيىن، ئىلگىرى-كېيىن بولۇپ ئاقسۇ ۋىلايەتلىك مالىيە-سودا مەكتىپىدە ۋە ئۈرۈمچى كەسپىي ئىنستىتۇتى، شىنجاڭ مالىيە-ئىقتىساد ئىنستىتۇتىدا مالىيە-بوغالتىرلىق كەسپى بويىچە مەخسۇس كۇرس، تولۇق كۇرس سىنىپلىرىدا ئوقۇغان. 1986-يىلى 7-ئايدا خىزمەتكە قاتنىشىپ، ھازىرغىچە باي ناھىيىلىك مالىيە ئىدارىسىدە خىزمەت قىلىپ كەلمەكتە.

قۇربان مولنىياز خىزمەت جەريانىدا بوش ۋاقىتلىرىدىن پايدىلىنىپ، كەسپىي تەتقىقات، ئەدەبىي ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللىنىپ ھازىرغا قەدەر«شىنجاڭ مالىيە-بوغالتىرلىقى» ژۇرنىلىدا مالىيە-باج خىزمىتىگە ئائىت 15 پارچە ئىلمىي نەزەرىيىۋى ماقالىسى، «شىنجاڭ مەدەنىيىتى»،«شىنجاڭ گېزىتى»، «ئاقسۇ ئەدەبىياتى»، «كروران»، «ئاقسۇ گېزىتى» قاتارلىق مەتبۇئاتلاردا تۈرلۈك ژانىردا 100 پارچىگە يېقىن ئەسىرى ئېلان قىلىنغان. 2000 پارچىگە يېقىن ئاخبارات ماقالىسى ئېلان قىلىنغان. «باياۋاندىن باشلانغان يول»، «غايىپ بولغان قەھرىمان» قاتارلىق كوللېكتىپ توپلاملارغا ئەسەرلىرى كىرگۈزۈلۈپ نەشر قىلىنغان. ئۇ يەنە ئىزچىل تۈردە ئاخبارات يېزىقچىلىقى بىلەن شۇغۇللىنىپ، بىر تۈركۈم نادىر

ئاخبارات ئەسەرلىرىنى يېزىپ ئوقۇرمەنلەرنىڭ ياخشى باھاسىغا، ئاخبارات ئورۇنلىرىنىڭ كۆپ قېتىم تەقدىرلىشىگە ئېرىشكەن. ھازىر ئاقسۇ ۋىلايەتلىك ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى، باي ناھىيىلىك ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ مۇدىرىيەت ئەزاسى.

قولىڭىزدىكى «مۇزات ئانا» ناملىق كىتاب ئۇنىڭ تۇنجى ئەدەبىي ئاخباراتلار توپلىمى بولۇپ، بۇ توپلامغا ئۇنىڭ يېقىنقى بىرقانچە يىل ئىچىدە، باي ناھىيىسىنىڭ ئىسلاھات - ئېچىۋېتىش، سوتسىيالىستىك يېڭى يېزا قۇرۇش، ئىناق جەمئىيەت بەرپا قىلىش داۋامىدا بارلىققا كەلگەن بىرقىسىم ئىلغار شەخسلەر ۋە باي ناھىيىسىدىكى بىرقىسىم سەيلە - ساياھەت نۇقتىلىرىنى تونۇشتۇرۇپ يازغان 25 پارچە ئەسىرى كىرگۈزۈلگەن. بىز بۇ توپلامنىڭ باي ناھىيىسىنى سىرتقا تەشۋىق قىلىش سالمىقىنى يەنىمۇ ئاشۇرۇپ، باي ناھىيىسىنىڭ سىرتقا تونۇلۇش دەرىجىسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ، باي ناھىيىسىنى مەملىكەت ئىچى - سىرتىغا تونۇتۇپ، باي ناھىيىسىنىڭ ئۆچ مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشىنى ئىلگىرى سۈرۈشكە پايدىسى تېگەر دېگەن ئۈمىدتىمىز. ئاخىردا ئاپتورنىڭ بۇنىڭدىن كېيىنكى ئەدەبىي ئىجادىيىتىگە ئۇتۇق تىلەيمىز.

2009 - يىلى ئاپرېل

# مۇقەددىمە ئورنىدا

ھۆرمەتلىك كىتابخان:

ئادەم بۇ دۇنياغا ئاپىرىدە بولغان ئىكەن، چوقۇم بۇ دۇنيا بىلەن يەنە خوشلىشىدۇ. بۇ بىر ھەقىقەت. لېكىن ئادەملەرنىڭ ياشاش ئارزۇ-ئارمانلىرى، ياشاش يولى، ياشاش جەريانىدا قالدۇرغان ئىزلىرى ئوخشاش بولمايدۇ.

ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىق دەۋرىمدىلا مەندە يېزىقچىلىق، ئاخباراتچىلىققا بولغان قىزىقىش پەيدا بولغانىدى. خىزمەت ئېھتىياجى سەۋەبىدىن مۇخبىر بولۇش ئارزۇيۇمغا يېتەلمىگەن بولسامۇ، بىراق بوش ۋاقىتلىرىمدىن پايدىلىنىپ كەسپىي تەتقىقات، يېزىقچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىش بىلەن بىللە، بىر تۈركۈم ئاخبارات ئەسەرلىرىنى يېزىپ ئوقۇرمەنلەرنىڭ ياخشى باھاسىغا، ئاخبارات، تەشۋىقات ئورۇنلىرىنىڭ كۆپ قېتىم تەقدىرلىشىگە ئېرىشتىم ھەم بۇ ھەقتە بىر ئەدەبىي ئاخباراتلار توپلىمىنى نەشرگە تەييارلاشنى ئويلىغانىدىم.

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان ئاخبارات ئەدەبىياتى، تەزكىرە ئەدەبىياتىغىمۇ ئەدەبىي ئىجادىيەت سورۇنلىرىدىن مۇۋاپىق ئورۇن بېرىلگەنلىكى، تۈرلۈك ئەدەبىي ئىجادىيەت باھالاش پائالىيىتىگە قاتناشتۇرۇلغانلىقى، «ئەركىن روزى ئەدەبىي ئاخبارات مۇكاپاتى»غا ئوخشاش مەخسۇس ئەدەبىي ئاخبارات ئىجادىيەت مۇكاپاتىنىڭ تەسىس قىلىنغانلىقىنى كۆرۈپ قايتىدىن غەيرەتكە كېلىپ، يېقىنقى ئۈچ يىل ئىچىدە باي ناھىيىسىنىڭ ئىسلاھات- ئېچىۋېتىش نەتىجىلىرى ۋە باي

ناھىيىسىنىڭ گۈزەل مەنزىرىسى، باي ناھىيىسىدىكى ئاساسلىق سەيلە-ساياھەت، مەدەنىي يادىكارلىق ئورۇنلىرى تونۇشتۇرۇلغان بىر تۈركۈم ئەدەبىي ئاخبارات ئەسەرلىرىنى يېزىپ، بۇنىڭدىن ۋەكىل خاراكتېرگە ئىگە 22 پارچە ئەدەبىي ئاخبارات ئەسىرىمدىن تەركىب تاپقان «مۇزات ئانا» ناملىق بۇ ئەدەبىي ئاخباراتلار توپلىمىنى نەشرگە تەييارلىدىم. كىتابتا يېزىلغىنى باي ناھىيىسىنىڭ ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش داۋامىدا بارلىققا كەلگەن تۆھپىكار ئەزىمەتلەرنىڭ ياشاش يولىدا قالدۇرغان ئىلغار ئىش-ئىزلىرى، باي ناھىيىسىدىكى ئاساسلىق سەيلە-ساياھەت، مەدەنىيەت يادىكارلىق ئورۇنلىرىنىڭ يارقىن كۆرۈنۈشى خالاس.

ئاخىردا بۇ كىتابىمنىڭ باي ناھىيىسىنى سىرتقا تەشۋىق قىلىش سالمىقىنى يەنىمۇ ئاشۇرۇپ، باي ناھىيىسىنى مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىغا تونۇتۇپ، باي ناھىيىسىنىڭ ئۈچ مەدەنىيلىك تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈشكە، باي ناھىيىسىنىڭ ساياھەت، مەدەنىيەت، تارىخ تەرەققىياتىنى تەتقىق قىلىشتا ئاز-تولا پايدىسى تېگەر دېگەن ئۈمىدتىمەن. دوستلارنىڭ كىتابىمنى ئوقۇغاندىن كېيىن ۋاقىت زىچلىقى ۋە ئىمزدىنىشىمنىڭ يېتەرلىك بولمىغانلىقى، سەۋىيەمنىڭ چەكلىكلىكىدىن كۆرۈلگەن بەدئىي ئاجىزلىقلارغا قارىتا تەنقىدىي پىكىر بېرىشىنى سەمىمىي ئۈمىد قىلىمەن. بۇ كىتابنىڭ نەشر قىلىنىشىنى قوللىغان رەھبەرلەرگە، ماتېرىيال بىلەن تەمىنلىگەن، ئىقتىساد جەھەتتىن ياردەم بەرگەن دوستلارغا ئالاھىدە رەھمەت ئېيتىمەن.

قۇربان مولنىياز

# مۇندەرىجە


مۇزات ئانا ........................ 1

مۇزات ۋادىسىدىكى تۆھپىكار ئوغلان........................16

قىزىل «ئالۋاستى قەلئەسى»نىڭ سىرى .................. 26

ئاتلىق دوختۇردىن دوختۇرخانا باشلىقلىقىغىچە ............ 37

دېھقانلارنىڭ كىرىمىنى ئاشۇرۇشتا، يېزا ئىگىلىكىنى كەسپلەشتۇرۇشكە

تايىنىمىز ........................ 54

ئۆز تەقدىرىنىڭ خوجايىنى ........................ 57

زامانىۋى كۆۋرۈك داغدام يوللارنى تۇتاشتۇردى .................. 64

مۇزات دەرياسى كۆرۈپ تۇرىدۇ........................ 72

تەنگە شىپا ، جانغا راھەت تېرەك ئىسسىق سۇ ئارىشىڭى ...... 80

پەشتارچىدىن باي چىقتى........................ 83

قېيىردا قالغان ئىز ........................ 87

سەبدۇن كەنتىدىكى شاپائەتچى........................ 94

ياتۇر ئۆرۈكى ــ بېيىشنىڭ تۇۋرۈكى........................ 108

«قوش ھىمايە قىلىش» گۇللىرى باي ناھىيىسىدە ئۆزگىچە رەڭدارلاشتى ..... 112

مۇزات ۋادىسىدىكى مېيىپ مىليونېر ........................ 118

مۇزات ۋادىسىدىكى نۇرلۇق مەشئەل ........................ 127

يەرلىك توقۇمىچىلىق كەنتىگە سەپەر........................ 133

باي ناھىيىسىدىكى سىرلىق ساياھەت نۇقتىلىرىنى زىيارەت .... 141

«ئاقسۇ گېزىتى»ــ مېنىڭ ئۇستازىم ........................ 157

سايرام قېتىقى ........................ 160

تېرەك تەبىئىي ئورمانلىقى ........................ 168

مىڭبۇلاق تەسۋىرلىرى........................ 170

«شېئىرــ مېنىڭ ھاياتىم»........................ 175

«خانتەڭرى ئەدەبىيات مۇكاپاتى»نىڭ ئالدى ـ كەينىدە. ........ 189

# مۇزات ئانا

شىنجاڭ يوغانباش بىلىقلىرى سۇزۇك سۇدا بەخىرامان ئۈزۈپ يۈرمەكتە، چىرايلىق ئاق قۇ ۋە توپ - توپ ياۋا ئۆردەكلەر سۇ يۈزىدە ئۈسسۈلغا چۈشمەكتە، يېكەنلەر، قومۇشلار سۇدىن تىك كۆتۈرۈلۈپ چىققان، سۇ قۇشلىرى سايرىشىپ ياز ئاپتىپىدىن ھۇزۇرلىنىۋاتقان... مانا بۇ باي ناھىيىسىدىكى ئانا دەريا - مۇزات دەرياسى.

بىز سەھەردىلا ماشىنا بىلەن يولغا چىقىپ، مۇز داۋان ئاستىدىكى مۇزات دەرياسى ۋادىسىدا زىيارەت سەپىرىمىزنى باشلىدۇق.

ھەيۋەتلىك تاغلار بىلەن قورشالغان مۇزات دەرياسىنىڭ قىرغىقىدا تۇرۇپ نەزەر تاشلىغاندا، تاغ قىرلىرى چوقچىيىپ تۇراتتى، سۈزۈك سۇلار شارقىراپ ئاقاتتى، ئات ئۈستىدىكى ئىككى مالچى قى - چۇ بىلەن پادىلىرىنى ھەيدەپ، دەريا بويىدىكى ئەگرى - توقاي يوللارنى بويلاپ تاغ ئىچىگە كىرىپ كېتىۋاتاتتى.

— مانا بۇ قەدىمىي مۇزات يولى، — دېدى سەپەرداشىمىز باي ناھىيىلىك تەشۋىقات بۆلۈمى تاشقى تەشۋىقات ئىشخانىسىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى لىيۇبىن. ئەينى زاماندا شۈەنزاڭ مۇشۇ قەدىمىي يولدىن ئۆتكەن، ئۇيلىمىغان قىيىنچىلىقلارغا يولۇققانىدى. «بۈيۈك تاڭ دەۋرىدىكى غەربىي يۇرت خاتىرىلىرى»دە مۇنداق بايانلار خاتىرىلەنگەن: «تاغ جىرالىرى قار بىلەن قاپلانغان. باھار - يازدىمۇ مۇز تۇتقان. ئانچە - مۇنچە ئېرىسىمۇ ھەش - پەش دېگۈچە مۇز بولۇپ قاتىدۇ. يوللار خەتەرلىك، سوغۇق شامال جاندىن

ئۆتىدۇ، جۇدۇن ئەجدىھانى قورقۇتىدۇ. سەپەرچىلەر قورقۇپ كېتىپ قالىدۇ.»

بىز مۇشۇ يولدا كېتىۋېتىپ، قەلبىمىزدە ئىللىق سېزىم پەيدا بولدى، نەچچە مىڭ يىلنىڭ ئالدىدىكى ئاشۇ كۆرۈنۈش كۆز ئالدىمىزدا پەيدا بولدى. بىز باشقىدىن روھلىنىپ، دەريا ساھىلىنى بويلاپ، شېغىل تاشلارنى دەسسەپ داۋاملىق جەنۇبقا



قاراپ ئىلگىرىلىدۇق.

ياز پەسلى بولسىمۇ بىز بۇ يەردىن يازنىڭ ئىللىق تەپتىنى ھېس قىلالمىدۇق. ھۇشقىتىپ تۇرغان تاغ شامىلى ياپيېشىل ئوت-چۆپلەرگە ئارام بەرمەيتتى، بىرنەچچە تۇرنا جىرا ئۈستىدە ئايلىنىپ پەرۋاز قىلاتتى. دەريادىكى سۇ ناھايىتى تېز ئاقاتتى، دەريا قىرغىقىدا چوڭ-كىچىك تاشلار ياتاتتى، تاشلارنىڭ بەزىلىرى ئۆيدەك چوڭلۇقتا كېلەتتى، ئۇ يەر-بۇ يەردىكى مۇزلار سۈزۈك جاۋاھىرلاردەك قۇياش نۇرىدا يالتىرايتتى. ياۋا ئەتىرگۈل، پىچانگۈل، شالدىراق ئوتلار كۆزىمىزگە چېلىقىپ تۇراتتى.

بۇلار بىزنىڭ سەپەر قىزغىنلىقىمىزغا ئىلھام بەرگەندەك قىلاتتى، بىز ئۇزۇنلۇقى 210 كىلومېتىر، ھاۋزىسى 2870 كۋادرات

كىلومېتىر كېلىدىغان، باي ناھىيىسىنىڭ قاراباغ، ياقېرىق، مىچىغ، قىزىل قاتارلىق 11 يېزىسىدىن ئۆتىدىغان بۇ دەريا ئېقىنىنى بويلاپ زىيارەت سەپىرىمىزنى داۋاملاشتۇردۇق.

## تاشلىقتىكى يۈز يىللىق قەدىمىي دەرەخ

تاغ باغرىدا ئۆمرى يۈز ياشتىن ئاشقان قەدىمىي دەرەخنى تېپىش ئاسان ئەمەس، لېكىن مۇزات دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىنىدا يۈز يىللىق دەرەخلەر قەدەمدە بىر دېگۈدەك ئۇچراپ تۇردۇ، سەپىرىمىزدە ئۇزاق بارمايلا ھەم خۇشال، ھەم ھەيران قالىدىغان ئىشقا يولۇقتۇق.



ماڭغانسېرى دەريا ئېقىنى كېڭىيىپ باراتتى، سۇنىڭ ئېقىشىمۇ تېزلىشىۋاتقاندەك قىلاتتى. سۇنىڭ تاشتىن - تاشقا ئۇرۇلۇپ شىلدىرلىغان ئاۋازى گويا نازىنىنىنىڭ بارماقلىرى تارغا تەگكەندە چىققان مۇزىكىدەك يېقىملىق ئىدى، يېپىنچا ئۆسۈملۈكلەرمۇ قويۇقلىشىپ بارماقتا ئىدى، دەريانىڭ ئىككى قىرغىقىدىكى شالدىراق، پوزمانلار تەبىئىي قاشا ھاسىل قىلغانىدى.

قىيا ئۇستىدە ئۆسۈپ قالغان بىر تۈپ دەرەخ كۆك ئاسمان

بويى شاخ - نوتىلىرىنى بەھۇزۇر يايغانىدى، بىز ئۇنىڭ قەيسەرلىكىگە ئاپىرىن ئوقۇغاچ بىر قولتۇقتىن ئەگىپ ئۆتكەن ۋاقتىمىزدا، بۇككىدە ئۆسكەن قەدىمىي ئورمانلىققا چىقىپ قالدۇق.

بىز قالايمىقان يېيىلغان تاشلارنى دەسسەپ، مۇدۇرۇپ - پۇتلىشىپ دېگۈدەك مېڭىپ ئورمانلىققا كىردۇق. دەرەخلەر بىر - بىرىگە چىرمىشىپ كەتكەن، خۇددى سەپ تۈزگەن ئەسكەرلەردەك ھەيۋەت بىلەن تۇراتتى. ئەنە قىياتاش يېنىدىكى ئاۋۇ ئىككى دەرەخ ئەر - خوتۇنلارغا ئوخشايدۇ؛



ئاۋۇ بىرى چوڭ، بىرى كىچىك دەرەخ بالىسىنى ھىمايە قىلىۋاتقان ئانا - بالىغا ئوخشايدۇ. ئادەمنى ئەڭ ھەيران قالدۇرغىنى ئىككى ئادەمنىڭ قۇچىقى يەتمەيدىغان قەدىمىي دەرەخ بولۇپ، يىرىلغان قوۋزاقلىرى بۆرتۈپ چىققان، يىرىقلىرىنىڭ چوڭقۇرلۇقى 5 سانتىمېتىردىن كەم ئەمەس، قارىماققا نۇرغۇن ئىسسىق - سوغۇقنى باشتىن ئۆتكۈزگەن يۇز ياشلىق مويسىپىتقا ئوخشايدۇ. بولۇپمۇ كىشىنىڭ دىققىتىنى ئەڭ تارتىدىغىنى كۇنلۇككە ياكى موگۇغا ئوخشايدىغان شاھ تاجىسى بولۇپ، زىچ ئۆسكەن نوتىلىرى بىجىرىم، ناۋادا ياز پەسلى ئۇنىڭ ئاستىدا تۇرۇپ مۇزلۇق تاغ چوققىلىرىغا نەزەر تاشلىغاچ سۇنىڭ شىلدىرلاشلىرىنى، قۇشلارنىڭ ناۋالىرىنى، پادىچىلارنىڭ ناخشىلىرىنى ئاڭلايدىغان بولسا، كىشىنىڭ كۆڭلى ئازادىلىككە تولۇپ بىھېساب راھەتلىنىدۇ.

نەزىرىمىز دەرەخنىڭ يىلتىزىغا چۈشكەندە قەلبىمىز زىلزىلىگە كەلدى، قوپال شېغىللار، قالايمىقان ياتقان تاشلار ئارىسىدىن توپا دىدارىنى تاپقىلى بولمايتتى، ئەمما ئۇ قەيسىرانە ئىرادىسى بىلەن مۇزات دەرياسىنىڭ نەمدىشىگە تايىنىپ، قەھرىتان سوغۇق ۋە تومۇز ئىسسىقنىڭ قىيناشلىرىغا بەرداشلىق بېرىپ، يۇمران كۆچەت ۋاقتىدىن باشلاپ نەچچە ئەسىرلىك ئىسسىق-سوغۇقنى باشتىن كەچۈرۈپ، مۇزات دەرياسىنىڭ كەچمىشلىرىگە شاھىت بولۇپ، مانا كۆككە تاقاشقۇدەك چوڭ دەرەخكە ئايلىنىپتۇ.

زىيارەتتە بىللە بولۇۋاتقان باي ناھىيىلىك ئورمانچىلىق ئىدارىسى مەسئۇلىنىڭ تونۇشتۇرۇشىچە، بۇ قەدىمىي ئورمان ئەللىك كىلومېتىر يەرگىچە سوزۇلغان بولۇپ، مۇز داۋان قاپتىلىغىچە بارىدىكەن، بىرەر ئىنساننىڭ ئورمان تىككەنلىك ئىزناسىنى كۆرگىلى بولمايدىكەن. بۇ دەرەخلەر قۇرغاقچىلىققا ۋە سوغۇققا چىدامىلىق بولۇپ، دەرەخ غولى سۇس كۆل رەڭ، يوپۇرمىقى تۆمۈنە شەكىللىك، چوڭراقلىرىنىڭ غولىغا ئىككى ئادەمنىڭ قۇچىقى ئاران يېتىدىكەن. دەرەخ قوۋزىقىدىكى يىل ھالقىسىغا قاراپ ھېسابلىغاندا ، كۆپىنچە دەرەخلەرنىڭ ئۆمرى ئىككى يۈز يىلدىن ئاشقان بولۇپ، بۇخىل دەرەخلەر كۆپىنچە خۇاڭخې دەريا ۋادىسىدىكى تاغلىق رايونلاردا ئۆسىدىكەن. شىنجاڭدا ناھايىتى ئاز ئۇچرايدىكەن.

## ئاق قۇلارنىڭ ماكانى

مۇزات دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىنىدىن ئايرىلىپ «ئاق قۇ ماكانى» دەپ نام ئالغان مۇزات دەرياسىنىڭ سۇلۇق تۈپرىقىغا قاراپ

يول ئالدۇق. تاغ ئېغىزىدىن چىقىشىمىزغا دەريا قىنىمۇ نەچچە يۈز مېتىر كېڭىيىپ، سۇنىڭ ئېقىشىمۇ ئاستىلاپ قالغانىدى.

ياقېرىق بازىرىدىن ئۆتكەندىن كېيىن يول يۈرۈشىمىز تېخىمۇ قىيىنلاشتى، چوڭ-كىچىك ئورەكلەرنىڭ تولىلىقىدىن ماشىنا قەدەممۇ-قەدەم بىر سىلكىنەتتى. بىز ماشىنىدىن چۈشۈپ پىيادە ماڭدۇق، ئايىغىمىزدىكى يەر لۆمشۈپ تۇراتتى. لىۋبىنىنىڭ دېيىشىچە، ھەر يىلى ئەتىياز ۋە يازدا مۇزات دەريا ۋادىسىدىكى سۇلۇق يەرلەرنىڭ ھەممىسى مۇشۇنداق لۆمشۈپ كېتىدىكەن، بۇنىڭدىكى سەۋەب يەر ئاستى سۈيىنىڭ ئورنى يۇقىرى بولغانلىقتا ئىكەن.

بىر سائەتتىن كۆپرەك ماڭغاندىن كېيىن سۇ يۈزى تېخىمۇ كېڭىيىپ، ئادەم بويىدىن ئېگىز ئۆسكەن قومۇشلۇق ۋە يېكەنلەر نەزىرىمىزگە تاشلاندى. يېقىن بېرىپ قارىساق قومۇشلۇقنىڭ



ئاستىدا سۈپسۈزۈك سۇ ئېقىۋېتىپتۇ، بېلىقلار پىلتىڭلاپ ئۈزۈپ يۈرۈپتۇ.

بېلىقلار سۈزۈكلۈكىدىن دەريانىڭ ئاستى كۆرۈنگۈدەك سۇدا بەخىرامان ئۈزۈپ يۈرمەكتە. ئاق قۇ ۋە ياۋا ئۆردەكلەر سۇ يۈزىدە

ئۇسسۇلغا چۈشمەكتە، يېكەن، قومۇشلار سۇرەتتەك تۇرماقتا، بۇ مەنزىرە بىزنى مەستخۇشلاندۇرماقتا ئىدى.

پايانسىز كەتكەن تۈت ئەتراپ، دەريا تۇسمىسىنى دەسسەپ ئاستا كېتىۋاتىمەن، سۇنىڭ يېنىك شىلدىرلاشلىرى قۇلىقىمغا كىرمەكتە، كۆكسۈمگە تولدۇرۇپ ساپ ھاۋا سۈمۈرمەكتىمەن، ئىللىق قۇياش نۇرى ئۇستۈمگە چۈشمەكتە، بىرخىل ئارامبەخشلىك ھۇجەيرىلىرىمگە تارىماقتا...

قومۇشلار سۇ يۈزىنى چوڭ-كىچىك سازلىققا پارچىلىۋەتكەن، تاغ يىراقتىن سۇس كۆرۈنىدۇ، ياپيېشىل قومۇشلارنىڭ سايىسى ئەكس ئېتىدۇ، بۇ مەنزىرە گويا بىر پارچە گۈزەل مەنزىرە رەسىمگە ئوخشايتتى. دۇربۇن ئارقىلىق دەريا قولتۇقىغا قارىساق، ئاق قۇلارنىڭ بەزىلىرى سۇدىكى ئەكسىگە قاراپ تارىنىۋېتىپتۇ، بەزىلىرى بېشىنى قانىتىنىڭ ئاستىغا تىقىۋېلىپ ئۇيقۇغا كېتىپتۇ، بەزىلىرى كۆكتە پەرۋاز قىلىۋېتىپتۇ.

بۇ مەنزىرىنى كۆرۈپ ھاياجانغا تولدۇق، فوتو ئاپپاراتىنى كۆتۈرۈپ نەپەسمۇ چىقارماستىن ئۇلارغا يېقىنلاشتۇق. ئاق قۇلارنىڭ بەزىلىرى ئوت-چۆپ ئارىسىدا ياتاتتى، بەزىلىرى پەيلىرىنى تاراۋاتاتتى، بەزىلىرى بەخىراماں ئۈزۈپ يۈرەتتى. ئۇزۇنچاق بوينى، ئاپئاق ماموقلىرى كۆزگە ئالاھىدە تاشلىناتتى. ئاپپاراتنى ئۇستۇن قىلىشىمىزغا ئاق قۇلار چۆچۈشۈپ قاناتلىرىنى پۇلاڭلاتقىنىچە ئۇچۇپ كەتتى.

ھەي ئاق قۇلار، سىلەر تەبىئەتنىڭ باللىرى، ئەركىنلىكنى سۆيگۈچى پەرىشتىلەر، سىلەر ھاياتلىق غوۋغالىرىدىن يىراق تۇرۇپ تەبىئەتكە يېقىنلىشىسىلەر، كۆكتە پەرۋاز قىلىش سىلەرنىڭ ئۈمۈرلۈك ئىنتىلىشىڭلار! مۇشۇلارنى ئويلىغىنىمدا سۇرەتكە تارتىۋالالمىغاندىكى ئەپسۇسلۇقلىرىم نەلەرگىدۇر يوقالدى.

ئاق قۇلار كېتىشكە ياۋا ئۆردەكلەرنىڭ غاقىلدىشى ئاڭلاندى،

سەل نېرىغا قاراپ ياۋا ئۆردەكلەرنىڭ كۆپلۈكىدىن ئاغزىمىزنى ئېچىپلا قالدۇق. ئەتراپىنى قومۇش ئورىغان سۇ يۈزىنىڭ كۆز يەتكۈدەكلا يېرىدە توپ-توپ ياۋا ئۆردەكلەر ئۈزۈشۈپ يۈرەتتى، رەڭگى بوزغا مايىل بولۇپ، ئاق قۇلاردەك قورقۇنچاق ئەمەس ئىدى. بىز ھەرقانچە دەخلى قىلىسىڭىزمۇ بەخىراماننى ئويۇننى ئويناۋېرەتتى. مەن بىر تاشنى ئېتىپ ئۈركۈتۈپ باقتىم، ئۇلار ئۇچۇپ كەتمەستىن تېخىمۇ يىراققىراق ئۈزۈپ بېرىۋالدى. بىز قىقاس-چۇقان سالغاندىلا ئۇچۇپ كۆككە كۆتۈرۈلگەن بولسىمۇ، شۇ دائىرىنى بىر ئايلىنىپ كېلىپ ئەسلىي تۇرغان سۇ يۈزىگە قوندى.

بىز بۇ تاماشىدىن ھۇزۇرلىنىپ تۇرغىنىمىزدا ئاسماندا بىر توپ قاقىر بۈرجەك سەپ بويىچە ئۇچۇپ ئۆتتى، ئۇلار قارىسى كۆرۈنمىگۈدەك جايغا بېرىپ بولغاندا يەنە ئارقىسىغا قايتىپ ئۇچۇپ كېلىپ، سۇ يۈزىگە قوندى، قارىغاندا ئۇلارنىڭمۇ مۇشۇ گۈزەل ماكانغا مېھرى چۈشۈپ قالغاندەك قىلىدۇ.

باي ناھىيىلىك ئورمانچىلىق ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى تاڭ خۇا كەيپى چاغ ھالدا مۇنداق دېدى:

—بۇ يەردە بۇلبۇل، سوپىسوپىياڭ، تورغاي قاتارلىق قۇشلارنى كۆرگىلى بولىدۇ، يوغانباش بېلىق، ئۇزۇن تۇمشۇق بېلىق قاتارلىقلار سۇدا پىلتىڭلاپ تۇرىدۇ، ساپ ھاۋا، تىنچ ماكان، قۇشلارنىڭ ناۋاسى تەننى يايرىتىۋېتىدۇ.

## شىنجاڭ يوغانباش بېلىقىنىڭ ئاخىرقى ھاياتلىق بەلۋېغى

ئىككى يۈز يىل مۇقەددەم ئوقۇمۇشلۇق جى شياۋلەن قايدۇ

دەرياسى بويىدا شىنجاڭ يوغانباش بېلىقىغا ئېغىز تەگكەندە شۇنداق ماختىغانىكەن. چىڭ سۇلالىسىنىڭ چيەنلۇڭ يىللىرىدا ئۆتكەن بۇ داڭلىق شائىر، ئۇ ئالەمگە كېتىپ ئىككى ئەسىر ئۆتەر-ئۆتمەيلا ئۆزى ئېغىز تېگىپ ماختاپ كەتكەن يوغانباش بېلىقىنىڭ نەسلى قۇرۇش گىردابىغا بېرىپ قالغانلىقىنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرمىگەن بولغىيتتى-ھە! ئادەمنى ئەپسۇسلاندۇرىدىغىنى ئۇزۇنلۇقى 80 سانتىمېتىر كېلىدىغان بېلىقنى چېلىقتۇرغىلى بولمايدۇ، ئەڭ ئۇزۇنلىرىمۇ 20 سانتىمېتىردىن ئاشىدۇ.

مەخسۇس شىنجاڭ يوغانباش بېلىقى تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان رېن مۇليەن پروفېسسورنىڭ قارىشىچە، ھازىر مۇزات دەرياسى ۋادىسىنى شىنجاڭ يوغان باش بېلىقىنىڭ ئاخىرقى ھاياتلىق بەلۋېغى دېسە بولىدىكەن.

دەريا بويلاپ تۆۋەنگە مېڭىۋەردۇق، سۇنىڭ دائىرىسى كېڭەيگەن، سازلىقلار



قەدەمدە بىر تارقالغان، دەريانىڭ ئىككى قىرغىقىغا بۇككىدە ئوت-چۆپلەر ئۆسۈپ كەتكەنىدى. سەپەر ئۈستىدىكى قاقىر، تۇرنىلار تۇرۇپ بېشىنى پەس قىلىپ ئۇزۇق ئىزدىسە، تۇرۇپ ئۇسسۇلغا چۈشۈپ بۇ يەرنىڭ گۈزەل مەنزىرىسىگە تېخىمۇ جان كىرگۈزەتتى.

بۇ يەردىمۇ يوغانباش بېلىق بارمىدۇ، دېگەن گۇمان بىلەن دەريا بويىدىكى بىر دېھقاننىڭ كۆلبىسىگە كەلدۇق. قارلىغاچ تام

قىلىپ سېلىنغان بۇ ئۆي قارىماققا سېلىنغىنىغا 50 يىل بولغاندەك قىلاتتى، يۇلغۇن چىتلاق بىلەن ھويلا ئورنىدا قورشالغانىدى. ھويلىدا بىر قارا ئىت ھاۋ-ھاۋ قىلىپ قاۋاپ كەتتى، تامغا يۆلەپ قويۇلغان قېيىق دىققىتىمىزنى ئالاھىدە تارتتى. قېيىق دېگىنىمىز بىلەن ئەمەلىيەتتە چوڭ ياغاچنىڭ غولىنى ئويۇپ ياسالغان قولۋاق ئىدى. بۇ ئائىلىنىڭ بۇرۇنلاردا بېلىقچىلىق قىلىپ تۇرمۇش كەچۈرگەنلىكىنى قىياس قىلىش تەس ئەمەس ئىدى.

ئىتنىڭ قاۋىشىنى ئاڭلاپ چاچ-ساقاللىرى ئاقارغان بىر بوۋاي ئالدىمىزغا چىقتى، ئۇزۇن يىل دەريا بويىدا يۈرگەچكىمىكىن، بوۋاينىڭ يول-يول قورۇق باسقان يۈزى شامال يالاپ قارىداپ كەتكەنىدى.

-مەن دەريا بويىدا تۇغۇلۇپ ئۆسكەن،- دېدى بوۋاي. ئۇ كىچىك ۋاقتىدا كۆرگەن مۇزات دەرياسى ھازىرقىدىن كۆپ چوڭ ئىكەن، دەريانىڭ ئىككى قىرغىقىدىكى نۇرغۇن كىشىلەر بېلىقچىلىق بىلەن ئائىلىسىنى قامدايدىكەن، دەريادىكى بېلىقنىڭ كۆپلۈكىدىن سۇۋەتنى چۆكتۈرۈپ بىرلا ئالسا بېلىق چىقىدىكەن، ھەرقانچە تۇتقان بىلەنمۇ، بېلىقنىڭ ئازلىغىنىنى بىلگىلى بولمايدىكەن.

بوۋاي كۆلۈپ تۇرۇپ مۇنۇلارنى ھېكايە قىلىپ بەردى: ئۇن نەچچە ياش ۋاقىتلىرىدا ئۇ مەھەللىدىكى باللار بىلەن قوي باقىلى چىققاندا سەرەڭگە ۋە تۇز ئېلىۋالىدىكەن، چۈش بولۇپ قورساق ئاچقاندا بىرنەچچىسى دەرياغا سەكرەيدىكەن-دە، ئۇزاق ھەپىلەشمەيلا يوغان بېلىقتىن بىرنەچچىنى تۇتۇۋالىدىكەن، بېلىققا تۇز سېپىپ، يۇلغۇن زىخقا ئۆتكۈزۈپ، ئوتقا قاقلاپ كاۋاپ قىلىدىكەن، قورسىقىمۇ مەززىلىك تائام بىلەن تويىدىكەن، ئۇ چاغلاردا ئاشۇ پادىچى باللارنىڭ چۈشلۈك تامىقى پۈتۈنلەي بېلىق

بولىدىكەن.

ھازىرقى ئەھۋال ئۈستىدە گەپ بولغاندا بوۋاينىڭ چىھرىدىكى كۈلكە ئۆچتى، بىردەم جىم بولۇپ قالغاندىن كېيىن ئالدى تەرەپنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ:

ــ دەريادا ھازىرمۇ يوغانباش بېلىق بار، لېكىن بەك ئازلاپ كەتتى، قېنى بېرىپ كۆرۈپ باقايلى، ــ دېدى. بىز ئۇنىڭغا ئەگىشىپ دەريانىڭ بىر قولتۇقىغا كەلدۇق، نۇرغۇن بېلىقچىلار ئۇيان ـ بۇيان ئۈزۈشۈپ يۈرۈپتۇ.

ــ قاراڭلار ئاۋۇ بېلىققا!

بىز بوۋاي كۆرسەتكەن جايغا قارىدۇق، باشقا بېلىقچىلاردىن سەل چوڭراق بىر بېلىقچان خېلى تېتىك كۆرۈنەتتى ، ئۇزۇنلۇقى بەش سانتىمېتىرچە كېلەتتى، تېنىدىن بېشى چوڭراق ئىدى، بىردەمدىن كېيىن ئۇ كۆزدىن غايىب بولدى، باشقا بېلىقچىلار ئادەمدىن ئۈركۈمەسە كېرەك، تېيىز يەرلەردە ئاپتاپتىن بەھرىلەنگەچ قېيغىتىپ يۈرەتتى.

شىنجاڭ يوغانباش بېلىقى دۇنيادا ھازىر بار بولغان قوش قورساق بېلىقلار ئىچىدىكى قەدىمىي ئەتىۋارلىق تۈر بولۇپ ، پەقەت تارىم دەريا سۇ سىستېمىسىدا ساقلىنىپ قالغان، ئىنتايىن يۇقىرى ئىقتىسادىي قىممەتكە ۋە ئىلمىي تەتقىقات قىممىتىگە ئىگە. 20 ـ ئەسىرنىڭ 50 ــ 60 ـ يىللىرىدا شىنجاڭ يوغانباش بېلىقى تارىم دەريا سۇ سىستېمىسى ۋە باغراش كۆلى سۇ سىستېمىسىدىكى ئاساسلىق بېلىق تۈرلىرى بولۇپ، ئېتى قېلىن ھەم مەززىلىك بولغاچقا، شۇ يەردىكى دېھقان، چارۋىچىلار تۇتىدىغان ئاساسلىق بېلىق تۈرى بولۇپ قالغان. كۆپلەپ تۇتقانلىقتىن ئالدىنقى ئەسىرنىڭ 80 ـ يىللىرى نەسلى قۇرۇشقا باشلىغان. شىنجاڭ يوغانباش بېلىقىنىڭ نەسلىنى قۇرۇتىدىغان يەنە بىر سەۋەب شۇكى، تارىم دەرياسى تارماق ئېقىنىدا توختاۋسىز

سۇ ئىنشائاتى قۇرۇلۇشى قىلغانلىقتىن، ئېقىنغا قارشى ئۆزۈپ بېرىپ تۇخۇملايدىغان بۇخىل بېلىقنىڭ قايتىش يولى ئۈزۈپ تاشلانغان. ئۇنىڭدىن باشقا، كۆپىيىش نىسبىتىنىڭ تۆۋەن بولۇشى، يېتىلىش مەزگىلىنىڭ ئۇزاق بولۇشى قاتارلىقلارمۇ نەسلى قۇرۇپ كېتىشىنىڭ سەۋەبلىرىدىندۇر.

2003 ـ يىلى 5 ـ ئايدا ئاپتونوم رايونلۇق سۇ مەھسۇلاتلىرى مەمۇريي باشقۇرۇش تارمىقى ئالاقىدار تارماقلار بىلەن بىرلىكتە شىنجاڭ يوغانباش بېلىقىنى بىر نۆۋەت تەكشۈرۈپ، بۇخىل بېلىقنىڭ پەقەت مۇزات دەرياسىنىڭ تۆۋەنكى ئېقىنىدىكى قىزىل سۇ ئامبىرىدىلا ساقلىنىپ قالغانلىقىنى، ھازىر نەچچە يۈزىلا بارلىقىنى، نەسلى قۇرۇپ كېتىشتەك خەۋپلىك ئەھۋالدا قالغانلىقىنى ئېلان قىلغان.

تەلىيىمىزگە يوغانباش بېلىقنىڭ ياشاش ئەھۋالى دۆلەتلىك سۇ ۋە مۇھىت ئاسراش تارماقلىرىنىڭ دىققىتىنى تارتتى، نۆۋەتتە ئالاقىدار تارماقلار شىنجاڭ يوغانباش بېلىقىنى تەتقىق قىلماقتا ۋە سۈنئىي كۆپەيتمەكتە. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا «ياۋايى ھايۋانلارنى قوغداش قانۇنى» تەشۋىقاتى كۈچەيتىلگەنلىكتىن، كىشىلەرنىڭ بۇ ئەتىۋارلىق ياۋايى ھايۋان بايلىقىنى قوغداشقا بولغان ئاڭلىقلىقى ئۆستى.

## ئۇلۇغۋار پىلان

باي ناھىيىلىك ئورمانچىلىق ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى تاڭ خۇانىڭ دېيىشىچە، سۇلۇق يەر ئېكولوگىيە سىستېمىسى تۇپراق، سۇ، ئۆسۈملۈك، ھايۋانات ۋە مىكرو جانلىقلاردىن شەكىللىنىدىكەن، ئۇلار تەشكىل قىلغان بىئولوگىيىلىك زەنجىر

ئۆزئارا ئايلىنىش رولىغا ئىگە ئىكەن، بۇلغانمىلارنى چۆكتۈرۈش، سۇ مەنبەسىنى ئوزۇقلاندۇرۇش، سۇنى ساپلاشتۇرۇش ئىقتىدارىغا ئىگە ئىكەن. سۇلۇق يەرلەر يەرشارىنىڭ بۆرىكى، تەبىئىي سۇ ئامبىرى ۋە تەبىئىي جانلىقلار ئامبىرى دېيىلىدىكەن. ئۇ سۇنىڭ ئايلىنىشى، جانلىقلارنىڭ كۆپ خىللىشىشى ۋە يەرشارى تېمپېراتۇرىسىنىڭ ئىسسىپ كېتىشى قاتارلىق ئۇچۇرلار بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك ئىكەن.

—بۇرۇن كىشىلەر سۇلۇق يەرلەرنىڭ مۇھىملىقىنى بىلمەيتتى، ھەمىشە ئۇنداق يەرلەرنىڭ سۇيىنى چىقىرىۋېتىپ ئاشلىق تېرىيدىغان قۇرغاق يەرلەرگە ئايلاندۇرۇۋېتەتتى،— دېدى تاڭ خۇا.— ئالدىنقى ئەسىرنىڭ 70 - يىللىرىدا ئېچىپ پايدىلىنىلغانلىقتىن، مۇزات دەريا ۋادىسىدىكى سۇلۇق يەرلەر 50% ئازىيىپ كەتتى.

يېقىنقى يىللاردا، بىرقىسىم جايلار سۇلۇق يەرلەرنى كولاپ بېلىق كۆلى قىلدى، بىنەم ئېچىپ يەر تېرىدى، دەريا



ساھىلىدىكى چاتقاللارنى كولىۋەتتى، بۇنىڭ بىلەن ئېقىنىدىكى سۇلۇق يەرلەرنىڭ كۆلىمى كۈندىن - كۈنگە ئازلاپ ئېكولوگىيىلىك

مۇھىت ئېغىر بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىدى. مۇزات دەريا ۋادىسىنىڭ سۇلۇق يەر ئېكولوگىيىسىنى ياخشىلاش ئۈچۈن باي ناھىيىسى كەلگۈسى ئون يىلدا مۇزات دەريا ۋادىسىنىڭ ئېكولوگىيىسىنى قوغداش ۋە ئەسلىگە كەلتۈرۈش رايونى قۇرۇشنى پىلانلىدى.

تاڭ خۇانىڭ تونۇشتۇرۇشىچە، مۇزات دەرياسى ئېقىنىدىكى سۇلۇق يەرلەر جەنۇبىي شىنجاڭدىكى مۇھىم سۇلۇق يەرلەرنىڭ بىرى بولۇپ، ۋادا كۆلىمى 2865 كۋادرات كىلومېتىر كېلىدىكەن، ۋادىغا 79خىل يۇقىرى دەرىجىلىك ئۆسۈملۈك، 161خىل ياۋايى ھايۋان تارقالغان (بۇنىڭ ئىچىدە دۆلەت تەرىپىدىن بىرىنچى دەرىجىلىك قوغدىلىدىغان ھايۋان 3خىل، ئىككىنچى دەرىجىلىك قوغدىلىدىغان ھايۋان 23خىل). مۇزات دەريا ۋادىسىدىكى سۇلۇق يەرلەر كىلىماتنى تەڭشەش، كەلكۈننى تىزگىنلەش، مۇھىتنى پاكىزلاش، جانلىقلارنىڭ كۆپ خىللىقىنى ساقلاشتا مۇھىم رولغا ئىگە.

باي ناھىيىلىك پارتكوم، خەلق ھۆكۈمىتى «مۇزات دەريا ۋادىسىدىكى سۇلۇق يەرلەرگە بولغان باشقۇرۇش ۋە ئەسلىگە كەلتۈرۈش خىزمىتىنى يەنىمۇ كۈچەيتىش توغرىسىدا قارار»نى تۈزۈپ تارقاتتى، قارداردا ناھىيە ئىچىدىكى بارلىق سۇلۇق يەرلەرنى ئېچىپ ئىگىلەش بىردەك چەكلىنىدىغانلىقى، ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ تەستىقىسىز سۇلۇق يەرنى ئېچىپ ئىگىلىسە ياكى باشقا ئىشقا ئىشلەتسە، قانۇن بويىچە قاتتىق جازالىنىدىغانلىقى، يېزا-بازارلار سۇلۇق يەر ئېكولوگىيىسىنى بۇزغۇنچىلىققا ئۇچراتسا، ئاساسلىق مەسئۇل رەھبەرنىڭ مەسئۇلىيىتى قاتتىق سۈرۈشتە قىلىنىپ ناھىيە بويىچە ئومۇمىي ئۇقتۇرۇش قىلىنىدىغانلىقى ئېنىق كۆرسىتىلدى.

شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، باي ناھىيىسى يېزا-بازار، مەيدانلار ۋە ئالاقىدار ئورۇنلارنىڭ مۇۋاپىق كېلىدىغان جايلاردا تېزدىن سۇلۇق يەر قوغداش رايونى قۇرۇشنى، بولۇپمۇ ئېكولوگىيىلىك ئورنى مۇھىم ياكى

ئېغىر بوزغۇنچىلىققا ئۇچرىغان سۇلۇق يەرلەردە قوغداش رايونى ئايرىپ ئۇنۇملۇك قوغدىشىنى تەلەپ قىلدى.

سۇلۇق يەر تەبىئىيلىكى قوغدىلىدىغان رايون قۇرۇشنىڭ ئەھمىيىتى زور،ــ دېدى تاڭ خۇا،ــ بۇندىن كېيىن باي ناھىيىسى سۇ بايلىقىنى تەڭشەپ تەقسىملەش ۋە باشقۇرۇشنى كۈچەيتىش ئارقىلىق، چېكىنىپ كەتكەن سۇلۇق يەرلەرنى ئومۇميۈزلۈك ئەسلىگە كەلتۈرۈپ، ۋە تۈزەپ، سۇلۇق يەر ئېكولوگىيىسىنى ياخشىلاپ، سۇلۇق يەردىن سىجىل پايدىلىنىشنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، ھايۋاناتنىڭ جەننىتىنى قۇرۇپ چىقىدۇ.

دەريا بويىدا نەچچە ئون يىل قوي باققان چارۋىچى تۇرغۇن نىياز مۇخبىرغا ئۆزىنىڭ ئەللىك نەچچە قويى بارلىقىنى، چارۋىدىن قىلىدىغان يىللىق كىرىمى ئون مىڭ يۈەندىن ئاشىدىغانلىقىنى، ناھىيىنىڭ مۇزات دەريا ۋەدىسىدا سۇلۇق يەر قوغداش رايونى قۇرغانلىقىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، ھۆكۈمەت كۆرسىتىپ بەرگەن باقمىچىلىق رايونىغا كۆچۈپ كەتمەكچى بولغانلىقىنى، بۇ ئارقىلىق مۇزات بويىدىكى سۇلۇق يەرلەرنى قوغداش ئۈچۈن كۈچ چىقارماقچى ئىكەنلىكىنى ئېيتتى.

ــ بۇ يەرنىڭمۇ ئارام ئالىدىغان ۋاقتى بولۇپ قالغان،ــ دېدى تۇرغۇن نىياز دەرياغا قاراپ تۇرۇپ :ــ قوي باقالمىساق ئەلۋەتتە كۆڭلىمىز يېرىم بولىدۇ، لېكىن مۇزات دەرياسىنىڭ گۈزەل سازلىقلىرى بولمىسا تېخىمۇ ئازابلىنىمىز.

مۇزات دەرياسىغا قارىغىنىمىزدا چۆلتاغنىڭ ھەيۋەت گەۋدىسى سۇ يۈزىدە ئەكس ئېتەتتى. سۇلۇق يەرنىڭ ئالاھىدە تەبىئىي مەنزىرىسى كۆڭۈلنى ئازادىلەشتۈرەتتى. مۇزات دەريا ئېقىنىدىكى ئادەم بىلەن تەبىئەتنىڭ ئىناق بىر گەۋدە ئۆتۈشىدەك ئاجايىپ گۈزەل مەنزىرىنىڭ بالدۇرراق ئەمەلگە ئېشىشىغا تىلەكداشلىق بىلدۈرۈپ سەپىرىمىزنى ئاخىرلاشتۇردۇق.

ئېھ: گۈزەل مۇزات دەرياسى! سېنىڭ كەلگۈسۈڭ تېخىمۇ گۈزەل بولسۇن!

# مۇزات ۋادىسىدىكى تۆھپىكار ئوغلان

*20 - ئەسىرنىڭ 80 - يىللىرىدىن باشلاپ، بىر ئوتتۇرا ياشلىق ئۇيغۇر يىگىتى مۇزات ۋادىسىدا، ئات - ئېشەك ۋە ۋېلىسىپىت مىنىپ، باي ناھىيىسىنىڭ چوڭ - كىچىك يېزا - كەنتلىرىنى كېزىپ، خەلق ئىچىگە تارقالغان خەلق ئەدەبىياتى مىراسلىرىنى توپلىدى.*

*ھايات دېمەكتۇر — قۇربان بېرىش، ئېرىشىش، تەقدىم قىلىش دېمەكتۇر.*

(يانچۇق دەپتىرىمدىكى كۆچۈرۈلمىلەردىن)



ئىلغار مەدەنىيەت — جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ يۆنىلىشىگە ۋەكىللىك قىلىدۇ. ئىلغار مىللىي مەدەنىيەت مىراسلىرىنى

قېزىپ، رەتلەپ، كېيىنكىلەر ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇپ، كىشىلەرنى يېتەكلەش، تەربىيىلەش ئىنسانلاردا بولۇشقا تېگىشلىك بىرخىل پەزىلەت. لېكىن بۇنداق پەزىلەت ھەممە ئادەمدە بولمىسا كېرەك. بۇنىڭ ئۈچۈن ئادەمدە مۇستەھكەم ئىرادە، جاپا-مۇشەققەتتىن قورقمايدىغان، خالىس تۆھپە قوشۇش روھى بولۇشى كېرەك. قەييۇم مەمتىمىن ئەنە شۇنداق مۇستەھكەم ئىرادىگە، جاپا-مۇشەققەتتىن قورقمايدىغان، خالىس تۆھپە قوشۇش روھىغا ئىگە ئادەم. ئۇ خىزمەتكە قاتناشقان 42 يىلدىن بۇيان ھاياتىنى باي ناھىيىسىنىڭ ئاممۋى مەدەنىيەت خىزمىتىنى جۇملىدىن خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى مىراسلىرىنى قېزىش، رەتلەش، نەشر قىلدۇرۇش، ئاپتورلار قوشۇنى قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، نادىر ئەدەبىيات-سەنئەت ئەسەرلىرىنى كۆپلەپ بارلىققا كەلتۈرۈش، خەلققە بىلىم-مەدەنىيەت تارقىتىش قاتارلىق ناھىيىنىڭ ئۈچ مەدەنىيلىك قۇرۇلۇش تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈشتەك ئۇلۇغۋار شەرەپلىك ئىشقا سەرپ قىلىپ، باي ناھىيىسىنىڭ مەدەنىيەت-سەنئەت خىزمىتىگە زور تۆھپە قوشتى. ئاپتونوم رايون قەييۇم مەمتىمىنگە خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى توپلاملىرى ناھىيە توپلاملىرىنى تۈزۈش خىزمىتىدىكى ئىلغار خىزمەتچى دېگەن شەرەپنى بەردى. قەييۇم مەمتىمىن يەنە ناھىيە تەرىپىدىن 10نەچچە قېتىم «ئىلغار خىزمەتچى»،«مۇنەۋۋەر پارتىيە ئەزاسى» بولۇپ تەقدىرلەندى. بىرقىسىم ئەسەرلىرى مۇكاپاتقا ئېرىشتى.

## قەييۇم مەمتىمىن كىچىكىدىن باشلاپلا خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىغا ئىشتىياق باغلىغان

قەييۇم مەمتىمىن 1946 ـ يىلى يىپەك يولىدىكى مۇھىم ئۆتەڭ ـ باي ناھىيىسىنىڭ سايرام يېزىسى يېڭىباغ كەنتىدە ئوقۇمۇشلۇق دېھقان ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. ئۇ كىچىكىدىن باشلاپلا خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىغا ئىشتىياق باغلاپ، ئۆز مەھەللىسىدىكى خەلق سەنئەتكارلىرىدىن خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنى ئاڭلايدۇ. خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى بىر ئادەم ئېيتىپ كۆپ ئادەم ھۇزۇرلىنىدىغان بىرخىل سەنئەت شەكلى بولۇپ، بۇ خىل سەنئەت شەكلىدىن قەييۇم مەمتىمىن قاتتىق ھۇزۇرلىنىدۇ.

قەييۇم مەمتىمىن مۇنداق دەيدۇ: «مەزمۇنى مول، يېقىملىق، تۇرمۇش ھېسسىياتىغا تويۇنغان خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى كىشىنى مەپتۇن قىلىدۇ. » قەييۇم مەمتىمىن كىچىك ۋاقىتلىرىدا خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىغا ھېرىسمەن بولۇپ، مەكتەپتىن قايتىپ كېلىپلا دائىم خەلق سەنئەتكارلىرىنىڭ ئۆيىگە بېرىپ ئۇلاردىن خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ئېيتىپ بېرىشنى ئۆتۈنىدىكەن، خەلق سەنئەتكارلىرىنىڭ ئىشى چىقىپ قالغاندا ئۇ ئۆز ئارزۇسىغا يېتىش ئۈچۈن، ھەقسىز پادا بېقىپ بېرىشنى تەلەپ قىلىدىكەن،شۇنىڭ بىلەن خەلق سەنئەتكارلىرى ئۇنىڭ تەلىپىنى رەت قىلىشقا ئامالسىز قالىدىكەن. ئۇ يەنە قوشنا كەنتلەردە مەشرەپ، ھېكايە ئېيتىشىش بولىدىغانلىقىنى ئاڭلاپلا قالسا، قانچە يىراق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر دوستلىرى بىلەن بارىدىكەن.

قەييۇم مەمتىمىن چوڭ بولغاندىن كېيىن، قويۇق مىللىي مەدەنىيەت تۈسى ئالغان خەلق ئەدەبىياتى تۇرمۇش پۇرىقىنىڭ موللىقى، قىزىقارلىقى، تەربىيۋى ئەھمىيەتكە ئىگە ئىكەنلىكى بىلەن ئۇنى خەلق ئەدەبىياتى تەتقىقاتىغا باشلاپ كىردى. ئۇ يەنە ئارۇز ۋەزنى شېئىر شەكلىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىپ، تەدرىجىي ھالدا ئۇنىڭ ئۇزۇن ـ قىسقا ئۇداردىن ھاسىل قىلىنىپ ئوخشاش بولمىغان رىتىمنى شەكىللەندۈرىدىغانلىقىنى، ئۇزۇن ـ قىسقا

ئۇدارلار بىرىكىپ، يېقىملىق مۇزىكا ھېسسىياتى بېرىدىغانلىقىنى، بۇنىڭ دېكلاماتسىيە قىلىپ ئوقۇشقىمۇ، مۇزىكا ئىشلەشكىمۇ بولىدىغانلىقىنى ئەستايىدىل ئۆگەندى، شۇنداقلا ئىخچام، مول مەزمۇنلۇق رۇبائىي شېئىر شەكلىنى ئۆگەندى. بۇلار ئۇنىڭ كېيىنكى مەزگىللەردە خەلق ئەدەبىياتى مىراسلىرىنى توپلاپ رەتلىشىگە، ئەدەبىي ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللىنىشىغا ئاساس ياراتتى.

ئۇنىڭ ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى جەھەتتە مۇئەييەن بىلىمى ۋە تەجرىبىسى بولغاچقا، 1980-يىلىدىن باشلاپ ناھىيىلىك مەدەنىيەت ئىدارىسىغا خىزمەتكە قويۇلۇپ، مەخسۇس خەلق ئەدەبىياتى مىراسلىرىنى قېزىش، قوغداش خىزمىتى بىلەن شۇغۇللىنىشقا مەسئۇل قىلىندى. شۇنىڭدىن باشلاپ، ئات-ئېشەك ۋە ۋېلسىپىت مىنىپ بوران-چاپقۇنلارنى باشتىن كەچۈرۈپ، باي ناھىيىسىنىڭ چوڭ-كىچىك يېزا-كەنتلىرىنى ئارىلاپ، خەلق ئىچىگە تارقالغان خەلق ئەدەبىياتى مىراسلىرىنى توپلاشقا كىرىشتى.

## داۋاملىق ئىزدىنىش

ئەگەر پۈتۈن باي ناھىيىسىدىكى خەلق ئەدەبىياتى مىراسلىرىنى تولۇق، مۇكەممەل توپلاپ رەتلەشكە توغرا كەلسە، باي ناھىيىسىدىكى 16 يېزا-بازار، مەيداندىكى 189 مەمۇرىي كەنتنى ئارىلاپ خەلق سەنئەتكارلىرى بىلەن بىرمۇ بىر ئۇچرىشىشقا توغرا كېلىدۇ، بۇ بىر تۈرلۈك قىيىنلىق دەرىجىسى يۇقىرى ئىنچىكە خىزمەت. چۈنكى باي ناھىيىسىنىڭ تۆت ئەتراپىنى تاغ ئوراپ تۇرىدۇ، خېلى كۆپ قىسىم خەلق

سەنئەتكارلىرى تاغ ئارىسىغا جايلاشقان چارۋىچىلىق مەيدانلىرىدا بولغاچقا، ئۇلار بىلەن ئۇچرىشىش ناھايىتى قىيىن. قەييۇم مەتتىمىن خەلق ئەدەبىياتىغا بولغان ئوتتەك قىزغىن مۇھەببىتى بىلەن ئائىلىسىدىن خوشلىشىپ ئۇنئالغۇ، خاتىرە دەپتەر، ئوزۇقلۇق قاتارلىقلارنى ئېلىپ، ئات ـ ئېشەك، ۋېلىسىپىت مىنىپ يېزىمۇ يېزا، كەنتمۇ كەنت زىيارەت قىلدى. ھەربىر يەرگە بارغاندا ، ئىنچىكىلىك بىلەن سۈرۈشتۈرۈپ، خەلق سەنئەتكارلىرىنى تاپقاندا ئۇلاردىن كەمتەرلىك بىلەن ئۆگەندى. خەلق سەنئەتكارلىرى ئېيتىپ بەرگەن خەلق ئىچىدىكى ھېكايە ـ چۆچەك، رىۋايەت، قوشاق، ماقال ـ تەمسىللەرنى ئەستايىدىل ئاڭلاپ خاتىرىلەپ ماڭدى . بەزى ۋاقىتلاردا قىسقا ۋاقىت ئىچىدە ئېيتىپ تۈگەتكىلى بولمايدىغان ۋارىيانتلىرىغا دۇچ كەلگەندە ، ئۇ خەلق سەنئەتكارلىرىنىڭ ئۆيىدە قونۇپ ، كۈندۈزى ئۇلارغا ياردەملىشىپ بەرسە، كەچلىكى ئۇلارنىڭ ئېيتىپ بەرگەنلىرىنى ئەستايىدىل ئاڭلاپ خاتىرىلەشنى داۋاملاشتۇردى.

1989 ـ يىلى قەييۇم مەتتىمىن باي ناھىيىسىنىڭ قىزىل يېزىسىدىكى 90 نەچچە ياشقا كىرگەن ئابدۇقادىر ھاشىم ئىسىملىك بىر خەلق سەنئەتكارىنى يوقلايدۇ.

ئابدۇقادىر ھاشىم ياشىنىپ قالغان بولسىمۇ، كۈچلۈك ئەستە قالدۇرۇش قابىلىيىتى بىلەن ئۈچ كۈن ۋاقىت ئىچىدە قەييۇم مەتتىمىنگە 28 ھېكايە سۆزلەپ بېرىدۇ. بۇ پېشقەدەمنىڭ ئېيتىشىچە، بۇ ھېكايىلەرنى كىچىك ۋاقتىدا بوۋىسىدىن ئاڭلىغانىكەن. قەييۇم مەتتىمىن بۇ 28 ھېكايىنىڭ ئاز بولغاندىمۇ نەچچە ئەسىر تارقىلىپ كەلگەنلىكىنى ئاڭلاپ ناھايىتى خۇشال بولىدۇ. ئۇزاق ئۆتمەي ئۇ پېشقەدەم ئالەمدىن ئۆتىدۇ. ئەمما ئۇنىڭ 28 ھېكايىسى قەييۇم مەتتىمىننىڭ خاتىرىلىشى بىلەن ھازىرغىچە تارقىلىپ كەلمەكتە، 1990 ـ يىلى قەييۇم

مەمتىمىن خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنى توپلاش جەريانىدا داۋانچى دېھقانچىلىق مەيدانىغا كەلگەندە قاتتىق ئاغرىپ قالىدۇ. باشقىلار ئۇنى ئائىلىسىگە بېرىپ داۋالىنىشنى ئېيتقانىدا، قەييۇم مەمتىمىن «ھاياتلا بولىدىكەنمەن خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى مىراسلىرىنى داۋاملىق ئىزدەيمەن» دەپ، يەرلىك ئۇسۇلدا داۋالىنىپ، ئۆز خىزمىتىنى داۋاملاشتۇرىدۇ.

## خەلق ئەدەبىياتىنى قوغداش ۋە ئۇنىڭغا ۋارىسلىق قىلىش

20 يىللىق ئىزدىنىش ئۇزۇن ھەم جاپالىق ئۆتكەل. ھازىر يېشى 60 قا بېرىپ قالغان قەييۇم مەمتىمىن 20 نەچچە يىلدىن بۇيان قانچىلىك يول ماڭغانلىقىنى،قانچە ئاياغنى يىرتىپ بولغانلىقىنى، قانچە قېتىم خېيىمخەتەرنى باشتىن كەچۈرگەنلىكىنى ئۆزىمۇ ئېنىق بىلمەيدۇ.

باي ناھىيىسىدە 500 دىن ئارتۇق خەلق سەنئەتكارلىرى بولۇپ، ئۇلار بىلەن ئۇچرىشىش جەريانىدا قەييۇم مەمتىمىن پۈتۈن ناھىيىنىڭ ھەممە جايلىرىنى ئارىلىدى. ناھىيە بازىرىدىن 100 نەچچە كىلومېتىر يىراقلىقتىكى قېيىر يېزا چارۋىچىلىق مەيدانى، قاراباغ يېزا چارۋىچىلىق مەيدانىغىمۇ بىرنەچچە قېتىم باردى. ئۇنىڭ باي ناھىيىسىدە بارمىغان يېزا، كەنت، بارمىغان مەھەللە، بارمىغان ئېتىز، بارمىغان تاغ، ئېدىر، يايلاقلار قالمىدى. ھەممىلا جايدا ئۇنىڭ ئىزلىرى قالدى .

1994 - يىلى 7 - ئاينىڭ مەلۇم بىر كۈنى قەييۇم مەمتىمىن ئاتقا مىنىپ قېيىر يېزا چارۋىچىلىق مەيدانىدىكى

ئەرشىدىنئاخۇن ئىسىملىك بىر خەلق سەنئەتكارىنى ئىزدەپ يولغا چىقىدۇ، يېرىم يولدا بىر دەريادىن ئۆتۈۋاتقاندا تۇيۇقسىز كەلكۈن كېلىپ، رەھىمسىز كەلكۈن قەييۇم مەمتىمىننى ئات بىلەن قوشۇپ ئېقىتىپ كېتىدۇ. قەييۇم مەمتىمىن سۇ يۆنىلىشىنى بويلاپ مېڭىپ مىڭ تەسلىكتە دەريا قىرغىقىدىكى دەرەخ شېخىغا ئېسىلىپ قىرغاققا چىقىۋالىدۇ. ئۇ دەرياغا قارىغاندا، مىنىپ كەلگەن ئاتنى كەلكۈن يۇتۇپ كەتكەنىدى. قەييۇم مەمتىمىن ھاياتىدىن ئايرىلغىلى قىل قالغان بولسىمۇ 6 سائەتتىن ئارتۇق پىيادە يول يۈرۈپ، چارۋىچىلاردىن سۈرۈشتۈرۈش ئارقىلىق ئاخىرى ئەرشىدىنئاخۇن ئاكىنى تاپىدۇ. بۇ پېشقەدەم خەلق سەنئەتكارى قەييۇم مەمتىمىننىڭ خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ئۈچۈن بۇنداق چوڭ خەتەرگە تەۋەككۈل قىلغانلىقىنى ئاڭلاپ تەسىرلەنگىنىدىن ياش تۆكىدۇ ھەمدە ئۆزى پىششىق بىلىدىغان 20 نەچچە پارچە خەلق قوشاقلىرىنى ئېيتىپ بېرىدۇ .

قەييۇم مەمتىمىننىڭ 20 نەچچە يىللىق ئەجرى بىكارغا كەتمىدى . ئۇ خەلق ئىچىدىكى خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىغا دائىر 1000 كۇپلېت قوشاق، 100 پارچە رىۋايەت، چۆچەك، 1500 پارچە ماقال ـ تەمسىل توپلاپ رەتلەپ، «باي خەلق قوشاقلىرى»، «باي خەلق چۆچەكلىرى»، «باي خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى» قاتارلىق ئۈچ توپلامنىڭ ئوڭشۇشلۇق تۈزۈلۈشىگە زور تۆھپە قوشتى ھەمدە بۇ ئۈچ توپلامنىڭ مەسئۇل مۇھەررىرلىكىنى ئۈستىگە ئالدى . بۇ ئۈچ توپلام يېقىندا نەشردىن چىقىپ ئوقۇرمەنلەر بىلەن يۈز كۆرۈشتى. قەييۇم مەمتىمىن يەنە باي ناھىيىلىك سىياسىي كېڭەش نەشر قىلدۇرغان «باي تارىخ ماتېرىياللىرى» نىڭ 1 ـ،2 ـ كىتابىنى تۈزۈش خىزمىتىگە قاتنىشىپ، بۇ ئىككى كىتابنىڭ مەسئۇل مۇھەررىرلىكىنى ئۈستىگە ئالدى. قەييۇم مەمتىمىن يەنە ئەدەبىي ئىجادىيەت، تارىخ تەتقىقاتى بىلەنمۇ شۇغۇللىنىپ، ھازىرغا قەدەر

ھەرقايسى نەشرىيات ئورۇنلىرىدا 30 پارچىدىن ئارتۇق ئەدەبىي ئەسەر ئېلان قىلدۇردى ۋە « مەشھۇر تارىخشۇناس ، ئالىم موللا مۇسا سايرامى» قاتارلىق بىرقانچە تارىخ تەتقىقات ماقالىسىنى ئېلان قىلدۇرۇپ، جامائەتچىلىكنىڭ ياخشى باھاسىغا ئېرىشتى. قەييۇم مەتتىمىن يېقىندا يەنە باي ناھىيىسىدىكى ئاپتورلارنىڭ نادىر ئەدەبىي ئەسەرلىرىدىن تەركىب تاپقان « مۇزات ناۋاسى» ناملىق توپلامنى تۈزۈپ نەشرگە تاپشۇردى .

باي ناھىيىلىك مەدەنىيەت ـ تەنتەربىيە، رادىئو ـ تېلېۋىزىيە ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى تۇرسۇن ھېكىم مۇنداق دېدى: قەييۇم مەتتىمىن ئۇيغۇر خەلق مەدەنىيەت ـ سەنئىتىنى قوغداش ۋە ۋارىسلىق قىلىش ئۈچۈن گەۋدىلىك تۆھپە قوشتى. بىز بۇنىڭدىن كېيىن «قوغداشنى ئاساس قىلىش، قۇتقۇزۇشنى بىرىنچى ئورۇنغا قويۇش» تەلىپىگە ئاساسەن، ئېكولوگىيە مەدەنىيلىكى ۋە غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرىنى قوغداشنى تېخىمۇ كۈچەيتىپ، ناھىيىمىزنىڭ رايون ئەۋزەللىكىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، مىللىي ئەدەبىيات ـ سەنئەت قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، خەلق ئىچىدىكى خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى مىراسلىرىنى داۋاملىق توپلاپ، رەتلەپ، قوغداپ، ئۇنىڭدىن تولۇق پايدىلىنىمىز.

## قەييۇم مەتتىمىننىڭ باي ناھىيىسىدىكى ئاپتورلار قوشۇنىنىڭ زورىيىشىدا تۆھپىسى زور

قەييۇم مەتتىمىن 1980 ـ يىلى باي ناھىيىلىك مەدەنىيەت ئىدارىسىغا خىزمەتكە چۈشكەندىن باشلاپ، ناھىيىلىك تەشۋىقات

بۆلۈمى، مەدەنىيەت ئىدارىسى رەھبەرلىرىنىڭ قوللىشىنى قولغا كەلتۈرۈپ، «مۇزات دولقۇنلىرى» ناملىق ئەدەبىي ژۇرنالنى روياپقا چىقىرىپ، باي ناھىيىسىنىڭ ئاپتورلار قوشۇنىنىڭ زورىيىشىغا تۆھپە قوشتى. ئۇ 1980 ـ يىلىدىن 1999 ـ يىلىغىچە «مۇزات دولقۇنلىرى» ژۇرنىلىنى يىلىغا 4 سان چىقىرىپ، 200 گە يېقىن كىشىنى ئەدەبىي ئىجادىيەت يولىغا باشلاپ كىردى. ئاپتورلارنىڭ «مۇزات دولقۇنلىرى» ژۇرنىلى ئارقىلىق قەلىمى پىشىپ، ھەر دەرىجىلىك نەشرىيات ئورۇنلىرىدا ئەسەر ئېلان قىلدۇرىدىغانلار كۆنسېرى كۆپەيدى. قەييۇم مەمتىمىن يەنە ناھىيىلىك پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمى، مەدەنىيەت ئىدارىسىگە تەكلىپ بېرىپ، ئەدەبىي ئىجادىيەت سۆھبەت يىغىنى، ئەدەبىيات ـ سەنئەت كېچىلىكى قاتارلىق پائالىيەتلەرنى قەرەللىك ئۇيۇشتۇرۇپ، ئاپتورلارغا ئىلھام، مەدەت بەردى. بۇنىڭ بىلەن 1980 ـ يىللارنىڭ بېشىدا ئەدەبىي ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللىنىدىغانلار 10نەچچە كىشى بولغان بولسا، بۈگۈنكى كۈندە 200 دىن ئېشىپ كەتتى. قۇربان ئەلى، قەھرىمان روزى (ئەرچىن)، بۇۋىھەجەر ئارمىيە، ئېلى نىياز دەرمانىي، توختى تۇرسۇن مۇزات، پەرھات كېرەم قاتارلىق بىر تۈركۈم غوللۇق ئۈمىدلىك يازغۇچى ـ شائىرلار يېتىشىپ چىقتى. بىر قانچە ئاپتور كىتاب نەشر قىلدۇردى. شائىر قەھرىمان روزى ئەرچىن مۇنداق دېدى: ناھىيىمىزدىكى خەلق ئەدەبىياتى تەتقىقاتچىسى، ئەدەبىيات ـ سەنئەت تەشكىلاتچىسى قەييۇم مەمتىمىن ئاكىنىڭ ناھىيىمىزنىڭ ئەدەبىي ئىجادىيەت قۇرۇلۇشىنى زورايتىشقا قوشقان تۆھپىسى زور، مەنمۇ قەييۇم مەمتىمىننىڭ تەربىيىلىشىدە ئۆسۈپ يېتىلىپ، بۈگۈنكىدەك ئاپتونوم رايونلۇق يازغۇچىلار جەمئىيىتى قاتارلىق بىرقانچە جەمئىيەتنىڭ ئەزاسىغا، 550 پارچىدىن ئارتۇق شېئىرىي ئەسەرنىڭ ئاپتورىغا ئايلاندىم. قەييۇم مەمتىمىن ئاكامغا رەھمەت

ئېيتىمەن.

## خاتىمە ئورنىدا

ھەممە ئادەم ھاياتنى سۆيىدۇ، ئەمما ھاياتنى سۆيۈشنىڭ يوللىرى ئوخشاش بولمايدۇ. قەييۇم مەمتىمىنگە ئوخشاش خەلقىنىڭ قىممەتلىك مىراسلىرىنى قوغداش ئۈچۈن ئۆزىنى بېغىشلىغان كىشىلەرنىڭ ھاياتنى قانداق سۆيىدىغانلىقى، خەلقنى قانداق سۆيىدىغانلىقى ھەممىمىزگە ئايان، ئەلۋەتتە.

# قىزىل «ئالۋاستى قەلئەسى»نىڭ سىرى

## مۇقەددىمە

كەچكى قۇياش غەربكە ئاستا ـ ئاستا پاتتى. قىپقىزىل كەچكى شەپەق نۇرى تەڭرىتېغىنىڭ تارماق تىزمىسى قارا تاغ ئېتىكىنىڭ باي ناھىيىسىدىكى قىزىل «ئالۋاستى قەلئەسى»نى تېخىمۇ گۈزەل تۇسكە پۈركىدى. ئەگرى ـ بۈگرى كەتكەن چوڭ ـ كىچىك جىلغىلار، قاتمۇقات، ئاق، سېرىق، قىزىل، كۆك رەڭ دۆڭلۈكلەر كۆرۈنۈپ تۇردۇ.

خۇددى تاشلىۋېتىلگەن قەدىمىي رىم قەلئەسى قىزىل رەڭ



بىلەن سېرىق رەڭ ئارىلىشىپ كەتكەن ئېگىز دۆڭلۈكلەر ئارىسىدا تۇرغاندەك كۆرۈنەتتى. نەزەر سېلىپ قارىغاندا، شىپاڭ، پەشتاق، راۋاق، بالىخانا بىلىنەر ـ بىلىنمەس كۆرۈنۈپ تۇراتتى.

ئىمارەتلەردىكى نەقىش ئويمىلار خوددى راستتەكلا تويۇلاتتى. بەزىلىرى قانات قېقىپ ئېگىز ئۆرلەۋاتقان بوركۇتكە، بەزىلىرى ھۆكىرەۋاتقان يولۋاسقا، يەنە بەزىلىرى يوكونوپ ياتقان توگىگە ئوخشايتتى.

## ئالۋاستى قەلئەسىگە كىرىش

2007-يىل 3-ئاينىڭ 10-كۈنى، قوياش نەيزە بويى ئۆرلىگەن چاغ. بىز بەشىمىز ماشىنىغا ئولتۇرۇپ، ئۇزۇندىن بۇيان تەلپۈنگەن باي ناھىيىسىنىڭ قىزىل يېزىسىدىكى «ئالۋاستى قەلئەسى»گە قاراپ يولغا چىقتۇق. بىز يېرىم سائەتتىن ئارتۇق يول يۈرۈپ، قىزىل يېزىسىدىن ئۆتكەندىن كېيىن چەكسىز كەتكەن چۆل-جەزىرە كۆزىمىزگە تاشلاندى. يىراققا نەزەر تاشلىغاندا ئەگرى-بۈگرى، ئېگىز-پەس تاغ قاپتاللىرى بىر-



بىرىگە تۇتاشقاندەك كۆرۈنەتتى. — قاراڭلار رەڭلىك تاغ،

نىمىدىگەن گۈزەل ھە! —«ئالۋاستى قەلئەسى» نى ئىزدەشكە بىرلىكتە ماڭغان قەھرىمان ۋارقىراپ كەتتى. ئۇ قولى بىلەن كۆرسەتكەن تەرەپكە قارىساق، بۇلۇت ۋە تۇمان لەيلەپ تۇرغان قارا تاغ ئېتىكىدىكى بىر دۆڭلۈكتە، يۇقىرىدىن تۆۋەنگە ئاق، سېرىق، كۆك، قىزىل، قوڭۇردىن ئىبارەت بەش خىل رەڭ ئېنىق كۆرۈنۈپ تۇراتتى، ئەتراپتىكى قوڭۇر رەڭلىك تاغ تىزمىلىرىدىن روشەن پەرقلىنىپ تۇراتتى.

—«ئالۋاستى قەلئەسى» ئەنە شۇ رەڭلىك تاغ ئىچىدە، — دېدى باي ناھىيىلىك سودا-سانائەتنى مەمۇرىي باشقۇرۇش ئىدارىسىنىڭ كادىرى قۇربان ئېلى كۈلۈپ تۇرۇپ، — «ئالۋاستى قەلئەسى» جايلاشقان يەر شەكلى شامال يالاش يەر شەكلى ياكى ياردالڭ يەر شەكلى دەپ ئاتىلىدۇ. بۇ خىل يەر شەكلىدە نەچچە مىڭ يىللاردىن بۇيان يامغۇر ۋە شامالنىڭ يالىشى ئارقىسىدا كۈنلەرنىڭ ئۆتۈشى بىلەن مۇنداق كۆزنى قاماشتۇرىدىغان قىياپىتى بىلەن ھەرخىل رەڭدىكى تەبىئىي كۆرۈنۈش شەكىللەنگەن.

«ئالۋاستى قەلئەسى» گە يېتىپ بېرىشىمىزغىلا، تەبىئەت ئۆزىنىڭ ئاجايىپ گۈزەللىكى بىلەن بىزنى ھوزۇرلاندۇردى. بىز بەكمۇ ھاياجانلاندۇق.

بىز ماشىنىدا تۇيماستىنلا ئىككى دوقمۇشتىن ئايلىنىپ ئۆتكەندىن كېيىن، چۆل - جەزىرىلەرنى ئارقىمىزغا قالدۇرۇپ، ئېدىرلىقلارغا كىرىپ كەتتۇق. بىردە ئۆرلەپ - بىردە پەسىيىپ، بىردە چوڭىيىپ - بىردە كىچىكلەپ چوقچىيىپ تۇرغان تاغ قاپتاللىرى بىر - بىرلەپ كۆزىمىزگە تاشلىنىپ تۇراتتى. بىزنى ھەيران قالدۇرغىنى تاغ تىزمىلىرىدا شەكلى بىر - بىرىگە ئوخشىمايدىغان، خۇددى نەقىش چەككەن ھۈنەر-سەنئەت بۇيۇمىغا ئوخشاش نۇرغۇن دۆڭلۈكلەر كۆرۈنۈپ تۇردۇ. تەخمىنەن 10 مىنۇتتىن ئارتۇق يول ماڭغاندىن كېيىن تۆت ئەتراپىمىز

ئىپتىدائىي، تەبىئىي گۈزەل رەڭگارەڭ خۇسۇسىيەتنى ئەكس ئەتتۈرگەن نەقىشلىك تاغ تىزمىلىرى بىلەن تولۇپ كەتتى. ئۆزىمىزنى خۇددى تاشلىنىپ كەتكىلى ئۇزۇن بولغان قەدىمىي قەلئەگە كىرىپ قالغاندەك ھېس قىلدۇق. كۆك ئاسمىنى تىپتىنچ دېڭىزغا ئوخشايتتى. خىرە بۇلۇت يۇمشاق رومالغا ئوخشاش لەپىلدەيتتى. يۈرىكىمىز توختىماي سېلىپ كەتتى.

بىز ماشىنىدىن چۈشۈپ ھاياجىنىمىزنى بېسىۋالغاندىن كېيىن،«ئالۋاستى قەلئەسى»نىڭ سىرىنى قانداق ئىزدەش توغرىسىدا مەسلىھەتلەشتۇق. كۆز ئالدىمىزدىكى بارلىق شەيئىلەر چەكسىز جەلپ قىلىش كۈچىگە تولغان، قايسى نىشاندىن باشلاش كېرەك؟ دېگەن مەسىلە كۆپچىلىكنىڭ تالاش-تارتىش قىلىدىغان مەسىلىسى بولۇپ قالدى. «غەرب تەرەپكە ماڭايلى» دېدى قەھرىمان روزى، «بۇ يولدىن ئاسان ئېزىپ قالىمىز، بەك ئىچكىرىلەپ ماڭمايلى» دەپ سەمىمىزگە سالدى غەيرەتجان.

باي ناھىيىلىك تەشۋىقات بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى تۇنىياز تۇراپ، سودا-سانائەتنى مەمۇرىي باشقۇرۇش ئىدارىسىنىڭ كادىرى قۇربان ئېلى، ناھىيىلىك رادىئو-تېلېۋىزىيە تەشۋىقات مەركىزىنىڭ مۇخبىرى قەھرىمان روزى قاتارلىق تۆتەيلەن سىرلىق ئورىدەك تاغ جىلغىسىغا قاراپ يول ئالدۇق.

## بىز مەپتۇن بولغان «ئالۋاستى قەلئەسى»

قېيىر يېزىسىغا ماڭىدىغان تاشيولدىن ئايرىلىپ، قۇم-شېغىللارنى دەسسەپ خىلۋەت، جىمجىت، چوڭقۇر تاغ جىلغىسىغا كىرىپ كەتتۇق. بىر ئەگمىدىن ئۆتكەندىن كېيىن، بېشىمىزنى كۆتۈرۈپ قاراپ ھەيران قالدۇق. پارلاپ تۇرغان قۇياش نۇرى ئاستىدا

ھەيۋەتلىك قەدىمىي شەھەر كۆز ئالدىمىزدا پەيدا بولدى. بۇددالار سارىيى، قاتمۇ قات ئىبادەتخانىلار تاغ قاپتىلىدا قەد كۆتۈرۈپ تۇراتتى...

كۆزۈمنى يۇمۇپ يەنە قانداق كارامەتلەرنىڭ بارلىقىغا ھەيران بولۇپ تۇرسام، بىر خىل ئاۋازنىڭ يېقىنلاپ كېلىۋاتقانلىقىنى سەزدىم. بىرخىل ئەندىشە ئىچىدە يۈرىكىمنىڭ سوقۇشى تېزلىشىپ كەتتى. مانا! دۇبۇلغا، ساۋۇت كىيىۋالغان، قولىدا يالمان، ئايپالتا تۇتقان، قوش كىشىلىك سەپ تۈزگەن يىراق قەدىمىي زامانىدىكى لەشكەرلەر ئاستا - ئاستا يېقىنلاپ كېلىۋاتىدۇ. قىلىچ - خەنجەرلەر كۈن نۇرىدا پارقىراپ تۇرىدۇ.



تۇيۇقسىزلا بىر مەيدان جەڭ باشلىنىپ كەتتى - دە، ھەش - پەش دېگۈچە جەڭ بۇرغىسى چېلىنغان، جەڭچىلەرنىڭ چۇقان - سۈرەن كۆتۈرۈشكەن، جەڭ ئاتلىرىنىڭ كىشنىگەن، ھەربىي قوراللارنىڭ سوقۇلغان، ئىسسىق قانلارنىڭ ئېتىلىپ چىققان، لەشكەرلەرنىڭ ھۆڭگىرەپ يىغلىغان ئاۋازلىرى ئاڭلانغىلى تۇردى. جەڭ شىددەتلىك ئېلىپ بېرىلماقتا. كۆك قەرىدىن شىددەتلىك مۇدھىش بوران - چاپقۇن كېلىپ ھەشەمەتلىك قەدىمىي شەھەر ۋەيران بولۇپ كەتتى. يىغلاپ داد - پەرياد

قىلىشقان ئاۋاز ئاستا - ئاستا پەسىيىپ، يىراقلاپ، ئۈن - تىنسىز يوقاپ كەتتى. ئەتراپ قايتا جىمجىتلىققا چۆمدى. شۇ پەيتتە مەن خۇددى قورقۇنچلۇق شۇم چۈش كۆرگەندەك بولدۇم. كۆزۈمنى ئىچىپ قارىسام كۈن نۇرىدا چاقناپ تۇرغان قەلئە گاھى كۆرۈنۈپ، گاھى يوقىلىپ، ئىزىتقۇدەك ھەيۋەتلىك كۆرۈندى. ئەمما تەنلىرىم شۈركىنىپ كەتتى .

«ماڭايلى، شىمال تەرەپكە بىرىپ قاراپ باقايلى» دەپ تەكلىپ بەردى قۇربان ئىلى. بىز ئۇ كۆرسەتكەن تەرەپنى بويلاپ مىڭىپ، ئىگىزلىكى 50 مىتىرغا يىقىن بىر ئىدىردىن تەسلىكتە يامىشىپ ئۆتۈپ، قۇرۇپ كەتكەن بىر كىچىك ئىقىن ئارقىلىق تاغ جىلغىسىغا قاراپ ماڭدۇق. بىز ماڭغاچ ئەتراپقا نەزەر سىلىپ، ياۋايى ھايۋانلارنىڭ نۇرغۇنلىغان ئىزلىرىنى بايقىدۇق. ئەمما بۇ جايغا ئادەملەر ئاياغ باسمىغاندەك قىلاتتى. بۇ جاي قاقاسلىق بولۇپ، يىپىنچا ئۆسۈملۈكلەر شالاڭ ئۆسىدۇ. ئازدۇر-كۆپتۇر سۆكسۆك، چاكاندىلارنى كۆرگىلى بولاتتى. ئۇنىڭ ئۇستىگە «ئالۋاستى قەلئەسى» دىگەن ۋەھىمىلىك نامدىن چارۋىچىلار ۋە باشقىلارنىڭ تىنى شۈركىنىپ. بۇ جايغا ئاياغ باسمىسا كىرەك.

يەنە 20 مىنۇت ئۆتكەندىن كىيىن، بىز ئىلگىرى كۆرگەن مەنزىرىلەرگە ئوخشىمايدىغان بىر يارداڭلىق ئۇستىگە چىقتۇق. بۇ جاينى «ھايۋانات پادىشاھلىقى» دىسەك ئاشۇرۇۋەتكەنلىك بولمايتتى. دىققەت - ئېتىبارىمىزنى قوزغايدىغىنى بىشىنى ئىگىز كۆتۈرگەن، ئىغىزىنى يوغان ئاچقان بىر ئەجدىھانىڭ قورقۇنچلۇق ئەلپازى، ئۇنىڭ ئۇدۇلىدا بىشى يان تەرەپكە بۇرالغان، يىراقلارغا نەزەر سىلىۋاتقان بىر ئەركەك شىر يىنىچە ياتاتتى. ئۇ خۇددى چۆشىمدە كۆرگەن ياپيىشىل ئوتلاقلارنى ئەسلەۋاتقاندەك قىلاتتى. ئۇنىڭدىن باشقا تاشپاقىنىڭ بىشىنى چىقىرىشى،

مايمۇننىڭ ئايىنى تەكشۈرۈشى، تۇلپارنىڭ چېپىشى، ئەجدىھانىڭ ھۆركىرىشى، تۆگىنىڭ يۈكۈنۈپ يېتىشى ... قاتارلىق كۆرۈنۈشلەر خۇددى راستتەكلا كۆرۈنەتتى. بۇ كۆرۈنۈشلەر بىزنى تېخىمۇ جەلپ قىلدى.

بىز يەنە مېڭىۋېتىپ كىشىنى ھەيران قالدۇرىدىغان بىر كۆرۈنۈشنى بايقىدۇق. 30 مېتىر ئېگىزلىكتىكى تىك ياردا «غەربكە ساياھەت خاتىرىسى»دا تەسۋىرلەنگەن، بېشىغا ئالتۇن تاج، ئۇچىسىغا كاسايا كىيىۋالغان تاڭ راھىبى تاڭسېڭغا ئوپمۇ ئوخشايدىغان بىر ھەيكەل دىققەت - ئېتىبارىمىزنى قوزغىدى. بولۇپمۇ ھەيكەل ئۇچىسىدىكى كاسايانىڭ پېشى ئالدىغا تومپىيىپ چىقىپ، خۇددى شامالدا لەپىلدەۋاتقاندەك كۆرۈنەتتى. ئۇدۇلدىكى چوقچىيىپ تۇرغان تىك ياردا بەتبەشىرە بىرنەچچە ئون جىن - ئالۋاستىلار ئېچىنىشلىق چىرقىراۋاتقاندەك. سۇن ۋۇكۇڭدىن ئىبارەت ئۈچ شاگىرتنىڭ ھىمايىسى بولمىغاندا «جىن - ئالۋاستىلار» تەپ تارتماستىن تاڭسېڭنىڭ گۆشىنى يېيىشكە ئالدىراۋاتقاندەك قىلاتتى. كۆز ئالدىمىزدىكى بۇ مەنزىرىدىن ھەيران قالدۇق ھەم بۇ مەنزىرىگە مەپتۇن بولدۇق. بىز تېلېكامېرانى ۋە فوتو ئاپپاراتنى توغرىلاپ، بۇ ئاجايىپ مەنزىرىلەرنى بىر - بىرلەپ سۈرەتكە ئېلىۋالدۇق.

## بىز ھەيران بولغان «ئالۋاستى قەلئەسى»

بىز بىر ئېدىر ئاشقاندىن كېيىن يەنە بىر ئېدىرغا كەلدۇق. ماڭغانسېرى ئىچكىرىلەپ كىرىپ كەتتۇق. غەيرەتجاننىڭ ماشىنىدىن چۈشكەن چاغدا ئەسكەرتكەن سۆزلىرى يادىمىزدىن كۆتۈرۈلۈپ كەتتى. ۋاقىت بىلىنمەيلا كەچ سائەت 6 بولۇپ قالدى.

بىز ھېرىپ- چارچاپ، قورسىقىمىزنىڭ غولدۇرلاپ ئېچىپ كەتكەنلىكىنى سەزدۇق.

بىز تىك يار بېشىدا چۆرىدەپ ئولتۇرۇشۇپ، نان يېگەچ، ئەتراپىمىزدىكى ئاجايىپ- غارايىپ مەنزىرىلەرگە نەزەر سېلىپ، مەستخۇش بولدۇق. قانداقلا بولمىسۇن بىز ئادەمزات ئاياغ باسمىغان (ئادەتتە كىشىلەر بۇ يەرگە كېلىشكە جۈرئەت قىلالمايدۇ) ئالۋاستى قەلئەسىدە زىيارەتتە بولدۇق. ھەممىمىز بىر قېتىملىق دالىدا ئېكسپېدىتسىيە- تەكشۈرۈشتە بولغانلىقىمىزدىن سۆيۈندۇق.

قورسىقىمىزنى توقلاپ بىردەم ئارام ئالغاندىن كېيىن، قايتىپ كېتىشنى قارار قىلدۇق. بىز بىر ئاز ماڭغاندىن كېيىن ھاۋا تۇتۇلۇپ، شامال چىققىلى تۇردى ھەمدە بارغانسېرى كۈچىيىپ كەتتى. قۇلىقىمىزغا شامالنىڭ غۇيۇلدىغان يېقىمسىز ئاۋازى ئاڭلىناتتى. بىزدە باشقىچە بىرخىل تۇيغۇ پەيدا بولدى. ئۆزىمىزنى خۇددى بىر سىرلىق ئوردىغا كىرىپ قالغاندەك ھېس قىلدۇق. بىز قول تۇتۇشۇپ ئېدىر- جىلغىلاردىن ئېشىپ ئۆتتۇق. بىز بىر سائەتچە ماڭغان بولساقمۇ، ئەمما قېيىرغا ماڭىدىغان تاشيولنى تېخىچە تاپالمىدۇق. بىز يولدىن ئادىشىپ قالغانلىقىمىزنى ھېس قىلدۇق. شامال تېخىمۇ كۈچىيىۋاتىدۇ. ئەتراپنى چاڭ- توزان قاپلىدى. بىز قارىغۇلارچە مېڭىشنى توختاتتۇق. پىل ھەيكىلىسىمان بىر دۆڭلۈكتە ئۆزىمىزنى شامالدىن دالدىغا ئالدۇق.

شامالنىڭ گاھى ئاجىز، گاھى كۈچلۈك قۇلاققا خۇشياقمايدىغان ئەنسىز غۇيۇلدىغان ئاۋازى خۇددى داد- پەرياد كۆتۈرگەن ئالۋاستىلارنىڭ ئاۋازىدەك بىلىنەتتى. ئەتراپقا قارىساق، قاتمۇ قات سېھرىي سايلار كۆرۈنۈپ تۇراتتى. ھاۋا بىردىنلا ئېچىلىپ كەتتى. چوڭ- كىچىك ھەيكەللەر خۇددى يىرتقۇچ

ئالۋاستىلارغا ئايلانغاندەك. «ئالۋاستى قەلئەسى» سۈرلۈك، ئېچىنىشلىق، ئىسمى-جىسمىغا لايىق ئالۋاستى قورغىنىغا ئايلانغاندەك بولدى. رىۋايەت قىلىنىشىچە، «ئالۋاستى قەلئەسى»گە كىرگەنلەر قايتىپ چىقالمايدۇ. بۈگۈن بىز رىۋايەتتە دېيىلگەندەك قايتىپ چىقالمايمىزمۇ نېمە؟ تېنىمىز شۈركىنىپ كەتتى. بىز بىر-بىرىمىزگە تېخىمۇ يېقىنلاشتۇق. بىز قانداق قىلىشنى بىلەلمەي گاڭگىراپ قالغان پەيتتە، بىر قارا كۆلەڭگە يېنىمىزدىن ئۆتۈپ كەتكەندەك بىلىندى. ئالتۇن قۇياش نۇرى «ئالۋاستى قەلئەسى» نىڭ جىلغىلىرىغا چېچىلدى. جىن-ئالۋاستىلاردەك ھەرخىل ھەيكەللەر بىردىنلا جانلىنىپ كەتتى.

كەچكى قۇياش غەربكە ئاستا-ئاستا پاتتى. قىپقىزىل كەچكى شەپەق نۇرى ئالۋاستى قەلئەسىنى باشقىچە گۈزەللىككە پۈركىدى. ئەگرى-بۈگرى، چوڭ-كىچىك جىلغىلاردا قاتمۇقات سېرىق، قىزىل، كۆك رەڭ دۆڭلۈكلەر كۆرۈنۈپ تۇراتتى. خۇددى تاشلاندۇق قەدىمىي رىم قەلئەسى قىزىل رەڭ بىلەن سېرىق رەڭ ئايرىلىشىپ كەتكەن دۆڭلۈكلەر ئارىسىدا تۇرغاندەك كۆرۈنەتتى. نەزەر سېلىپ قارايدىغان بولساق، شىپاڭ، پەشتاق، راۋاق. بالىخانا بىلىنەر - بىلىنمەس كۆرۈنۈپ تۇراتتى. ئىمارەتلەردىكى ئويما نەقىشلەرخۇددى راستتەكلا تۇيۇلاتتى. بەزىلىرى قانات قېقىپ كۆككە كۆتۈرۈلۈۋاتقان بۈركۈتكە، يەنە بەزىلىرى ھۆركىرەۋاتقان يولۋاسقا ئوخشايتتى.

## «ئالۋاستى قەلئەسى»گە نەزەر

«ئالۋاستى قەلئەسى» دىن قايتىش نىشانىنى تېپىش ئۈچۈن، بىز خېلىلا ئېگىز بىر دۆڭلۈككە چىقىپ قاراپ، قايتىش يولىمىزنىڭ بىزدىن ئانچە يىراق قالمىغانلىقىنى بايقىدۇق.

بىردىنلا ھەممىمىز خۇشال بولۇپ، يولغا قاراپ يۈگۈرۈپ كەتتۇق. بىز بىر كىلومېتىردىن ئارتۇق يول يۈرگەندىن كېيىن، ماشىنىغا چىقتۇق. ناھىيىگە قايتىش سەپىرىدە بىز «ئالۋاستى قەلئەسى» نىڭ سىرىنى ئىزدەش سەرگۈزەشتىلىرىمىزنى ۋە ئالغان تەسىراتىمىزنى ئۆز ئارا سۆزلىشىپ ماڭدۇق. تۇنىياز تۇراپ مۇنداق دېدى: « ئالۋاستى قەلئەسى» دە ئالۋاستى يوق. بۇلارنىڭ ھەممىسى ئۇلۇغ تەبىئەتنىڭ نادىر ئەسىرى. بۇ ئالاھىدە يەر شەكلى ئەپەت ـ بەشىرىسى يىرگىنچلىك ئالۋاستىغا ئوخشايدۇ. شامال چىققاندا چىققان ئاۋازدىن كىشىلەر قورقۇپ تېنى شۈركىنىپ كېتىدۇ. شۇ سەۋەبتىن بۇ جايغا «ئالۋاستى قەلئەسى» دەپ نام بېرىلىپ قالغان. ئەمەلىيەتتە بۇخىل يەر شەكلى ياردالڭ يەر شەكلى دەپ ئاتىلىدۇ. ئاپتونوم رايونىمىزدا يەنە گۈچۈڭ «ئالۋاستى قەلئەسى»، ئورقۇ «ئالۋاستى قەلئەسى »، قۇمۇل «ئالۋاستى قەلئەسى» قاتارلىقلار بار. يەنە بۇخىل يەر شەكلىگە ئوخشايدىغان نۇرغۇن جايلار بار. تۇنىياز تۇراپ ئەسكەرتىپ يەنە مۇنداق دېدى: «ئالۋاستى قەلئەسى» چۆل ـ جەزىرىگە جايلاشقان بولۇپ، قاتنىشى قۇلايسىز، ھاۋا كىلىماتى، شەرت ـ شارائىتى ناچار، كىشىلەر بۇ جاينى سەيلە ـ ساياھەت قىلىش جەريانىدا تەرەپنى پەرق ئېتىشى تەسكە توختايدۇ، ھەتتا كەڭرى كەتكەن ياردائلىقلىقا كىرگەندە، ئاسانلا نىشاندىن ئادىشىپ قالىدۇ. شۇڭا بۇنداق جايغا بىرىشتا ياخشى تەجرىبىگە باي يەرلىك يول باشلىغۇچى تېپىشى كېرەك.

تۇنىياز تۇراپ باي قىزىل «ئالۋاستى قەلئەسى»نى ئېچىش ۋە ئۇنىڭدىن پايدىلىنىش ئۈستىدە توختىلىپ مۇنداق دېدى: قىزىل «ئالۋاستى قەلئەسى» باي ناھىيىسىدىكى مۇھىم ساياھەت نۇقتىلىرىنىڭ بىرى. بۇ جاي غەربىنىڭ گازىنى شەرققە يەتكۈزۈشتىكى ئاساسلىق گاز مەنبەسى قارا 2 ـ گازلىق، قىزىل

مىڭئۆي. قېيىر خەلقئارا ئوۋ مەيدانى، قىزىل سۇ ئامبىرى بىلەن تۇتىشىپ غايەت زور ئېچىش قىممىتىگە ۋە يوشۇرۇن كۈچكە ئىگە. بۇندىن كېيىنكى بىرقانچە يىلدا باي ناھىيىسى خېرىدار چاقىرىپ، مەبلەغ كىرگۈزۈش ئارقىلىق، قىزىل «ئالۋاستى قەلئەسى»نى ئومۇمىيۈزلۈك ئېچىپ پايدىلىنىدۇ. دەسلەپكى تەسەۋۋۇر پىلانىمىزدا ئىستىراھەت كەنتى قۇرۇپ، ئېكسپېدىتسىيە قىلىش، دالا تامىقى ئېتىش، تاغقا چىقىش، ئوۋ ئوۋلاش قاتارلىق ساياھەت تۈرلىرىنى ئاچىمىز. يېڭىچە تۈرلەر ئارقىلىق، باي ناھىيىسىنىڭ ساياھەت ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش كېرەك.

# ئاتلىق دوختۇردىن دوختۇرخانا باشلىقلىقىغىچە

*ئاتالمىغان ئەردىن، ئاتالغان دۆلەت ياخشى.*

(ئۇيغۇر خەلق ماقال - تەمسىللىرىدىن)

## مۇقەددىمە

38 يىلدىن بۇيان ھوشۇر قۇربان ئېگىز تاغلىقلار ئارىسىدا ئاتلىق چېپىپ يۈرۈپ، دەريا - ئېقىنلارنى كېچىپ دېھقان - چارۋىچىلارنىڭ كېسىلىنى داۋالاپ، ئۇلارغا دورا يەتكۈزۈپ بەردى. ئۇ باي ناھىيىسىدىكى ھەر مىللەت ئاممىسى تەرىپىدىن «ئاتلىق دوختۇر» دەپ ئاتالدى. بۇ پولاتتەك ئىرادىگە ئىگە باتۇر ئەزىمەتنىڭ، ئاتلىق دوختۇرلۇقتىن دوختۇرخانا باشلىقلىقىغىچە بولغان يىللاردا ئاياغ ئىزى باي ناھىيىسىدىكى 16 يېزا - بازار، مەيدان، 200 گە يېقىن كەنت، مەھەللىلەردە قالدى. ئۇ پۈتۈن زېھنى ۋە ئەقىل - پاراسىتىنى ئىشقا سېلىپ، بىمارلار ئۈچۈن ياخشى بولغان داۋالاش مۇھىتىنى يارىتىپ بېرىپ، دېھقان - چارۋىچىلارنىڭ كېسىلىنى داۋالاپ،



ئۆلۈمگە ئامال، ئاغرىققا سەۋەب قىلىپ، بىمارلارنى ئۆلۈم گىردابىدىن بىر-بىرلەپ قۇتقۇزۇۋالدى. ھازىرغا قەدەر ئۇ ئىلگىرى-كېيىن بولۇپ، «2004-يىللىق دۇنياۋى مەشھۇر شەخس»، «جۇڭخۇا مىللەتلىرىدىكى خىزمەت كۆرسەتكەن شەخس»، «جۇڭگونىڭ كەسپىي ئىسلاھاتىدىكى 100نەمۇنىلىك



ئاخباراتلىق شەخس» قاتارلىق شەرەپلىكناملارغا ئېرىشتى. باي ناھىيىسىدىكى 200 مىڭدىن ئارتۇق ھەر مىللەت ئاممىسىنىڭ قەلب تۆرىدىن ئورۇن ئالغان ياخشى دوختۇر بولۇپ قالدى.

## «بولىدىغان ئاشلىق كۆكىدىن مەلۇم»

1952-يىل 4-ئاينىڭ 20-كۈنى باي ناھىيىسىدىكى چەت، تاغلىق يېزا قېيىر يېزا يۇلغۇن ياقا كەنتىدىكى قۇربان ئاۋۇت ئىسىملىك دېھقان ئائىلىسىدە پانىي ئالەمگە بۇدرۇققىنە بىر ئوغۇل بوۋاق كۆز ئاچتى. ئاتا-ئانىسى ئۇنى ئەتىۋارلاپ ھوشۇر

قارىي دەپ ئاتىدى. مانا بۇ بۈگۈنكى كۈندىكى ھەممىنىڭ دىققىتىنى تارتىدىغان باي ناھىيىلىك ئۇيغۇر تېبابەت دوختۇرخانىسىنىڭ باشلىقى ھوشۇر قۇربان ئەپەندى ئىدى.

ھوشۇر قۇربان ئاتا-ئانىسىنىڭ كۆيۈنۈپ تەربىيىلىشى نەتىجىسىدە ساغلام، ئەقىللىق ئۆسۈپ يېتىلدى. 1960-يىلى باشلانغۇچ مەكتەپكە قوبۇل قىلىنىپ، 1967-يىلىغىچە ئۆز يۇرتىدا باشلانغۇچ ۋە تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتكۈزگەندىن كېيىن، 1968-يىلىدىن 1969-يىلىغىچە باي ناھىيىلىك 1-ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇدى. زېرەك، تىرىشچان ھوشۇر قۇربان مەكتەپتە ئۆزىگە قاتتىق تەلەپ قويۇپ، ئىجتىھات بىلەن تىرىشىپ ئۆگىنىپ ئوقۇتقۇچى ۋە ئوقۇغۇچىلار ئارىسىدا ياخشى باھاغا ئېرىشتى. كۆپچىلىك ئۇنىڭ كەلگۈسىگە ئۈمىد بىلەن قارايتتى، ئۇنىڭ كەلگۈسىدە جەمئىيەتكە چوقۇم بىر كىشىلىك ھەسسە قوشالايدىغانلىقىغا ئىشىنەتتى.

## تاغ ئارىسىدىكى ئاتلىق دوختۇر

1969-يىلى ھوشۇر قۇربان ناھىيە بازىرىدىن 110 كىلومېتىر يىراقلىقتىكى قېيىر يېزا دوختۇرخانىسىغا خىزمەتكە ئورۇنلاشتى. بۇ ۋاقىتتا دوختۇرخانىدا ئەڭ جاپالىق ۋە ئەڭ خەتەرلىك بىر ۋەزىپە بار ئىدى، ئۇ بولسىمۇ تەڭرىتېغىنىڭ ئىچكىرىسىدە چارۋا-مال باقىدىغان چارۋىچىلارغا دورا يەتكۈزۈپ بېرىش ۋە ئۇلارنىڭ كېسىلىنى داۋالاش ئىدى. قېيىر يېزىلىق دوختۇرخانىدا 19 يىل خىزمەت ئىشلىگەن ھوشۇر قۇربان بۇ خىل ۋەزىپىلەرنىڭ ھەممىسىنى ئۆز ئۈستىگە ئالدى.

تاغ ئارىسىدىكى چارۋىچىلارغا دورا يەتكۈزۈپ بېرىش،

كېسىلىنى داۋالاشتا ماڭسا ـ ماڭسا تۈگىمەيدىغان تاغ ـ داۋان، ماڭدامدا بىر ئۇچراپ تۇرىدىغان دەريا ـ ئېقىنلار، بەزىدە ھەتتا 400 كىلومېتىر تاغ يولىنى بېسىپ تەڭرىتېغىدىن ھالقىپ ئۆتۈپ ئىلى ۋىلايىتىنىڭ تېكەس ناھىيىسى، بايىنغولىن موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستىنىڭ ئاق بۇلاق، كۆكسۇ يايلاقلىرىدا چارۋا بېقىۋاتقان چارۋىچىلارنىڭ كېسىلىنى كۆرۈپ، دورا يەتكۈزۈپ بېرىشكە توغرا كېلىدۇ.

ھوشۇر قۇربان ھەر يىلى 6 ـ، 7 ـ، 8 ـ ئايلاردا تاغدىن كېلەلمەيدۇ، «تۈتۈننىڭ ئاچچىقىنى مورا بىلىدۇ» دېگەندەك، تاغنىڭ جاپاسىنى تاغقا بېرىپ باققانلار بىلىدۇ. تاغ يولى ئىنتايىن خەتەرلىك بولۇپ، ھاۋا كىلىماتى بەكمۇ ئۆزگىرىشچان، ئېچكىرىلەپ ماڭغانسېرى تاغ چوققىلىرى شۇنچە ئېگىزلەپ بارىدۇ، جۇدۇن چىقىپ، يامغۇر ياغسىلا كەلكۈن كېلىپ يوللارنى ئۈزۈپ تاشلايدۇ. تاغدا نەدە ئىسسىق تاماق، نەدە ئازادە قونالغۇ؟ يەيدىغىنىمىزغا تالقان ۋە قۇرۇق نان، نەشتەردەك سانجىيدىغان سوغۇقتا چارۋىچىلارنىڭ كەپىلىرى ۋە گەمىلىرىدە قىستىلىپ ئۇخلايدىغان گەپ.



بىر قېتىم قارلىق تاغ باغرىدىكى يايلاققا دورا يەتكۈزۈپ بېرىشكە توغرا كېلىدۇ. ھوشۇر قۇربان دورا ساندۇقىنى مۈرىسىگە

ئارتىپ، ئات مىنگىنىچە ئېگىز-پەس تاغ يولىدا ئۇدا تۆت كۈن يول يۈرگەندىن كېيىن، ئاق بۇلاق داۋىنىغا يېقىنلاشقاندا تۇيۇقسىز ھاۋا ئۆزگىرىپ قاتتىق بوران چىقىدۇ. بوران بىر كۈچىيىپ، بىر پەسىيىۋاتاتتى. تۇيۇقسىز كۈچەيگەن بوراننىڭ زەربىسىدە ئۇ ئاتتىن سەنتۈرۈلۈپ دومىلاپ چۈشۈپ، چوڭقۇر تاغ جىلغىسىغا قاراپ سىيرىلدى، بەختكە يارىشا ئۇ ئاتنىڭ چۇلۋۇرىنى مەھكەم تۇتۇۋالغانىدى، ئاتنىڭ كۈچى بىلەن بۇ خەتەردىن قۇتۇلۇپ قالدى. نېمىدېگەن خەتەرلىك، ھوشۇر قۇربان 19 يىل تاغ يايلاقلىرىدا سەييارە كېسەل كۆرۈش جەريانىدا بۇنداق خېيىمخەتەر دائىم كۆرۈلۈپ تۇراتتى، ئۇنىڭ بەدىنى كۆپ قېتىم يارىلاندى. بۇنداق ئىشلار ئۇنىڭ ئۈچۈن ئادەتتىكى ئىش ئىدى.

تاغدا دەريادىن ئۆتۈشمۇ بىر قىيىن مەسىلە، ياز كۈنلىرى كەلكۈن كەلسە نەچچە كۈنگىچە پەسەيمەيدۇ، كەلكۈن سۈيى پەسەيگىنچە ساقلاشقا توغرا كېلىدۇ. قايسىبىر يىلى ئۇ يەنە تاغقا قاراپ يولغا چىقىدۇ. يولدا دەريادىن ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇ، دەريادا كەلكۈن سۈيى بەك ئۇلۇغ بولۇپ، ئىككى كۈنگىچە ساقلاپ تۇرسىمۇ كەلكۈن سۈيى يەنىلا پەسەيمەيدۇ، ئۈچىنچى كۈنى ھوشۇر قۇربان تاقەت قىلىپ تۇرالماي، قېيىر يېزىلىق تەمىنات - سودا كوپېراتىپىدىن تاغدىكى چارۋىچىلارغا تۇرمۇش بۇيۇملىرى يەتكۈزۈپ بېرىشكە ماڭغان سەپەرداش مۇھەممەت ناسىر بىلەن دەريادىن ئۆتۈش ئىرادىسىگە كېلىدۇ، ئۇلار ئاتقا مىنىپ دەريانىڭ ئوتتۇرىسىغا كەلگەندە شىددەتلىك دولقۇن ھوشۇر قۇربان مىنگەن ئاتنى يىقىتىۋېتىدۇ، ئۇ دورا ساندۇقىنى مەھكەم تۇتقىنىچە مۇھەممەت ناسىرنىڭ ياردىمىدە بىر ئامالLARنى قىلىپ قىرغاققا چىقىۋالىدۇ. ئۇ مىنگەن ئات ۋە ئات ئۈستىدىكى يۈك - تاق، ئوزۇق - تۈلۈكلەرنى كەلكۈن سۈيى يۇتۇپ كەتكەنىدى. ئۇلار ئاچ قورساق ئۈچ كۈن يول يۈرگەندىن كېيىن تېببىي دورا، تۇرمۇش

بۇيۇملىرىنى چارۋىچىلارغا يەتكۈزۈپ بېرىدۇ. بۇ ئىشتىن خەۋەر تاپقان چارۋىچىلار كۆزلىرىگە ياش ئېلىپ، ئۇلارغا رەھمەت ئېيتىدۇ.

هوشۇر قۇربان مانا مۇشۇنداق جاپالىق شەرت-شارائىت ئاستىدا توپتوغرا 19 يىل خىزمەت ئىشلىدى. بۇ 19 يىل جەريانىدا ئۇ بارغان تاغ- يايلاقلار، بېسىپ ئۆتكەن تاغ-داۋان، كېچىپ ئۆتكەن ئېقىنلىرىنىڭ سانىنى ئۆزىمۇ بىلمەيدۇ، ئەمما ئۇنىڭ قېيىر يېزىسىدا بىلمەيدىغان تاغ-يايلاق، دەريا-ئېقىنلار قالمىغانىدى. بۇ جەرياندا تارتقان جەبىر-جاپاسىنى ئۆزى بىلىپ تۇرسىمۇ قىلچە پۇشايمان قىلمىدى.

## بىمارلار ئۈچۈن ياخشى داۋالاش مۇھىتى بەرپا قىلىش

هوشۇر قۇربان دوختۇرلۇق خىزمىتىگە قەدەم قويغاندىن تارتىپلا تىرىشچانلىق بىلەن ئۆگىنىش، ئىجتىھات بىلەن كەسپىنى تەتقىق قىلىشنى بىر كۈنمۇ توختىتىپ قويمىدى. ئۇ تاغ - يايلاقلاردا ئاتلىق دوختۇر بولۇپ يۈرگەن ۋاقىتلىرىدا ئۆزى كېسىلنى كۆرۈپ داۋالىغان كېسەللەرنىڭ كېسەللىك ئەھۋالىنى، داۋالاش نەتىجىسى قاتارلىقلارنى خاتىرىلەپ مېڭىشنى داۋاملاشتۇرغانىدى. 38 يىللىق دوختۇرلۇق هاياتىدا نۇرغۇن كلىنىكىلىق تەجرىبىلەرنى توپلىدى، هېيت- بايرام، دەم ئېلىش كۈنى ۋە ئىشتىن سىرتقى ۋاقىتلاردىن پايدىلىنىپ، پۈتۈن زېھنى بىلەن تىببىي ئىلمىگە ئائىت ماتېرىياللارنى كۆرۈپ، تېبابەتچىلىك نەزەرىيە ئاساسىنى مۇستەھكەملىدى. ئۇ 1976 -

يىلى 10-ئايدىن 1978-يىلى 10-ئايغىچە ئاقسۇ ۋىلايەتلىك تېببىي تېخنىكومىنىڭ داۋالاش كەسپىدە مۇنتىزىم تەربىيىلەنگەندىن سىرت، يەنە ئىلگىرى-كېيىن بولۇپ شىنجاڭ تېببىي ئۇنىۋېرسىتېتى دوختۇرخانىسى، يېزا ئىگىلىك 1-دىۋىزىيە دوختۇرخانىسى، ئاقسۇ ۋىلايەتلىك خەلق دوختۇرخانىسى قاتارلىق نوپۇزلۇق تېببىي داۋالاش ئورۇنلىرىدا مەخسۇس يۈرەك قان تومۇر كېسەللىكلىرىنى داۋالاش، جىددىي قۇتقۇزۇش بويىچە بىلىم ئاشۇرۇپ، بۇ جەھەتتە باي ناھىيىسى بويىچە يۇقىرى سەۋىيىلىك نوپۇزلۇق دوختۇرلاردىن بولۇپ قالدى. ئۇ يەنە تاشقى كېسەللىك، ئىچكى كېسەللىك، تېرە كېسەللىكلىرىنى داۋالاش جەھەتتىمۇ مول كلىنىكىلىق تەجرىبىلەرنى توپلاپ، ئېغىر كېسەلگە گىرىپتار بولغان بىمارلارنى كېسەللىك ئازابىدىن خالاس قىلىپ، ھاياتىنى قۇتقۇزۇپ قالدى.

ھوشۇر قۇربان كۆزگە كۆرۈنگەن قابىل دوختۇر، خەلقنىڭ ئىشەنچىسىگە ئېرىشكەن قابىل تەشكىللىگۈچى. 1990-يىلى تەشكىل ئۇنىڭ داۋالاش جەھەتتىكى تېخنىكىسىنىڭ يۇقىرىلىقى، خىزمەتتىكى گەۋدىلىك نەتىجىسىنى كۆزدە تۇتۇپ، باي ناھىيىسى بويىچە خىزمەتتە بىرقەدەر ئارقىدا قالغان قىزىل يېزىلىق دوختۇرخانىنىڭ مەسئۇللۇقىغا تەيىنلىدى. بۇ ۋاقىتتا قىزىل يېزىلىق دوختۇرخانىنىڭ داۋالاش شارائىتى ئىنتايىن ناچار بولۇپ، مالىيىسىدە بىر پۇڭ ئېشىنچا پۇل قالمىغانىنىڭ ئۈستىگە، يەنە ناھىيىلىك دورا شىركىتىگە 35 مىڭ 100 يۈەن قەرز بولۇپ قالغانىدى. 8 مىڭدىن ئارتۇق نوپۇسقا ئىگە بىر يېزىدىكى دوختۇرخانىنىڭ بۇ ھالىتى ئۇنى قاتتىق ئازابلىدى. ھوشۇر قۇربان ئالدى بىلەن دوختۇر، سېستىرالار بىلەن پىكىر ئالماشتۇرۇپ، ئۇلارغا سەۋرچانلىق بىلەن ئىدىيىۋى خىزمەت ئىشلىدى، تۈرلۈك قائىدە-تۈزۈملەرنى تۈزۈپ ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈپ يولغا قويدى. بىمارلارغا

كۆيۈنۈپ، ئەلا مۇلازىمەتنى يولغا قويدى. بۇنىڭ بىلەن تاقىلىپ قېلىش ئالدىدا تۇرغان دوختۇرخانىدا جانلىنىش كەيپىياتى شەكىللىنىپ، كېسەل كۆرسەتكىلى كېلىدىغانلارنىڭ سانى تەدرىجىي كۆپەيدى. دوختۇرخانىنىڭ ئىقتىسادىي ئەھۋالىدىمۇ ياخشىلىنىش بولدى ، شۇ يىلى دوختۇرخانا قەرزىنى پۈتۈنلەي قايتۇرۇپ، پايدا يارىتىشقا قاراپ يۈزلەندى. ئىككىنچى يىلى 12ئېغىزلىق كېسەلخانا قۇرۇلۇشىنى تاماملاپ، كارىۋات ۋە زۆرۈر بولغان داۋالاش ئۈسكۈنىلىرىنى سېتىۋېلىپ دوختۇرخانا شارائىتىنى بەلگىلىك دەرىجىدە ياخشىلىدى.

ئۇ قىزىل يېزىلىق دوختۇرخانىدا ئۈچ يىل ئىشلەپ نەتىجە ياراتقاندىن كېيىن، تەشكىل ئۇنى يەنە ناھىيە بويىچە ئەڭ چوڭ يېزا دەرىجىلىك دوختۇرخانا—سايرام بازارلىق دوختۇرخانىنىڭ باشلىقلىقىغا يۆتكىدى. سايرام بازىرىدا 20 مىڭغا يېقىن نوپۇس بولسىمۇ، دوختۇرخانا كونىراپ كەتكەنىدى، داۋالاش ئۈسكۈنىلىرى ناھايىتى ئاددىي بولۇپ، تىڭشىغۇچ، قان بېسىمىنى ئۆلچىگۈچ بۇ دوختۇرخانىنىڭ بىردىنبىر دىئاگنوز قويۇش ئۈسكۈنىسى ئىدى. خىزمەت مۇھىتى ناچار، باشقۇرۇش ياخشى بولمىغانلىقتىن، خىزمەتچىلەرنىڭ كۆڭلى سوۋۇپ، كېسەللەرگە ياخشى مۇئامىلە قىلمايدىغان، كېسەللەر دوختۇرلاردىن نارازى بولىدىغان ئەھۋال كېلىپ چىققانىدى. كېسەل كۆرسەتكىلى كېلىدىغانلارنىڭ سانى كۈندىن - كۈنگە ئازلاپ، دوختۇرخانا پالەچ ھالغا چۈشۈپ قالغانىدى. ھوشۇر قۇربان ۋەزىپە تاپشۇرۇۋېلىپلا سايرام بازارلىق دوختۇرخانىنىڭ قىياپىتىنى تۈپتىن ئۆزگەرتىشكە بەل باغلىدى. ئۇ ئالدى بىلەن تۈرلۈك يوللار بىلەن مەبلەغ غەملەپ، ئىشچى - خىزمەتچىلەر تۇرالغۇسى، دوختۇرخانا ئۆيلىرىنى رېمونت قىلدۇرۇپ، خادىملارنىڭ كۆڭلىنى تىنچلاندۇرۇش بىلەن بىرگە، باشقۇرۇش تۈزۈملىرىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، خىزمەت تەرتىپىنى چىڭىتىپ،

دوختۇر، سېستىرالارنىڭ خىزمەت پوزىتسىيىسىنى ياخشىلاپ، داۋالاش سۈپىتىنى ئۆستۈرۈشكە نۇقتىلىق كۈچ سەرپ قىلدى. بۇنىڭ بىلەن بۇ دوختۇرخانىنىڭ دېھقان ـ چارۋىچىلار قەلبىدىكى ئوبرازى بارا ـ بارا ياخشىلىنىپ، كېسەللەرنى جەلپ قىلىش كۈچى ئاشتى، ئىقتىسادىي ئۈنۈمىمۇ ياخشىلىنىش بولدى. ئىلگىرى يىللىق كىرىمى 100 مىڭ يۈەنگە يەتمەيدىغان بۇ دوختۇرخانا 1994 ـ يىلى 300 مىڭ يۈەن كىرىم قىلدى. كېيىنكى يىللاردا يىللىق كىرىمىنى 600 مىڭ يۈەنگە يەتكۈزدى.

هوشۇر قۇربان 1997 ـ يىلى سايرام بازارلىق دوختۇرخانا قۇرۇلۇشىنى يېڭىلاپ، 16 ئېغىزلىق كېسەلخانا سالدى، 1998 ـ يىلى 14 ئائىلىلىك ئىشچى ـ خىزمەتچىلەر تۇرالغۇسى سالدى، بىر تۈركۈم داۋالاش ئۈسكۈنىلىرىنى كىرگۈزۈپ، داۋالاش شارائىتىنى زور دەرىجىدە ياخشىلاپ، بۈگۈنكى كۈندە سايرام بازارلىق دوختۇرخانىنىڭ ناھىيە، ۋىلايەت بويىچە يېزا ـ بازارلىق دوختۇرخانىلارنىڭ ئۈلگىسى بولۇشىغا ئاساس سالدى. هوشۇر قۇربان سايرام بازارلىق دوختۇرخانىدا دوختۇرخانا باشلىقى بولۇپ سەككىز يىلدىن كېيىن، يەنى 2000 ـ يىلى ناھىيىلىك سەھىيە ئىدارىسى ئۇنىڭغا باي ناھىيىلىك ئۇيغۇر تېبابەت دوختۇرخانىسىنى قايتا تەشكىللەپ قۇرۇپ چىقىشتىن ئىبارەت شەرەپلىك ھەم جاپالىق بىر ۋەزىپىنى تاپشۇردى. ئالدىنقى مەزگىللىك تەييارلىق خىزمەت ئاساسىدا شۇ يىلى ئەسلىدىكى ئۇيغۇر تېبابەت شىپاخانىسى بىلەن باي بازارلىق دوختۇرخانا بىرلەشتۈرۈلۈپ، باي ناھىيىلىك ئۇيغۇر تىبابەت دوختۇرخانىسى قىلىپ تەشكىللەندى. بۇ دوختۇرخانا قايتا تەشكىللىنىپ قۇرۇلغان بولسىمۇ، بىراق بىرىنچىدىن، مۇقىم ئورۇن، ئىككىنچىدىن، مەبلەغ، ئۈچىنچىدىن، داۋالىنىش ئۈسكۈنىلىرى يوق، تۆتىنچىدىن، دوختۇر ـ سېستىرالارنىڭ تېخنىكا ساپاسى تۆۋەن ئىدى، قانداق

قىلىش كېرەك؟ قىيىنچىلىق ھەرقانچە ئېغىر بولسىمۇ، خىزمەت ئىشلەش كېرەكتە! مەبلەغ بولمىغاندا بانكىدىن قەرز ئېلىش ئۈچۈن تالاي قېتىم چاپتى، ئۆزى ھەل قىلالمىغاندا دادىللىق بىلەن ناھىيە رەھبەرلىرىنى ئىزدەپ، كۆپ جەھەتتىن تىرىشچانلىق كۆرسىتىش ئارقىلىق ئامبۇلاتورىيە بىناسىنى سېلىشقا 1 مىليون يۈەن قەرز ھەل قىلىپ، ئالتە ئاي ئىچىدە بىنانى پۈتكۈزۈپ ئىش باشلىدى. تېببىي خادىملارنىڭ كەسپىي ساپاسىنى ئۆستۈرۈش ئۈچۈن، ئۇ يەنە ئىككى يىل داۋامىدا 40% تېببىي خادىمنى مۇددەت، تۈركۈمگە بۆلۈپ ئاقسۇ ۋىلايەتلىك دوختۇرخانا، شىنجاڭ تېببىي ئۇنىۋېرسىتېتى ۋە بېيجىڭدىكى نوپۇزلۇق دوختۇرخانىلاردا بىلىم ئاشۇرۇشقا ئەۋەتىپ، ئۇيغۇر تېبابەت دوختۇرخانىسىنىڭ داۋالاش تېخنىكىسى ۋە داۋالاش سۈپىتىنى تېز سۈرئەتتە ئۆستۈردى. داۋالاش ئۈسكۈنىلىرى قالاق بولۇش ئەھۋالىغا قارىتا پائال چارە-تەدبىر ئىزدەپ، كۆپ خىل يوللار ئارقىلىق مەبلەغ غەملەپ، رەڭلىك B تىپلىق تەكشۈرۈش ئاپپاراتى، چوڭ تىپتىكى رېنتگېن ئاپپاراتى، يېڭى تىپتىكى ئەڭ ئىلغار يۈرەك تەكشۈرۈش ئۈسكۈنىسى، ئوپېراتسىيە ۋە تەجرىبە ئۈسكۈنىلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان 1 مىليون يۈەن قىممىتىدىكى ئەسلىھەلەرنى كىرگۈزۈپ، يۇقىرى داۋالاش تېخنىكىسى بىلەن ئىلغار ئۈسكۈنىلەرنىڭ ئەۋزەللىكىنى ئورگانىك بىرلەشتۈرۈپ، كېسەللەرنى كۆپلەپ جەلپ قىلدى، بۇنىڭ بىلەن دوختۇرخانىنىڭ ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي ئۈنۈمى يۇقىرى كۆتۈرۈلدى. 2001-يىلى 1 مىليون 700 مىڭ يۈەن كىرىم قىلغان بولسا، 2002-يىلى 2 مىليون 730 مىڭ يۈەنگە يەتكۈزدى، ئىقتىسادىي ئۈنۈمنىڭ ئېشىشى بىلەن قەرزنى قايتۇردى ھەمدە ئىشچى-خىزمەتچىلەرنىڭ ئولتۇراق بىناسى ۋە ئۇنىۋېرسال خىزمەت بىناسى سالدى، دوختۇرخانىنىڭ خىزمەت مۇھىتىنى ياخشىلاپ،

داۋالاش سوپىتى ۋە داۋالاش تېخنىكىسىنىڭ يۇقىرى كۆتۈرۈلۈشىگە تۈرتكە بولدى.

ئۇيغۇر تېبابەت دوختۇرخانىسى قۇرۇلۇپ هازىرغا قەدەر 6 يىلغا يەتمىگەن ۋاقىت ئىچىدە ئەسلىدىكى بىرلا بۆلۈم-ئىشخانىدىن هازىر تەرەققىي قىلىپ ئىچكى كېسەللىكلەر بۆلۈمى، تاشقى كېسەللىكلەر بۆلۈمى، ئاياللار كېسەللىكلىرى بۆلۈمى، ئېغىز بوشلۇقى كېسەللىكلىرى بۆلۈمى، تېرە كېسەللىكلىرى بۆلۈمى قاتارلىق 17 بۆلۈم، ئىشخانىغا ئىگە مۇنتىزىم دوختۇرخانىغا ئايلاندى، ئەسلىدىكى 10 كېسەل كارىۋىتى 60 كارىۋاتقا يەتتى، دوختۇرخانىدا يىللىق ئامبۇلاتورىيىدە داۋالانغانلار 60 مىڭ ئادەم قېتىمغا، بالنىستتا يېتىپ داۋالانغانلار 2 مىڭ ئادەم قېتىمغا يەتتى، داۋالاش سەۋىيىسىمۇ زور دەرىجىدە ئۆسۈپ، ئىلگىرى ئادەتتىكى كېسەللەرنى تەكشۈرۈپ داۋالايدىغان هالەتتىن هازىرقى سوقۇر ئۈچەي ئالمىشىپ قېلىش، سېرىق ئەت بۆسۈلۈش، ئاشقازان تېشىلىش قاتارلىق چوڭ ۋە ئوتتۇرا تىپتىكى ئوپېراتسىيىلەرنى قىلالايدىغان شارائىت هازىرلىدى، يېزا دەرىجىلىك دوختۇرخانىدىن ناهىيە دەرىجىلىك مۇنتىزىم دوختۇرخانىغا ئۆزگەرتىشنى ئەمەلگە ئاشۇردى.

## بىمارلارغا ياردەم قولىنى سۇنۇش

هوشۇر قۇربان دائىم «دوختۇرنىڭ مەجبۇرىيىتى كېسەلنى داۋالاپ، ئادەم قۇتقۇزۇش» دەيدۇ. ئۇنىڭ ئۆز بۇرچىنى ئادا قىلىش جەريانىدا تالاي قېتىم نامرات كېسەللەرنىڭ قىيىنچىلىقىنى ئۆز قىيىنچىلىقىم دەپ بىلىپ ئۇلارغا خالىس ياردەم قىلغانلىقى توغرىسىدا سۆز بولغاندا، كەسىپداشلىرى ئۇنىڭ ناهايىتى مەرد

ئادەم ئىكەنلىكىنى، كېسەللەر ئۇچۇن يانچۇقىنى كولاش ئۇنىڭ ئۈچۈن دائىملىق ئىش ئىكەنلىكىنى بەس ـ بەستە تىلغا ئېلىشىدۇ.

هوشۇر قۇربان يېزىلىق دوختۇرخانىنىڭ باشلىقى بولۇپ ئىشلەۋاتقان چاغلىرى ئىدى. بىر كۈنى قەددى پۈكۈلگەن بىر دېھقان كېسەل كۆرسەتكىلى كەلدى،كېرەم ھاكىم ئىسىملىك بۇ دېھقاننىڭ دۈمبىسىگە چىقان (يىرىڭلىق يارا) چېققان بولۇپ، دۈمچىيىپ تەستە ماڭاتتى، هوشۇر قۇربان ئۇ ئادەمنى ياتاققا ئېلىپ، ئۆز قولى بىلەن ئوپېراتسىيە قىلدى ھەم كۆڭۈل قويۇپ داۋالىشى ئارقىسىدا كېرەم ھاكىمنىڭ يارىسى 16 كۈندە تولۇق ساقىيىپ، دوختۇرخانىدىن چىقتى، كېرەم ھاكىمنىڭ داۋالىنىش چىقىمىغا جەمئىي 1100 يۈەن كەتكەن بولۇپ، ئائىلىسىدىكىلەر ئۇنىڭدىن ـ بۇنىڭدىن قەرز ئېلىپ يۈرۈپ ئاران 800 يۈەن تاپشۇرالىدى، قالغان پۇلغا پەقەت ئامال قىلالمىدى، هوشۇر قۇربان بۇ بىچارە دېھقاننىڭ تەڭلىكتە قېلىۋاتقانلىقىنى بىلىپ، ئۆز يېنىدىن 300 يۈەن چىقىرىپ ئۇنىڭ داۋالىنىش چىقىمىنى تۆلەپ قويدى. بۇ 1992 ـ يىلىدىكى ئىش بولۇپ، بۇ شۇ چاغدا هوشۇر قۇرباننىڭ يېرىم ئايلىق ئىش ھەققىگە تەڭ ئىدى.

2002 ـ يىلى يىل بېشىدا ئەر ـ ئايال ئىككى نەپەر خەنزۇ كىشى ئۇيغۇر تېبابەت دوختۇرخانىسىغا كىرىپ كەلدى. ئۇلار سىچۈەنلىك ئىشلەمچىلەر بولۇپ، جىق پۇل تاپالمىغان، ئايالىنىڭ تۇغۇتى يېقىنلىشىپ قالغاچقا، ئۇيغۇر تېبابەت دوختۇرخانىسىغا كەلگەنىدى. تەكشۈرۈش ئارقىلىق بۇ ئايالنىڭ قورسىقىدىكى ھامىلىنىڭ ئورنى توغرا بولمىغانلىقى ئېنىقلاندى. ئەمما ئۇيغۇر تېبابەت دوختۇرخانىسى قورساقنى يېرىپ تۇغدۇرۇش ئوپېراتسىيىسىنى قىلالمايتتى، شۇڭا بۇ بىمارغا ناھىيىلىك دوختۇرخانىغا بېرىش تەكلىپىنى بېرىدۇ، بىراق ئۇلار «ئارانلا 200

يۈەن پۇلىمىز بار، قورساقنى يېرىپ تۇغدۇرۇش ئوپېراتسىيىسى قىلدۇرۇشقا قۇربىتىمىز يەتمەيدۇ. بىر ئامال قىلساڭلار» دەپ ئۆتۈنۈپ تۇرۇۋالىدۇ. دوختۇرخانا ئاياللار بۆلۈمىدىكى دوختۇرلار مۇزاكىرە قىلىش ئارقىلىق ئوڭ تۇغۇلۇش بويىچە مۇئامىلە قىلىش قارارىغا كېلىدۇ . ھوشۇر قۇرباننىڭ كۆڭۈل بۆلۈشى ئارقىسىدا ئەڭ ياخشى دورا ـ ئوكۇللارنى ئىشلىتىپ، يېرىم كۈن كۆزىتىپ داۋالاش ئارقىلىق بىر ساغلام ئوغۇل بوۋاقنى تىنچ ـ ئامان تۇغدۇرىدۇ. ئانا ـ بالىنىڭ ئامان ـ ئېسەن تۇرغانلىقىنى كۆرگەن ھوشۇر قۇرباندىن خاتىرجەم بولىدۇ. ئەمما ئانا ـ بالا تۆت كۈن ياتاقتا يېتىپ، داۋالىنىشىغا 530 يۈەن كېتىدۇ. ئۇلار بۇ پۇلنىڭ قالغان قىسمىغا پەقەت ئامال قىلالمايدۇ، ھوشۇر قۇربان بۇ ئەھۋالدىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن 330 يۈەن چىقىرىپ ئۇلارنىڭ داۋالىنىش ھەققىنى تۆلەپ قويىدۇ، ئۇلار ھوشۇر قۇرباندىن كۆپ مىننەتدار بولىدۇ.

## كېسەل تۇرۇپمۇ كەلكۈنگە تاقابىل تۇرۇپ، خەتەردىن قۇتقۇزۇشنىڭ بىرىنچى سېپىدە چىڭ تۇرۇش

ھوشۇر قۇربان 38 يىللىق دوختۇرلۇق ھاياتىدا ئاممىغا، كېسەللەرگە، دوختۇرخانىغا كۆپ كۆڭۈل بۆلدى، بىراق ئۆزىگە، ئائىلىسىگە ئانچە كۆڭۈل بۆلەلمىدى. ئۇ كۆپ يىللاردىن بۇيان خىزمەت ئورنىدا ئىزچىل چىڭ تۇرۇپ ئىشلەپ، ئاساسەن ئارام ئېلىشنى بىرچەتكە قايرىپ قويدى، كەچ ۋاقىتلىرىمۇ ئىسمېنا قوشۇپ ئىشلەپ، ئۆزىنى خىزمەتكە بېغىشلىدى. 1996 ـ يىلى تۈيۈقسىز قوزغالغان يۈرەك كېسەللىكى ئۇنى ئاخىرى يىقىتتى،

بەختكە يارىشا تېز قۇتقۇزۇۋېلىنغانلىقتىن، ھاياتى ساقلاپ قېلىندى. شىنجاڭ تېببىي ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئوپېراتسىيە قىلدۇرۇپ سالامەتلىكى ئازراق ياخشىلانغاندىن كېيىن، تولۇق ئەسلىگە كېلىشنى ساقلىمايلا جىددىي خىزمەتكە كىرىشىپ كەتتى. 2001 ـ يىلى ئۇنىڭ يۈرەك كېسىلى قايتا قوزغىلىپ، يەنە بىر قېتىم ئوپېراتسىيە قىلىندى، بۇ ۋاقىتتىمۇ ياتاقتا كۆپ ياتمايلا ئازراق دورا، ئوكۇللارنى ئېلىپ قايتىپ كەلدى. ئارىدىن بىر يىل ئۆتۈپ خىزمەت ۋەزىپىسىنىڭ ئېغىرلىقىدىن چارچاپ كېتىپ، يۈرەك كېسىلى قايتا قوزغىلىپ، يەنە بىر قېتىم ئوپېراتسىيە قىلىندى، بۇ قېتىم دوختۇر ئۇنىڭغا قايتا ـ قايتا تاپىلاپ، بۇنىڭدىن كېيىن بەك چارچاپ كەتسە بولمايدىغانلىقىنى، ئۈچ ئاي ئىچىدە ئېغىر ھەرىكەت قىلىشقا بولمايدىغانلىقىنى ئۇقتۇردى، بىراق ئۇ دوختۇرنىڭ نەسىھىتىنى ئەستە تۇتمىدى.

2002 ـ يىل 7 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنى ھوشۇر قۇربان يۈرەك ئوپېراتسىيىسى قىلدۇرۇپ ئەمدىلا 23 كۈن بولغان چاغ ئىدى. دەل شۇ كۈنلەردە باي ناھىيىسىدە يېقىنقى 100 يىلدىن بۇيان ئاز كۆرۈلگەن كەلكۈن ئاپىتى يۈز بېرىپ، باي خەلقىنىڭ ھاياتى ۋە مال ـ مۈلكىنىڭ بىخەتەرلىكىگە ئېغىر تەھدىت سالدى. بەدىنىدىكى ئوپېراتسىيە پىچىقىنىڭ ئىزى ئۆچمىگەن ھوشۇر قۇربان كېسەل كارىۋىتىدا يېتىپ يۇرتىدا يۈز بەرگەن ئاپەت ئەھۋالىدىن خەۋەر تاپقاندا، ئۇنىڭ يۈرىكى ئېغىر ئاپەتتىن قۇتقۇزۇش نەق مەيدانىغا ئاتلىنىش ئىستىكىدە تېپىچەكلىدى. ئۇ دوختۇرنىڭ توسقىنىغا قارىماي، كېرەكلىك دورىلارنى ئېلىپ ئۈرۈمچىدىن بايغا قايتىپ كەلدى ھەمدە كەلكۈنگە تاقابىل تۇرۇپ ئاپەتتىن قۇتقۇزۇش نەق مەيدانىغا يېتىپ كېلىپ، ئۇيغۇر تېبابەت دوختۇرخانىسىدىكى تېببىي خادىملارنىڭ بىر قىسمىنى ئاپەت رايونىنى دېزىنفېكسىيە قىلىپ، ئاپەتكە ئۇچرىغان ئاممىنىڭ

كېسىلىنى كۆرۈپ، دورا يەتكۈزۈپ بېرىشكە ئەۋەتسە، يەنە بىرقىسىم خادىملارنى خەتەردىن قۇتقۇزۇشنىڭ بىرىنچى سېپىگە باشلاپ باردى. ئىش ئورنىدا ئۆزىنىڭ سالامەتلىكى تېخى تولۇق ئەسلىگە كېلىپ بولالمىغانلىقىغا قارىماي، 30 نەچچە كىلوگرام ئېغىرلىقتىكى قۇم خالتىسى، قورام تاشلارنى توشۇدى. توختىماي ھەرىكەت قىلىۋەرگەچكە، ئوپېراتسىيە قىلىنغان جاي تارتىشىپ ئاغرىدى، ئاغرىق ئازابىدىن پېشانىسىدىن قۇيۇلغان مونچاق - مونچاق تەر يامغۇر سۈيى بىلەن قوشۇلۇپ كىيىملىرىنى چىلىق - چىلىق قىلىۋەتتى. شۇنداق شارائىتتا ئۇ يارا ئېغىرىنى تېڭىپ، ئاغرىق ئازابىنى يەڭگىللىتىپ، يەنە كەلكۈن ئېقىنىغا ئۆزىنى ئېتىپ، دامبىغا تاش، قۇم خالتىسى بېسىش بىلەن جىددىي مەشغۇل بولدى، رەھىمسىز كەلكۈن دولقۇنلىرى ئۇنىڭ كۆكرىكىگە زەرب بىلەن ئۇرۇلماقتا ئىدى. يوگەنسىز كەلكۈن دولقۇنلىرىنىڭ ئۇنى يالماپ يۇتۇۋېتىش خەۋپى ھەر ۋاقىت مەۋجۇت ئىدى.

كەلكۈنگە تاقابىل تۇرۇپ، خەتەردىن قۇتقۇزۇشتىكى بىر مەيدان ھايات - ماماتلىق كۈرەش ئەنە شۇ تەرىقىدە داۋاملاشماقتا ئىدى. ئۇنىڭ زەخمىسى ساقايمىغانىنىڭ ئۈستىگە، ياللۇغلىنىپ قالغانلىقى، زىيادە چارچاپ كەتكەنلىكى سەۋەبىدىن ئۇ كەلكۈنگە تاقابىل تۇرۇپ، خەتەردىن قۇتقۇزۇش نەق مەيدانىدا ھوشىدىن كەتتى، ئۇ ھوشىغا كەلگەندە، قىلغان تۇنجى سۆزى «دامبىنى ساقلاپ قالالىدىڭلارمۇ؟ دورا ئاپەت رايونىدىكى ئاممىنىڭ قولىغا تەگدىمۇ؟» دېگەندىن ئىبارەت بولدى. ئەتراپتىكى كىشىلەر بۇ جەسۇر ئوغلاننىڭ كېسەل ھالەتتە يېتىپ تۇرۇپمۇ، دۆلەتنىڭ مال - مۈلكىنى، خەلقنىڭ بىخەتەرلىكىنى قوغداۋاتقانلىقىنى كۆرگەندە، ئۆزىنى بېسىۋالالماي كۆز يېشى قىلىشتى.

38 يىلدىن بۇيان ھوشۇر قۇربانىنىڭ جاپالىق ئەجرى ئۇنىڭغا نۇرغۇن شان - شەرەپنى ئاتا قىلدى. « 2004 - يىللىق دۇنياۋى

مەشھۇر شەخس»،«جۇڭخۇا مىللەتلىرىدىكى خىزمەت كۆرسەتكەن شەخس»، « جۇڭگونىڭ ئىسلاھاتىدىكى 100 ئاخباراتلىق شەخس»، «جۇڭگو كەسىپ ساھەسىدىكى يېڭىلىق يارىتىشتىكى 100 مەشھۇر شەخس»، «ئىلغار خىزمەتچى»، « مۇنەۋۋەر پارتىيە ئەزاسى»، «مۇنەۋۋەر پارتىيە خىزمەتچىسى» قاتارلىق ناملارغا ئېرىشىپ كۆپ قېتىم تەقدىرلەندى.

2004-يىل 7-ئاينىڭ 3-كۈنى ھوشۇر قۇربان ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ بىردىنبىر ۋەكىلى سۈپىتىدە بېيجىڭ خەلق سارىيىدا ئۆتكۈزۈلگەن «جۇڭگونىڭ ئىسلاھاتىدىكى 100 نەمۇنىچى ئاخباراتلىق شەخسلەرنى تەقدىرلەش يىغىنى»غا قاتنىشىپ، مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى تۆمۈر داۋامەتنىڭ سەمىمىي قوبۇل قىلىشىغا ئېرىشتى، تۆمۈر داۋامەت ھوشۇر قۇرباننىڭ قولىنى چىڭ سىقىپ تۇرۇپ «سىز ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ غۇرۇرى، شىنجاڭلىقلارنىڭ غۇرۇرى» دېگەندە، ھوشۇر قۇربان بۇ شان-شەرەپ، ماختاشلار ئالدىدا قىلچىمۇ ئۆزىنى يوقىتىپ قويماي: «مەن دۆلەت كادىرى، خەلقىم ماڭا ئېھتىياجلىق بولسىلا ئىشلەيمەن، ئىشلىگەندىمۇ ياخشى ئىشلەيمەن» دەپ تەمكىنلىك بىلەن جاۋاب بەردى.

## خاتىمە

ھوشۇر قۇربان دوختۇرلۇق بىلەن شۇغۇللانغان 38 يىلدىن بۇيان «ئۆلۈمگە ئامال، ئاغرىققا سەۋەب قىلىپ، بىمارلارنى كېسەل ئازابىدىن قۇتقۇزۇش»تىن ئىبارەت مۇقەددەس بۇرچىنى بىر كۈنمۇ ئېسىدىن چىقىرىپ قويمىدى، ئۇ ھەرقانداق شارائىت، ھەرقانداق ۋاقىتتا بىمارلارنى كېسەل ئازابىدىن قۇتقۇزۇشنى خىزمىتىنىڭ

ئەڭ مۇھىم نۇقتىسى قاتاردا چىڭ تۇتتى. 38يىللىق خىزمەت هاياتى هوشۇر قۇربانىنى خېلىلا هالسىرىتىپ قويدى، ئۇ ئېغىر دەرىجىدە يۈرەك كېسىلىگە گىرىپتار بولۇپ، ئۇدا تۆت قېتىم ئوپېراتسىيە قىلدۇرغان بولسىمۇ، ئۇنىڭ قەلبىدە پارتىيە ۋە خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىش ئۇلۇغ ئىستىكى ئۇرغۇپ تۇرىدۇ، باي ناھىيىلىك ئۇيغۇر تېبابەت دوختۇرخانىسىغا تېخىمۇ زور هاياتىي كۈچ بەخش ئېتىش ئارزۇسى ئۇنى داۋاملىق ئالغا ئۈندىمەكتە.

# دېھقانلارنىڭ كىرىمىنى ئاشۇرۇشتا، يېزا ئىگىلىكىنى كەسپلەشتۈرۈشكە تايىنىمىز

(باي ناھىيىلىك پارتكومنىڭ شۇجىسى گاۋ كېپىڭنى زىيارەت)

سوتسىيالىستىك يېڭى يېزا قۇرۇش، ئىناق جەمئىيەت بەرپا قىلىشتا دېھقانلارنىڭ كىرىمىنى ئاشۇرۇش مۇھىم ھالقا. باي ناھىيىلىك پارتكومنىڭ شۇجىسى گاۋ كېپىڭ يېقىندا مۇخبىرنىڭ زىيارىتىنى قوبۇل قىلغاندا بىر قانچە بولاق پىششىقلاپ ئىشلەنگەن ئۈرۈك مېغىزى مەھسۇلاتلىرىنى قولىدا تۇتۇپ تۇرۇپ: بۇ مەھسۇلات نۇسخىلىرىنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىشقا بارغانلار ئالغاچ كەلگەن، بۇ ناھىيىمىزنىڭ يېزا ئىگىلىكىنى كەسپلەشتۈرۈپ تەرەققىي قىلدۇرۇشتا پايدىلىنىش قىممىتىگە ئىگە، دېدى.



گاۋ كېپىڭ مۇنداق دېدى: باي ناھىيىسىدە يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرى ئىنتايىن مول، لېكىن كۆلەم شەكىللەنمىدى، ئۆزگىچە خاس بازار ئاچالمىدى. شۇڭا دېھقانلار تازا نەپ

ئالالمايۋاتىدۇ، دېھقانلارنى بېيىتىمىز دەيدىكەنمىز، چوقۇم ئۇلارنىڭ قولىدىكى يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنى تاۋارغا ئايلاندۇرۇپ بازارغا سېلىشىمىز لازىم. بايلىق ئەۋزەللىكىنى ئىقتىسادىي ئەۋزەللىككە ئايلاندۇرۇش ئىستراتېگىيىسىنى ئىشقا ئاشۇرۇشنىڭ ئەڭ ياخشى چارىسى يېزا ئىگىلىكىنى كەسپلەشتۈرۈش، كەسپلەشتۈرۈش ئارقىلىق بازار بىلەن دېھقانلار ئائىلىسىنى جىپسىلاشتۇرۇش، شۇڭا بىز سانائەتلىشىش ئوي - پىكرى بىلەن يېزا ئىگىلىكىنى پىلانلاپ، باشلامچى كارخانا، بازار قۇرۇلۇشى، داڭلىق تاۋار ماركىسى يارىتىشتا نۇقتىلىق كۈچ سەرپ قىلىپ، ئەنئەنىۋى يېزا ئىگىلىكىنىڭ زامانىۋى يېزا ئىگىلىككە قاراپ بۇرۇلۇش ياسىشىنى ئىلگىرى سۈرىمىز.

ئۇ مۇنداق دېدى: كەسپلەشتۈرۈشكە تايانغاندا، يېزا ئىگىلىكىنىڭ ئۈنۈمىنى ئاشۇرۇپ، دېھقانلارنىڭ كىرىمىنى كۆپەيتكىلى بولىدۇ. بۇ يىل ناھىيىمىز پەمىدۇر پىششىقلاپ ئىشلەش كارخانىسىدىن بىرنى كىرگۈزۈپ، توختام ئىمزالىدى، شۇنىڭ بىلەن بىرگە رايونىمىزنىڭ ئۆرۈك، چارۋا مەھسۇلاتلىرى مول بولۇش ئەۋزەللىكىگە ئاساسەن، ئۆرۈك پىششىقلاپ ئىشلەش كارخانىسى، چارۋا مەھسۇلاتلىرىنى پىششىقلاپ ئىشلەش كارخانىلىرىنى كىرگۈزۈش ئۈچۈن پائال سۆھبەت ئېلىپ بېرىۋاتىمىز. تالالىق زىغىر زاۋۇتىنىڭ ئىككىنچى ئىشلەپچىقىرىش لىنىيىسىدىمۇ ئىش باشلىنىدۇ. بۇ ئارقىلىق يېزا ئىگىلىكىنى كەسپلەشتۈرۈپ باشقۇرۇش زور كۈچ بىلەن ئىلگىرى سۈرۈلىدۇ. دېھقانلارنىڭ كىرىمىنى ئاشۇرۇشنى يادرو قىلىپ، كەسپلىشىش قەدىمىنى تېزلىتىمىز. يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنى ئۆلچەملىك ئىشلەپچىقىرىش ئۈچۈن، بىز «ئۈچ يۇقىرى» ئۈلگە كۆرسىتىش يېزا ئىگىلىكى تۈرىنى نۇقتىلىق يۆلەيمىز ۋە يېتەكلەيمىز. پىلان بويىچە بىز ئۈچ ئۈلگە كۆرسىتىش

يېزا ئىگىلىك تۈرىگە ئىككى مىليون 500 مىڭ يۈەن مەبلەغ سالىمىز، يەنى زىيانسىز ئۆلگە كۆرسىتىش دېھقانچىلىق بازىسى، پاكار، زىچ ئۆستۈرۈپ بالدۇر مېۋە بېرىدىغان ئالاھىدە باغ - ئورمانچىلىق ئۆلگە كۆرسىتىش بازىسى ۋە ئىلمىي باقمىچىلىق بويىچە ئۆلگە كۆرسىتىش بازىسى قاتارلىقلاردىن ئىبارەت.

گاۋ كېپىڭ ئاخىردا مۇنداق دېدى: يېزا ئىگىلىكىنى كەسىپلەشتۈرۈشنى ئىلگىرى سۈرۈشتە، چوقۇم ئەمگەك كۈچلىرىنى سىرتقا چىقىرىش خىزمىتىنى چىڭ تۇتۇش كېرەك، شۇنىڭغا مۇناسىپ ھالدا بىلىمى بار، تېخنىكىسى بار دېھقان ئىشچىلار قوشۇنىنى بارلىققا كەلتۈرۈش كېرەك. سوتسىيالىستىك يېڭى يېزا قۇرۇش، ئىناق جەمئىيەت بەرپا قىلىشتا ھەل قىلىدىغان يادرولۇق مەسىلە يەنىلا دېھقانلارنىڭ كىرىمى تۆۋەن بولۇش مەسىلىسىدۇر. بۇنىڭغا قارىتا ناھىيلىك پارتكوم، خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ مەسئۇلىيىتى ناھايىتى ئېغىر. يەنە يېزا ئىگىلىكىنى كەسىپلەشتۈرۈشكە تايىنىش ئارقىلىق دېھقانلارنىڭ كىرىمىنى ئاشۇرۇشقا ئىشەنچىمىز كامىل.

# ئۆز تەقدىرىنىڭ خوجايىنى

(ئاپتونوم رايون بويىچە مۆنەۋۋەر سودا-سانائەتچى، ئاقسۇ ۋىلايىتى بويىچە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىدا ئىلغار شەخس گۈھەرنىسا نىياز توغرىسىدا)

*دىتى بارنىڭ، ئىپى بار.*

(ئۇيغۇر خەلق ماقال - تەمسىللىرىدىن )

ئىش ئورنىدىن قېلىش قورقۇنچلۇق ئەمەس، قورقۇنچلۇقى ئىش ئورنىدىن قالغاندىن كېيىن، قايتا چىقىش يولى تاپالماسلىقتا. گۈھەرنىسا نىياز ئىش ئورنىدىن قالغاندىن كېيىن ئۆز ئەقىل- پاراسىتىگە تايىنىپ، ئۆز تەقدىرىنىڭ خوجايىنىغا ئايلاندى.

-بولدى، مەن بۇ تۇرمۇشقا پەقەت چىدىمىدىم. يا ئىشلىگەننىڭ تايىنى يوق، يا ئالغان ئىش ھەققىنىڭ تايىنى يوق، ئايدا ئالىدىغان 200 نەچچە يۈەن مائاش كۆكتات سېتىۋېلىشقىمۇ يەتمەيۋاتسا. سىلەرنىڭ زاۋۇتنىڭ ئەھۋالىمۇ دېگەندەك ياخشى ئەمەس، كېيىن قانداق بولىدىغانلىقىغا بىرنېمە دېمەك تەس. بالىلىرىمىز كۈندىن-كۈنگە چوڭ بولۇۋاتىدۇ، ئەتە-ئۆگۈن ئۆي ئالىمىزمۇ، بالىلارنى ئوقۇتىمىزمۇ، قايسىبىرىگە يېتىشىپ بولىمىز. بۇنداق سارغىيىپ يۈرگىچە،كۈننىڭ بالدۇرىدا ئۆز ئالدىمىزغا بىرەر ئىش قىلايلىمىكىن دەيمەن،سىزچە قانداق؟

1996-يىلىغا كەلگەندە، باي ناھىيىلىك قەنت، ھاراق-

تاماكا، يېمەك - ئىچمەك شىركىتى بازار ئىگىلىكىنىڭ كەسكىن رىقابىتىگە بەرداشلىق بېرەلمەي، بارغانسېرى زىيان تارتىش ھالىتىگە قاراپ ماڭدى. بۇ شىركەتتە 16 يىل قان - تەر ئاققۇزۇپ ئىشلىگەن گۆھەرنىسا نىيازنىڭ شىركەتكە، بىللە ئىشلىگەن خىزمەتداشلىرىغا چوڭقۇر مېھىر - مۇھەببىتى بولسىمۇ، بىراق بۇ كۈنلەردە ئەجىرگە تۇشلۇق ھەق ئالالمايۋاتقانلىقىغا، ئۆمرىنىڭ ئېقىن سۇدەك بىھۇدە ئۆتۈپ كېتىۋاتقانلىقىغا قاراپ ئىچى سىقىلاتتى. بىر كۈنى يولدىشى مۇختەرجانغا كۆڭۈلدە ئويلىغانلىرىنى يۇقىرىقى تەرزدە ئېيتتى.

— نەدىكى گەپنى قىلىپ يۈرىسىز، قىزىم، ھازىر ھۆكۈمەت



باشقۇرۇشىدىكى شۇنچە چوڭ شىركەت، ماگىزىنلار زىيان تارتىپ، كەينى - كەينىدىن تاقىلىپ قېلىۋاتىدۇ. سىز بىر ئايال تۇرۇپ نېمە قىلالايسىز؟ 15—16 يىل ئىشلەتكەن ھۆكۈمەت سىزگە ئىگە بولماي قالامدۇ؟ پۇلنىڭ دەردىنى بەك تارتىپ قالغان بولساڭلار، بىز بار، ئالدىراپ ھۆكۈمەت قوينىدىن چېكىنىمەن دېمەڭ.

گۆھەرنىسانىڭ ئۆز ئالدىغا ئىگىلىك تىكلىمەكچى

بولغانلىقىنى ئاڭلاپ، ئۇنىڭ كېيىنكى تەقدىرىدىن ئەنسىرىگەن ئاتا ـ ئانا، ئۇرۇق ـ تۇغقان، دوست ـ يارەنلىرى تەرەپ ـ تەرەپتىن ئۇنىڭغا نەسىھەت قىلدى. بىراق گۆھەرنىسا قەتئىي نىيەتكە كەلگەنىدى. مۇختەرجان ئايالى گۆھەرنىسانىڭ جاپا ـ مۇشەققەتتىن قورقمايدىغان، سودا ـ سېتىققا ئېپى بار ئايال ئىكەنلىكىنى بىلسىمۇ، لېكىن بۇ تەۋەككۈلچىلىكنىڭ ئائىلىسىگە قانداق نەتىجە ئېلىپ كېلىدىغانلىقىنى بىلمەيتتى. گۆھەرنىسانىڭ قايتا ـ قايتا چۈشەندۈرۈشى بىلەن ئۇ ئاخىرى «يا بايدىن چىقار، يا سايرامدىن، قېنى سىناپ باقايلى» دېدى.

1997 ـ يىلى گۆھەرنىسا نىياز شتاتىنى ساقلاپ قېلىپ، ھەر ئايدا ئىدارىگە مەلۇم نىسبەتتە پۇل تاپشۇرۇش شەرتى بىلەن خىزمەتتىن ئاجراپ، 40 مىڭ يۈەن قەرز ئېلىپ، باي ناھىيە بازىرىدا ئۆز ئالدىغا يېمەك ـ ئىچمەك، مىلىچمال دۇكىنى ئاچتى. شۇنىڭدىن باشلاپ ئۇ ئىلگىرىكى تەجرىبە ـ ساۋاقلارنى قوبۇل قىلىپ، خېرىدارلارغا سەمىمىي، قىزغىن مۇئامىلە قىلىش بىلەن بىرگە، مال كىرگۈزۈش ئۆتكىلىنى چىڭ تۇتتى. يازنىڭ تومۇز ئاپتىپى، قىشنىڭ قەھرىتان سوغۇقلىرىغا پەرۋا قىلماي، ئۈرۈمچى، داخېيەن، كورلا قاتارلىق شەھەرلەرگە بىۋاسىتە بېرىپ، دۆلەتنىڭ ئالاقىدار خىزمەت تەكشۈرۈشىدىن ئۆتكەن، ئىشەنچلىك ماللارنى كىرگۈزۈپ، باھا سىياسىتىنى قەتئىي ئىجرا قىلىپ ، ئاز پايدا ئېلىپ، تېز قولدىن چىقىرىشنى، پارچە سېتىش بىلەن توپ تارقىتىشنى يولغا قويۇپ، سېتىش نۇقتىلىرىنى ناھىيە بازىرىدىن تارتىپ، ھەرقايسى يېزا ـ بازارلارغا كېڭەيتتى.

بۇ ئارىلىقتا 1998 ـ يىلى 6 ـ ئايدا شىركەت قارىمىقىدىكى «غالىبىيەت سودا سارىيى»نى كۆتۈرە ئېلىپ، بىر تەرەپتىن، ئۆزىنىڭ تىجارەت دائىرىسىنى كېڭەيتسە، يەنە بىر تەرەپتىن، ئەينى چاغدا جاپادىمۇ ـ ھالاۋەتتىمۇ بىرگە بولغان ھەدە ـ سىڭىللىرىنىڭ

قىيىن ئۆتكەلدىن ئۆتۈۋېلىشىغا ياردەم قىلدى. 1999 - يىلىغا كەلگەندە، باي ناھىيىلىك قەنت، ھاراق - تاماكا، يېمەك - ئىچمەك شىركىتى ئۇزۇل - كېسىل ۋەيران بولدى. گۆھەرنىسا نىيازمۇ باشقا خادىملار قاتارىدا ئىش ئورنىدىن رەسمىي قالدۇرۇلدى. ئارقىدىن يولدىشى مۇختەرجانمۇ ئۇلارغا ئۇلاپلا ئىش ئورنىدىن قالدى. دەسلەپكى ئاساسىنى تۇرغۇزۇۋالغان گۆھەرنىسا نىياز بۇ چاغدا ئۆز ئەجرىگە تايىنىپ ئائىلە ئىگىلىكىنى روناق تاپقۇزۇشقا بېلىنى تېخىمۇ مەھكەم باغلاپ، سودا دېڭىزىغا تېخىمۇ چوڭقۇر شۇڭغۇدى. بۈگۈنكى كۈندە ئۇ ئۈرۈمچىدىكى ئامىنە ئالاھىدە يېزا ئىگىلىكى يۇقىرى پەن - تېخنىكا مەسئۇلىيەت شىركىتى، ئىلى، كورلا قاتارلىق جايلاردىكى چوڭ - چوڭ يېمەك - ئىچمەك شىركەتلىرىنىڭ باي ناھىيىسىدىكى توپ تارقىتىش ۋاكالەتچىسى بولۇپ، ئۆزى سېتىۋالغان 8 توننىلىق چوڭ يۈك ماشىنىسىدا مال يۆتكەپ كېلىدىغان، 2 توننىلىق كوزۇپلۇق ماشىنا بىلەن باي ناھىيىسىنىڭ ھەرقايسى يېزا - بازار ۋە يىراق يېزا - قىشلاقلىرىنى توپ مال بىلەن تەمىنلەيدىغان چوڭ تىجارەتچىگە ئايلاندى.

2002 - يىلى گۆھەرنىسانىڭ چوڭ قىزى ئالىي مەكتەپنى پۈتكۈزۈپ كېلىپ، ئائىلىسىدە ئىش كۈتۈپ تۇرۇپ قالدى. ئۇ جەمئىيەتتە ئىش كۈتۈپ تۇرغان ياشلارنىڭ بارغانسېرى كۆپىيىۋاتقانلىقىنى، يەنە بىر تەرەپتىن ناھىيە بازىرىدىكى ئاھالىلەرنىڭ پەرزەنتلىرىنى يەسلىگە بېرىش مەسىلىسىدە قىيىنچىلىق بارلىقىنى ئويلاپ، كۆڭلىدە يەنە بىر ئىشنى پۈكتى ۋە 2003 - يىلى 6 - ئاينىڭ بېشىدا باي ناھىيە بازىرى ئويبازار مەھەللە پارتىيە ياچېيكىسى ۋە مەھەللە كومىتېتى رەھبەرلىكىگە بۇ تەۋەدە بىر مۇنتىزىم يەسلى قۇرۇش ئويى بارلىقىنى بىلدۈردى. مەھەللە كومىتېتى رەھبەرلىرىمۇ خېلىدىن بېرى بۇ ئىش توغرۇلۇق باش قاتۇرۇپ كېلىۋاتاتتى. گۆھەرنىسا نىيازنىڭ

تەكلىپى دەل ئۇلارنىڭ كۈتكەن يېرىدىن چىقتى. پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ شۇجىسى شۇ كۈنىلا بازارلىق ھۆكۈمەت قاتارلىق ئورۇنلارغا ئۆزى بىۋاستە بېرىپ، ئاھالىلەر كومىتېتى تەۋەسىدە بىر يەسلى قۇرۇشقا ئىجازەت ئالدى ھەمدە ئويبازار مەھەللە كومىتېتىنىڭ بىر نەچچە يىلدىن بۇيان بىكار تۇرۇپ قالغان بىر يۈرۈش ئىشخانا ئۆيىنى بىكارلاپ بەردى. گۆھەرنىسا نىياز دەرھال ئۈرۈمچىگە بېرىپ، نۇرغۇن جايلارنى ئايلىنىپ، بالىلار ئويۇنچۇقلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان 40 مىڭ يۈەن قىممىتىدىكى يەسلى سايمانلىرىنى ئېلىپ كەلدى ھەمدە بالىلارنىڭ ئارام ئېلىش ئۆيى ،دەرس ئاڭلاش ئۆيى، غىزالىنىش ئۆيى، ئويۇنچۇق ئويناش، ئىختىيارىي مەشغۇلات قىلىش سورۇنلىرىنى جىددىي سەرەمجانلاشتۇرۇپ ئىشقا كىرىشتۈردى. مانا بۇ بۈگۈنكى كۈندىكى باي ناھىيە بازىرى ئوي بازار ئاھالىلەر كومىتېتى تەۋەسىدىكى 159 كۋادرات مېتىر قۇرۇلۇش كۆلىمىگە، 400 كۋادرات مېتىر پائالىيەت سورۇنىغا ئىگە «ئۈمىد غۇنچىلىرى» يەسلىسىدۇر. ھازىر بۇ يەسلىدە 1.5 ياشتىن 6 ياشقىچە بولغان 72نەپەر بالا يېڭى دەۋرگە خاس يەسلى مائارىپىدىن بەھرىمەن بولۇۋاتقان بولۇپ، گۆھەرنىسا نىياز بۇ بالىلارنى ئەكېلىپ- ئاپىرىپ قويۇش ئۈچۈن، مەخسۇس كىچىك مىنىبۇس سېتىۋالدى. ئۇ ھەركۈنى ئەتىگەندە مۇقىم ۋاقىتتا ئۆيمۇ ئۆي كېلىپ بالىلارنى ئەكېلىپ، كەچتە يەنە ئاپىرىپ قويۇش، ئىككى ۋاق تاماقنى بېرىشنى يولغا قويدى. ئالىي مەكتەپنى پۈتكۈزۈپ ئىش كۈتۈپ تۇرغان ۋە ئىش ئورنىدىن قالغان خادىمدىن 5 نەپەرنى تەربىيىچىلىككە قوبۇل قىلدى. ئۇلارنىڭ ئىچىدە بىر خەنزۇ قىزمۇ بار.« ئۈمىد غۇنچىلىرى»يەسلىسى كۈندىلىك مەشغۇلات تەرتىپىدە يۇقىرى دەرىجىلىك ئالاقىدار ئورۇنلارنىڭ يەسلى مائارىپىنى باشقۇرۇشقا ئائىت ئۆلچىمىنى قاتتىق ئىجرا قىلىپ، 3.5 ياشتىن 5

ياشقىچە بولغان بالىلارغا خەنزۇ تىلى، تەنتەربىيە، مۇزىكا قاتارلىق دەرسلەرنى ئۆتۈشنى يولغا قويدى. ۋىلايەت، ناھىيىدىكى ئالاقىدار ئورۇنلار كۆپ قېتىم تەكشۈرۈش ئارقىلىق، بۇ يەسلىنى يۇقىرى ئۆلچەمدە تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋالدى.

شۇنداق قىلىپ گۆھەرنىسا نىياز ئىش ئورنىدىن قالغان، ئالىي مەكتەپ، ئوتتۇرا تېخنىكوملارنى پۈتكۈزۈپ ئائىلىسىدە ئىش كۈتۈپ تۇرۇۋاتقان ياشلاردىن 13 كىشىنى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇپ، ئۇلارغا چىقىش يولى تېپىپ بەردى. ئۆزىمۇ ئىقتىسادىي جەھەتتىن قەد كۆتۈردى. ئۇ ھالال ئەمگىكىگە، قانۇنلۇق تىجارىتىگە تايىنىپ بېيىغاندىن كېيىن، دۆلەتنىڭ سودا ـ سانائەتنى مەمۇرىي باشقۇرۇش، باج قاتارلىق سىياسەت ـ بەلگىلىمىلىرىگە ئاڭلىق رىئايە قىلىپ، ھازىرغا قەدەر دۆلەتكە 45 مىڭ يۈەن ئەتراپىدا باج، رەسمىيەت پۇلى تاپشۇرغاندىن سىرت، يەنە خەير ـ ساخاۋەت ئىشلىرىغا ئاكتىپ كۆڭۈل بۆلدى. 2002 ـ يىلى باي ناھىيىسىدە پەۋقۇلئاددە زور كەلكۈن ئاپىتى يۈز بەردى. ئۇ تەشەببۇسكارلىق بىلەن 5300 يۈەن قىممىتىدە ئۇن قاتارلىق تۇرمۇش لازىمەتلىكلىرىنى ئېلىپ، ئاپەتنىڭ زەربىسىگە ئەڭ ئېغىر ئۇچرىغان ياتۇر يېزىسىدىكى دېھقان قېرىنداشلىرىدىن ھال سورىدى. 2003 ـ يىلى ناھىيىلىك ئاياللار بىرلەشمىسى قېيىر يېزىسىدا ئاتا ـ ئانىسى تۇرلۇك سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن ئۆلۈپ كەتكەن بىر تۈركۈم قىزلارنى ئاساس قىلغان ھالدا غۇنچە قىزلار سىنىپى قۇرغانىدى. بۇ ئەھۋالدىن خەۋەر تاپقان گۆھەرنىسا نىياز تەشەببۇسكارلىق بىلەن 1500 يۈەن نەق پۇل ئېلىپ ئالايىتەن قېيىر يېزىسىغا بېرىپ، بۇ بالىلاردىن ھال سورىدى. 10 يىلدىن بۇيان، ئۇ جەمئىيەتتىكى تۈرلۈك خەير ـ ساخاۋەت ئىشلىرىغا 50 مىڭ يۈەندىن ئارتۇق پۇل ئىئانە قىلدى.

يۇقىرىقىدەك ئەمەلىي نەتىجىسىگە ئاساسەن، گۆھەرنىسا نىياز

ئىلگىرى ـ ئاخىر بولۇپ، باي ناھىيىلىك يەككە ئەمگەكچىلەر جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، ناھىيىلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ ئەزاسى، باي بازارلىق خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ۋەكىلى، ۋىلايەتلىك سودا ـ سانائەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ ئەزاسى، ناھىيىلىك ئاياللار قۇرۇلتىيى ۋە ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى قۇرۇلتىيىنىڭ ۋەكىلى بولۇپ سايلاندى.

«ئەجىر تۆرگە باشلايدۇ» دېگەندەك، گۆھەرنىسا نىياز 2005 ـ يىلى ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم، خەلق ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن «ئىلغار يەككە سودا ـ سانائەتچى»، 2006 ـ يىلى ئاقسۇ ۋىلايىتى تەرىپىدىن « مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىدىكى ئىلغار شەخس»بولۇپ باھالىنىپ تەقدىرلەنگەندىن سىرت، باي ناھىيىسىدىكى ئالاقىدار ئورۇنلار تەرىپىدىن كۆپ قېتىم «8 ـ مارت قىزىل بايراقدارى»، «مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىدىكى ئىلغار شەخس»، « ئىلغار سودا ـ سانائەتچى»، «يەككە ـ خۇسۇسىي ئىگىلىكتىكى ئىلغار شەخس»، «ئىلغار ۋەكىل» بولۇپ باھالىنىپ، تېگىشلىك شان ـ شەرەپلەرگە ئېرىشتى.

# زامانئۋى كۆۋرۈك داغدام يوللارنى تۇتاشتۇردى

مەنزىرىسى گۈزەل باي ناھىيىسىنىڭ تۆت ئەتراپىنى تاغ تىزمىلىرى ئوراپ تۇرغان بولۇپ، ناھىيە تەۋەسىدىكى دەريا ئېقىنلىرى 11 دىن ئاشىدۇ، چوڭ - كىچىك كۆۋرۈكلەرنىڭ كۆپلۈكى ۋىلايەت بويىچە ئالدىنقى ئورۇندا تۇرىدۇ. ناھىيە بازىرىنىڭ شەرقىدىكى تەلۋىچۇك دەرياسىدىكى شەرقىي كۆۋرۈك ئورنىدا چىڭ سۇلالىسىنىڭ گۇاڭشۇ يىللىرىدىن تارتىپ كەڭلىكى بىر ئات ھارۋىسى پاتىدىغان ياغاچ كۆۋرۈك بار ئىدى. ئۇ بوران - چاپقۇنلارنى، كۆپ قېتىم كەلكۈننىڭ زەربىسىنى باشتىن كەچۈرۈپ، كۆپ قېتىم بۇزۇلۇپ، كۆپ قېتىم يېڭىلاپ سېلىنىپ، دەريا بويىنىڭ 100نەچچە يىللىق ئۆزگىرىشلىرىنىڭ گۇۋاھچىسى بولۇپ قالدى.

## باي ناھىيىسىنىڭ شەرقىي كۆۋرۈكىنىڭ ياغاچ كۆۋرۈكتىن سېمونت كۆۋرۈككىچە 100 يىللىق ئۆزگىرىشلىرى

7 - ئاينىڭ 15 - كۈنى مەمۇرچىلىققا تولغان ياز كۈنلىرى ئىدى. كەچتە مەن باي ناھىيىلىك مەدەنىيەت يۇرتىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى رېن كېلياڭ قاتارلىق تۆت كىشى بىلەن باي ناھىيە بازىرىنىڭ شەرقىدىكى تەلۋىچۇك دەرياسىنىڭ شەرقىي چوڭ كۆۋرۈككە كەلدۇق. كۆۋرۈك ئۈستىدە تۇرۇپ يىراققا نەزەر

تاشلىغاندا، دەريا سۈيى سۈپسۈزۈك بولۇپ، دەريا تەكتىنى كۆرگىلى بولاتتى، كەچكى شەپەق نۇرىدا سۇ ئۈستىدە قۇشلار قانات قېقىپ ئۇچۇپ يۈرمەكتە ئىدى. قىزىل قۇياش خۇددى چوڭ بىر لېگەنگە ئوخشاش ئاستا-ئاستا ئولتۇرۇپ باي ناھىيىسىنى ئالتۇندەك سېرىق لىباسقا چۆمدۈرمەكتە ئىدى.

شەرقىي كۆۋرۈك ھازىر ئىككى كۆۋرۈكتىن تەركىب تاپقان بولۇپ، «بىرسى شەرقىي كونا كۆۋرۈك، يەنە بىرسى شەرقىي يېڭى كۆۋرۈك» دەپ ئاتالغان. رىن كېلياڭ: «بىز ھازىر تۇرۇۋاتقىنىمىز شەرقىي يېڭى كۆۋرۈك، شەرقىي كونا كۆۋرۈك بۇ يەردىن 100 مېتىر نېرىسىدا» دېدى.

سېرىق، يېشىل رەڭلىك تاكسىلار يېنىمىزدىن توختىماي ئۆتمەكتە، يېڭى شەرقىي كۆۋرۈك ئۈستى تەپتەكشى بولۇپ، ئىككى تەرىپىدە ئۆزگىچە يېڭى خىلدىكى كوچا چىراغلىرى دەريانىڭ ئىككى قىرغىقىدىكى كەڭ، گۈزەل كوچىلار بىلەن تۇتاشقان. يىراقتىكى شەرقىي كونا كۆۋرۈكنىڭ چوڭ يۇمىلاق سۇ ئۆتۈشمىسى ئۇدۇل كۆرۈنۈپ تۇراتتى. بىز كۆۋرۈكتىن چۈشۈپ كونا شەرقىي كۆۋرۈككە قەدەم تاشلىدۇق.

## «شەرقىي كۆۋرۈك» نامىنىڭ كېلىپ چىقىشى

ئالدىمىزدا يۇمىلاق شەكىللىك، ئىككى تۆشۈكلۈك كۆۋرۈك تۇرماقتا. بۇ كۆۋرۈكنىڭ كۆرۈنۈشى ناھايىتى كۆركەم ئىدى. ئۇنىڭ تېخىمۇ ئۆزگىچە بولغىنى، كۆۋرۈك ئىككى قىسىمدىن تەركىب تاپقان، ئىككى كۆۋرۈك گەۋدىسى ئوتتۇرىسىدا ئىككى مېتىر ئارىلىق قالدۇرۇلغان، كۆۋرۈك ئۈستىدە تۇرۇپ قارىغاندا، ئىككى كۆۋرۈك ئوتتۇرىسىدىكى ئېقىندا ئېقىۋاتقان دەريا سۈيىنى كۆرگىلى

بولىدۇ.

كۆۋرۈك ئۈستىدە تۇرۇپ نەزەر تاشلىغاندا، دەريادىكى سۇنى ۋە دەريانىڭ ئىككى قىرغىقىدىكى ئۆيلەر ھەم ئېگىز-ئېگىز دەل-دەرەخلەر كۆزىمىزگە چېلىقىدۇ. ئادەمنى ئويغا سالىدىغىنى، كەڭلىكى 7 مېتىر كېلىدىغان بۇ كۆۋرۈكتە بىرمۇ ئاپتوموبىل



كۆرۈنمەيتتى. گەۋدىلىك ئاتلارنى مىنگەن چارۋىچىلار ۋە ئات ھارۋىلىرى، ئېشەك ھارۋىلىرىنى ھەيدىگەن دېھقانلار ئۆتۈۋاتاتتى.

نېمە ئۈچۈن ئاپتوموبىل بۇ كۆۋرۈكتىن ئۆتمەيدۇ؟ بۇ كۆۋرۈك دەريانىڭ ئىككى قىرغىقىدىكى ئاھالىلەرگە قولايلىق يارىتىپ بېرىش ئۈچۈنلا سېلىنغانمۇ؟

رېن كېلياڭ مۇنداق دەيدۇ: بۇ كۆۋرۈك 1979-يىلى پۈتكەن، بىر قېتىم 50 يىلدىن بۇيان كۆرۈلمىگەن چوڭ كەلكۈندە كۆۋرۈكنىڭ ئۇلى ئولتۇرۇشۇپ كەتكەن بولۇپ، خەتەر ئامىلى كۆرۈلگەن. 1992-يىلى 5-ئايدىن 1993-يىلى 6-ئايغىچە ئۇنىڭ ئاياغ تەرىپىدە يەنە بىر يېڭى كۆۋرۈك سېلىندى. ئۇ بىز باياتىن چىققان شەرقىي يېڭى كۆۋرۈك.

بۇ كۆۋرۈكنىڭ بۇرۇنقى ھالىتى قانداق ئىدى؟ بۇنىڭغا بىزنىڭ قىزىقىشىمىز پەيدا بولدى. ئىككىنچى كۈنى بىز ئالاقىدار

ماتېرىياللارنى ۋە كىتابلارنى ئاختۇرۇپ كۆرۈپ ئاندىن بۇ دەريادىكى كۆۋرۈككە قارىتا مەلۇم چۈشەنچىمىز بارلىققا كەلدى.

بۇ دەريادىكى شەرقىي كۆۋرۈك دېگەن ئاتالغۇ بۇندىن 100 نەچچە يىل بۇرۇنقى چىڭ سۇلالىسى گۇاڭشۈنىڭ 4 ـ يىلى(مىلادىيە 1878 ـ يىلى) دىن باشلانغان، ئۇ چاغدا بۇ دەريادا ئات ھارۋىلىرى ئۆتەلەيدىغان تۆت ياغاچ كۆۋرۈك بار بولۇپ، بۇ كۆۋرۈكلەر ناھىيە بازىرىنىڭ شەرقىي تەرىپىدە بولغاچقا، كىشىلەر شەرقىي كۆۋرۈك دەپ ئاتاپ كەلگەن.

## ياغاچ كۆۋرۈكمۇ 100 يىللىق بوران ـ چاپقۇننى باشتىن كەچۈرگەن

يېشى 90 دىن ئاشقان، بۇ دەريا بويىدا چوڭ بولغان، ھازىرمۇ يەنە شەرقىي كۆۋرۈككە يېقىن جايدا ئولتۇرۇۋاتقان ئىبراھىم ئىسلام مۇنداق دەيدۇ: «ئۇ چاغلاردا بۇ كۆۋرۈك ناھايىتى تار ئىدى. بىر ـ بىرلەپ يوغان ياغاچلارنى قۇراشتۇرۇپ، تۆمۈر مىخ بىلەن تۇتاشتۇرۇپ سېلىنغان. يىراق ـ يىراقلاردىن كەلگەن سودىگەرلەر تۆگە كارۋانلىرى ھەم تۆت ئاتلىق ياغاچ ھارۋىلار بىلەن بۇ كۆۋرۈكتىن ئۆتەتتى. ئۇ ناھايىتى ھەيۋەتلىك كۆرۈنەتتى. بەزىدە ئۇلار كۆۋرۈك بېشىدا بىرنەچچە كۈن تۇرۇپ قالاتتى ـ دە، ئۈرۈمچىدىن ۋە كۇچادىن ئېلىپ كەلگەن ماللىرىنى يېقىن ئەتراپتىكى خېرىدارلارغا ساتاتتى، بازار ناھايىتى قىزىپ كېتەتتى. ياغاچ كۆۋرۈك پۇختا بولمىغاچقا، ئالدىنقى يىلى سالغان كۆۋرۈكنى ئىككىنچى يىلىدىكى كەلكۈن بۇزۇۋېتەتتى.»

ئىبراھىم ئىسلام يەنە مۇنداق دەيدۇ: «مېنىڭ ئېسىمدە

قىلىشىچە، مەلۇم بىر يىلى تەلۋىچۈك دەرياسىغا چوڭ كەلكۈن كېلىپ تۆت ياغاچ كۆۋرۈكنىڭ ھەممىسىنى بۇزۇۋەتتى، قاتناش ئۈزۈلۈپ قالدى. يېرىم يىلدىن كۆپرەك ۋاقىت ئىچىدە كۆپچىلىك ياغاچ سال ياساپ دەريادىن ئۆتۈپ تۇردى. قانچىلىغان ئادەم بۇ جەرياندا سۇغا چۈشۈپ كېتىپ ئۆلۈپ كەتتى. كېيىن 1942-يىلى شۇ چاغدىكى گومىنداڭ ھۆكۈمىتى ئۈرۈمچى-قەشقەر تاشيولىنى ياسىغاندا، بۇ دەرياغا ئاندىن سەككىز تۆشۈكلۈك كۆۋرۈك سېلىندى. بۇ كۆۋرۈكنىڭ ئۇزۇنلۇقى 42 مېتىر بولۇپ، ئاپتوموبىل ئۆتەلەيدىغان ياغاچ كۆۋرۈك ئىدى. بۇنىڭ بىلەن پۇقرالارنىڭ دەريادىن ئۆتۈش قىيىنچىلىقى ھەل قىلىندى. شۇ چاغدىن باشلاپ ئاندىن بىز ماشىنا كۆرەلىدۇق.»

ئۇنىڭدىن كېيىن بەش يىل ئۆتۈپ بۇ كۆۋرۈكنى يەنە سۇ كۆتۈرۈپ كەتتى. 1948-يىلى شۇ چاغدىكى قاتناش مىنىستىرلىقى تاشيول باش ئىدارىسى 6-رايون تاشيول قۇرۇلۇشىنى باشقۇرۇش ئىدارىسى كۆۋرۈك ئىنژېنېرلىرىنى ئەۋەتىپ ئەسلىي ئورنىدا يەنە 4.5 مېتىر كەڭلىكتە، 41 مېتىر ئۇزۇنلۇقتا ئاددىيراق لىملىق ياغاچ كۆۋرۈك سالدى. بۇ كۆۋرۈكتىن پەقەت كىچىك ماشىنىلارلا ئۆتەلەيتتى.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىنمۇ بۇ كۆۋرۈك بۇزۇلسا ياسىلىپ، تاكى 1979-يىلىغىچە ساقلىنىپ كەلدى. 1979-يىلى پارتىيە ۋە ھۆكۈمەت پۇقرالار ئۈچۈن ئالدىراپ، پۇقرالارنىڭ غېمىنى يەپ 180مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىپ ئەسلىدىكى ياغاچ كۆۋرۈك ئورنىدا ئۈچ تۆشۈكلۈك (ھەربىر تۆشۈك ئارىلىقى 16 مېتىر)، ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 60.70 مېتىر بولغان بىر كۆۋرۈك سالدى. بۇ كۆۋرۈكنىڭ ئۈستى 7مېتىر كەڭلىكتە بولۇپ، كۆۋرۈكنىڭ ئىككى تەرىپىگە 75 سانتىمېتىر كەڭلىكتە پىيادىلەر يولى سېلىنغان. كۆۋرۈكتىن ئېغىر يۈك ئاپتوموبىللىرى

ئۆتەلەيتتى، بۇنىڭ بىلەن كەڭ ئاممىنىڭ قاتنىشى ھەم باي ناھىيىسىنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىدا مۇھىم رول ئوينىدى.

## زامانىۋى كۆۋرۈك داغدام يوللارنى تۇتاشتۇردى

1993-يىلى 6-ئايدا 2 مىليون 380 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنغان يېڭى شەرقىي كۆۋرۈك غەلىبىلىك پۈتتى. بۇ زامانىۋى، پولات چىۋىقلىق سېمونت كۆۋرۈكنىڭ ئۇزۇنلۇقى 117.92 مېتىر، كۆۋرۈك ئۈستىنىڭ كەڭلىكى 9.5 مېتىر بولۇپ، شەرقىي كۆۋرۈكنىڭ 307-ئۆلكە يولى لىنىيىسىدىكى «ئاپەت يىلتىزى» تارىخىغا ئۇزۇل-كېسىل خاتىمە بېرىلدى. ئۇ ھەم باي ناھىيىسىنىڭ شەرقى-غەربىنى تۇتاشتۇرىدىغان بەخت كۆۋرۈكى بولۇپ قالدى.

بۈگۈنكى كۈندە باي ناھىيىسىنىڭ ئىقتىسادىنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا، قاتناش يول شارائىتىنىڭ ياخشىلىنىشىغا ئەگىشىپ، ناھىيە تەۋەسىدىكى قىزىل كۆۋرۈكى، قاپسالاڭ كۆۋرۈكى، ياقىرىق كۆۋرۈكى، تەلۋىچۇك كۆۋرۈكى، تاتما كۆۋرۈكى قاتارلىق 10 نەچچە چوڭ كۆۋرۈك شەرقىي چوڭ كۆۋرۈك بىلەن ئوخشاشلا قەد كۆتۈرۈپ كونا قىياپىتىنى يېڭىلىدى، باي ناھىيىسىنىڭ يېزا يوللىرىنىڭ راۋانلىقىنى ئەمەلگە ئاشۇردى، ھەرمىللەت خەلق ئاممىسىنىڭ ئىتتىپاق كۆۋرۈكى، بەخت كۆۋرۈكى بولۇپ قالدى، باي ناھىيىسىنىڭ سانائەت، يېزا ئىگىلىك، ساياھەتچىلىك ئىشلىرىنىڭ تېز تەرەققىي قىلىشى ئۈچۈن مۇستەھكەم ئاساس سالدى. باي ناھىيىلىك تەشۋىقات بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى جاۋ جاڭپىڭ مۇنداق دەيدۇ: باي تارىخى ئۇزۇن ھەم ئۆزگىچە شارائىتى بار، گۈزەل تاغ - دەريالىرى، مۇنبەت تۇپراقلىرى، مول

كان بايلىقلىرىغا ئىگە ناھىيە بولۇپ، ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك تاۋار ئاشلىق بازىسى، ياغلىق دان بازىسى ۋە چارۋا مەھسۇلاتلىرى بازىسى بولۇپ قالدى. بۇندىن 6 ـ 7 مىڭ يىل بۇرۇنلا بايدا ئادەم ئولتۇراقلاشقان. چىن ، خەن سۇلالىلىرى دەۋرىدە شەرق بىلەن غەربنى تۇتاشتۇرىدىغان «قەدىمىي يىپەك يولى» دىكى قويۇق مەدەنىيەت شەكىللەنگەن بولۇپ، كۈسەن مەدەنىيىتىنىڭ بارلىققا كەلگەن جايى دەپ ئاتىلىپ كەلگەن. بولۇپمۇ بۇ جايدىكى قىزىل مىڭئۆي بۇددا مەدەنىيىتى دۆلەت ئىچى ـ سىرتىدا كەڭ تەسىرگە ئىگە.

شۇنىڭ بىلەن ياخشى كۆۋرۈك ۋە يول شارائىتى قاتناش قۇلايلىقىنى يارىتىپ بەردى. باي ناھىيىسىنىڭ باشقا جايلار بىلەن بولغان ئارىلىقىنى قىسقارتتى، باي ناھىيىسىنىڭ كۆمۈر،ئېلېكتر ئېنېرگىيە، نېفىت، گاز، خىمىيە سانائىتى، دېھقانچىلىق ـ چارۋىچىلىق مەھسۇلاتلىرى ، كان ئېچىش ، ساياھەتچىلىك قاتارلىق ئالتە چوڭ تۈۋرۈك ئىگىلىكىنى گۈللەندۈردى . پۈتۈن ناھىيىنىڭ GDP ئومۇمىي سوممىسى «9 ـ بەش يىللىق پىلان» ئاخىرىدىكى 568 مىليون يۈەندىن بىر ھەسسە كۆپەك قاتلىنىپ، 1مىليارد 288 مىليون يۈەنگە يەتتى. يىلىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 16.78% ئېشىپ كەلدى. بۈگۈنكى كۈندە پۈتۈن ناھىيىدە ھەر تۈرلۈك ئاپتوموبىللار ئۈچ مىڭدىن ئاشتى. ئۈرۈمچى، تۇرپان، كورلا، قەشقەر، كۇچا، شايار، ئاقسۇ قاتارلىق جايلارغا نۆۋەتچى ئاپتوبۇس قاتنىشى يولغا قويۇلۇپ، سەپەر ۋاقتى بۇرۇنقىدىن جىق قىسقاردى. ھازىر بايدىن ماشىنىغا ئولتۇرۇپ ئاقسۇغا ئىككى سائەتتىن كۆپرەك ۋاقىتتا، كۇچاغا بىر سائەتتىن كۆپرەك ۋاقىتتا يېتىپ بارغىلى بولىدىغان بولدى.

باي ناھىيىسى باي بازىرىدىكى دېھقان ساۋۇت پۈتۈن ناھىيىدىكى كۆۋرۈك قۇرۇلۇشىدىكى ئۆزگىرىشلەردىن چوڭقۇر

تەسىراتقا ئىگە. ئۇ مۇنداق دەيدۇ: «بۇرۇن كۆۋرۈك ياخشى بولمىغانلىقتىن بىر كەلكۈن كەلسىلا بۇزۇۋېتەتتى، بىز تېرىغان سەي-كۆكتات، مېۋە-چېۋىلەر يۆتكىيەلمەستىن ئېتىز بېشىدا سېسىپ كېتەتتى، ھازىر ياخشى بولدى،كۆۋرۈكلەر ھەممىسى پولات چىۋىق، سېمونتتىن ياسالغاچقا، پۇختا، بىز ئەمدى ئەنسىرىمەيمىز.»

# مۇزات دەرياسى كۆرۈپ تۇردۇ

*(باي ناھىيىسىنىڭ مول نەتىجىگە ئېرىشىۋاتقان يېزا ئىگىلىك باج خىزمىتىگە نەزەر)*

تۆھپە تەردىن ھاسىل بولىدۇ، نەتىجە جاپالىق ئەمگەك ئارقىلىق بارلىققا كېلىدۇ. تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇبىي قىسمىدا شاۋقۇن سېلىپ ئېقىۋاتقان مۇزات دەرياسى ئۆز ئوغلانلىرىنىڭ ھەرىكىتى ۋە تۆھپىسىنى دائىم كۆرۈپ تۇردۇ ھەم ئۇنىڭغا ئادىل باھا بېرىدۇ. يېزا ئىگىلىك باج كادىرلىرىنىڭ مۇزات دەرياسى ۋادىسىدىكى تۆھپىلىرى خۇددى سۇزۇك دەريا سۇيىدەك كىشى قەلبىنى شادلاندۇردى، تەشكىل ۋە ئاممىنى قايىل قىلدى . تۆھپە ئۇلارنى پەگادىن تۆرگە، ئارقىدىكى ئورۇندىن شەرەپ سۇپىسىغا ئېلىپ چىقتى. باي ناھىيىلىك مالىيە ئىدارىسى 2003-يىللىق مالىيە- باج خىزمىتىدە ئاقسۇ ۋىلايىتى بويىچە ئىلغار ئورۇن بولۇپ باھالىنىپ مۇكاپاتلاندى.

باي ناھىيىلىك مالىيە ئىدارىسىنىڭ يېزا ئىگىلىك باج خىزمىتىگە مەسئۇل مۇئاۋىن باشلىقى ئەھەت مىجىت: «نەتىجە كىشىنى ھاياجانغا سالىدۇ، كادىرلىرىمىزنىڭ غەيرەت - شىجائىتى كىشىنى تېخىمۇ تەسىرلەندۇردۇ . ھازىر ھەربىر كادىرىمىز يىلدا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 600 ئائىلىگە بېرىپ 226 مىڭ يۈەندىن ئارتۇقراق باج يىغىۋالىدۇ، بىز بۇنداق روھنى قەدىرلەيمىز » دېدى.

باي ناھىيىسى دېھقانچىلىقنى ئاساس، چارۋىچىلىق،

ئورمانچىلىق ۋە باشقا كەسىپلەرنى قوشۇمچە قىلىدىغان يېزا ئىگىلىك چوڭ ناھىيىسى بولۇپ، ناھىيە بويىچە 18 يېزا ـ بازار، مەيدان، 184 مەمۇري كەنت، 31 مىڭ ئائىلە، 200 مىڭ نوپۇس بار. ناھىيىنىڭ ئومۇمىي كۆلىمى 19مىڭ 100 كۋادرات كىلومېتىر كېلىدۇ. باج ھېسابلىنىدىغان تېرىلغۇ كۆلىمى 608 مىڭ مو، ئومۇمىي چارۋا سانى 623 مىڭ تۇياق، بۇنىڭدىن باج ھېسابلانغان چارۋا 373 مىڭ تۇياق. ناھىيىلىك مالىيە ئىدارىسىگە قاراشلىق بىر يېزا ئىگىلىك باج بۆلۈمچىسى، بىر يېزا ئىگىلىك باج تەكشۈرۈش ئەترىتى، 15 يېزا ـ بازارلىق مالىيە پونكىتى ۋە 46 نەپەر يېزا ئىگىلىك باج كادىرى بار. خىزمەت ئۇنۇمىنى يۇقىرى



كۆتۈرۈشتە چوقۇم قاتتىق تەدبىر، مۇكەممەل قائىدە ـ تۈزۈم، ئىلمىي باشقۇرۇش ئۇسۇلى بولۇش كېرەك. باي ناھىيىلىك مالىيە ئىدارىسى يېزا ئىگىلىك باج خىزمىتىدە يۇقىرى شەرتلەرنى تولۇق ھازىرلىدى. يېزا ئىگىلىك باج خىزمىتىگە بولغان رەھبەرلىكنى كۈچەيتىپ، باج يىغىش، باشقۇرۇش خىزمىتىنى پەيدىنپەي قېلىپلىشىش، تۈزۈملىشىش، كۆلەملىشىش، ئىلمىيلىشىش ئىزىغا سالدى. ئالدى بىلەن يېزا ئىگىلىك باج كادىرلىرىنىڭ ئىدىيە ساپاسىنى ئۆستۈرۈشكە ئەھمىيەت بېرىپ،

ئۇلارنى «ئۇچكە ۋەكىللىك قىلىش» مۇھىم ئىدىيىسى، پارتىيە 16 ـ قۇرۇلتىيىنىڭ روھى ۋە پارتىيىنىڭ يېزا ئىگىلىك خىزمىتىگە دائىر لۇشيەن، فاڭجېن، سىياسەتلىرىنى ئۆگىنىشكە، ئۆزلەشتۇرۇشكە تەشكىللىدى. ئىدارە رەھبەرلىكى باج كادىرلىرىغا يۇقىرى ئۆلچەم، قاتتىق تەلەپ قويۇپ، كادىرلارنىڭ پاكلىق خىزمىتى، قانۇن ـ تۇزۇمگە رىئايە قىلىش ئەھۋالى، جان ـ دىل بىلەن خەلق ئۇچۇن خىزمەت قىلىش ئىستىلى، كەسىپچانلىقى، مەسئۇلىيەتچانلىقى ۋە بۇرچ تۇيغۇسىغا بولغان نازارەتچىلىكنى كۈچەيتىپ، كەسپىتە پىشقان، ئىستىلى دۇرۇس، ئىنتىزامى قاتتىق، مەسئۇلىيەتچانلىقى كۈچلۈك باج كادىرلىرى قوشۇنىنى يېتىشتۇرۇپ چىقتى. باج كادىرلىرى جاپا ـ مۇشەققەت ۋە قىيىنچىلىقتىن قورقماي، ئەڭ چەت يېزا ـ قىشلاقلارغىچە بېرىپ، قانۇن بويىچە باج يىغدى. ئېتىز باشلىرىدا، دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ ئۆيلىرىدە، باغۋاران، چارۋا قوتانلىرىدا تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى. باج مەنبەلىرىنى ئېنىقلىدى. پارتىيە، خەلق ئالدىدا يۈكسەك مەسئۇل بولۇش پوزىتسىيىسى بىلەن ئادىل، باراۋەر، ئاشكارا بولۇش پرىنسىپىدا چىڭ تۇردى. قانۇن ـ سىياسەتنى دەستۇر قىلىپ، يىغىۋېلىشقا تېگىشلىك باجدىن بىر تىيىنمۇ چۈشۈرۈپ قويمىدى. ھەر يىلى باج يىغىش پەسلى يېتىپ كېلىش ئالدىدا، باج كادىرلىرى ھەرخىل شەكىل، ھەرخىل ئۇسۇللار بىلەن ئاممىغا باج قانۇنىنى، باجغا ئائىت سىياسەتلەرنى كەڭ تەشۋىق قىلدى. ھەر دەرىجىلىك رەھبەرلەرنىڭ، كەڭ ئاممىنىڭ چۈشىنىشى ۋە قوللىشىنى قولغا كەلتۈردى. باج يىغىش مەزگىلىدىكى مۇلازىمەتنى ياخشىلاپ، دېھقانلارغا قۇلايلىق شارائىت يارىتىپ باردى . مالىيە ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى قەھرىمان قادىر دائىم ئاساسىي قاتلامغا بېرىپ ئاممىنىڭ رايىنى، پىكىر ـ ساداسىنى ئىگىلىدى. باج كادىرلىرىنىڭ خىزمەت

ئىستىلى، مۇلازىمەت پوزىتسىيىسىنى نازارەت قىلدى. چۈشۈپ قالغان، ئېقىپ كەتكەن، ئوغرىلانغان باجنى تەكشۈرۈپ ئېنىقلاپ، ئۇنى تولۇقلاپ يىغىۋېلىشقا بولغان ھەيدەكچىلىكنى كۈچەيتتى. خىزمەتتە مەسئۇلىيەتسىزلىك قىلغان باج كادىرلىرىنى مۇناسىپ جازالىدى، نەتىجىسى گەۋدىلىكلىرىنى ئىلھاملاندۇردى ۋە تەقدىرلىدى. قائىدە - تۈزۈملەرنى چىڭىتىپ، مۇكاپاتلاش - جازالاش تەدبىرلىرىنى ئەمەلدە كۆرسىتىپ، يېزا ئىگىلىك باج خىزمىتىنىڭ سىجىل، ساغلام، تېز سۈرئەتلىك تەرەققىياتىغا كاپالەتلىك قىلدى. نەتىجىدە باي ناھىيىسىنىڭ يېزا ئىگىلىك باج خىزمىتى يىلمۇ يىل زور تەرەققىياتلارغا ئېرىشتى. 2003 - يىلى ناھىيە بويىچە ئورۇندالغان بەش خىل باج ئومۇمىي مىقدارى 10 مىليون 850 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 9 مىليون 940 مىڭ يۈەنلىك ۋەزىپىدىن 1 مىليون يۈەنگە يېقىن ئاشتى. ئورۇندىلىش نىسبىتى 109% بولدى. ئەھەت مىجىت مۇنداق دېدى: بۇلتۇر يېزا باج - ھەق ئىسلاھاتى لايىھىسىنىڭ كېچىكىپ تەستىقلىنىشى سەۋەبىدىن، يېزا ئىگىلىك باج كىرىمىنىڭ سۈرئىتىگە تەسىر يەتتى. شۇنداقتىمۇ بىز يەنە ياخشى نەتىجىگە ئېرىشتۇق. يېزا ئىگىلىك باج كىرىمىدىن 5 مىليون يۈەن خەزىنىلەشتۈرۈلدى.

بىز 2003 - يىلى تەكشۈرۈش، يىغىۋېلىش سالمىقىنى زورايتىپ، ئالدىنقى يىللاردىكى قالدۇق باجدىن 1 مىليون 975 مىڭ يۈەننى تولۇقلاپ يىغىۋالدۇق. بۇنىڭدىن 1 مىليون 810 يۈەن ۋاقتىدا خەزىنىلەشتۈرۈلدى.

دېھقانچىلىق بېجى، چارۋىچىلىق بېجى، يېزا ئىگىلىك ئالاھىدە مەھسۇلات بېجى، تېرىلغۇ يەر ئىگىلەپ، ئىشلىتىش بېجى ۋە ھۆججەت بېجىدىن ئىبارەت بەش خىل باجنىڭ نىسبىتىگە، سۈرئىتىگە، سۈپىتىگە كاپالەتلىك قىلىش باي

ناھىيىلىك مالىيە ئىدارىسىنىڭ يېزا ئىگىلىك باج خىزمىتىنى ئىلگىرى سۈرۈشتىكى بۆسۈش نۇقتىسى بولۇپ كەلدى. بۇ جەھەتتىكى ئەھۋاللار توغرىسىدا توختىلىپ ئەھەت مىجىت مۇنداق دېدى: 2003- يىلى بىز ناھىيىمىز چۈشۈرگەن 7 مىليون 530 مىڭ يۈەن دېھقانچىلىق باج ۋەزىپىسىنى تولۇق ئورۇندىغاندىن سىرت، ئالدىنقى يىللاردىكى قالدۇق باجدىن 1 مىليون 406 مىڭ يۈەننى تولۇقلاپ يىغىۋالدۇق. 1 مىليون 342 مىڭ يۈەن باج ۋەزىپىسىنىمۇ 100% ئورۇنداش بىلەن بىرگە، ئالدىنقى يىلىدىكى قالدۇق باجدىن 372 مىڭ يۈەننى تولۇقلاپ يىغىۋالدۇق. 2003- يىلى ۋىلايەت بىزگە 671 مىڭ يۈەنلىك ئالاھىدە مەھسۇلات بېجى ۋەزىپىسى چۈشۈرگەنىدى. بىز بۇنى 1 مىليون 585 مىڭ يۈەنگە يەتكۈزۈپ، ۋەزىپىنى 1 مىليون يۈەنگە يېقىن ئاشۇرۇپ ئورۇندىدۇق ھەمدە ئالدىنقى يىلىدىكى قالدۇق باجدىن 197 مىڭ يۈەننى يىغىپ خەزىنىلەشتۈردۇق. شۇ يىللىق ئورۇندالغان باج كىرىمى ئىشلەپچىقىرىش ھالقىسىدىن ئېلىنغان باج كىرىمى 294 مىڭ يۈەنگە، سېتىۋېلىش ھالقىسىدىن ئېلىنغان باج كىرىمى 1 مىليون 291 مىڭ يۈەنگە يەتتى. تېرىلغۇ يەر ئىگىلەپ ئىشلىتىش بېجىنىڭ يىغىۋېلىنىشىمۇ ياخشى بولدى. ۋىلايەت چۈشۈرگەن 130 مىڭ يۈەنلىك ھۆججەت بېجى ۋەزىپىسى 208 مىڭ يۈەن ئورۇندىلىپ، ۋەزىپە 15% ئاشۇرۇپ ئورۇندالدى. ئەھەت مىجىت مۇنداق دېدى: 2003- يىلى يېزا باج- ھەق ئىسلاھاتىدىن كېيىنكى يېڭى باج يىغىش چارىسى يولغا قويۇلدى. بىز بۇ خىزمەتكە پائال ماسلىشىپ، يېڭى چارە بويىچە يېزا ئىگىلىك ئۈچ خىل باجنى ھېسابلاپ يىغىش خىزمىتىنى تەرتىپلىك قانات يايدۇردۇق. كەم قالغان باجنى تولۇقلاپ، ئارتۇق ئېلىنغان باجنى ۋاقتىدا قايتۇردۇق. ھازىر يېزا باج - ھەق ئىسلاھاتى يولغا قويۇلغاندىن كېيىنكى تولۇقلاپ يىغىۋېلىشقا

تېگىشلىك يېزا ئىگىلىك باج ۋەزىپىسى تولۇق ئورۇندالدى. ناھىيە بويىچە كومپيۇتېردا تالون كېسىش يولغا قويۇلۇپ، يېزا ئىگىلىك باج خىزمىتىنىڭ سۈپىتى ۋە ئۈنۈمى يۇقىرى كۆتۈرۈلدى.

يېزا ئىگىلىك باج خىزمىتى سىياسەتچانلىقى، مەسئۇلىيەتچانلىقى كۈچلۈك، چېتىلىش دائىرىسى كەڭ، قىيىنلىق ۋە جاپالىق دەرىجىسى يۇقىرى خىزمەت. بۇ خىزمەتنى ياخشى ئىشلەش ئۈچۈن، چوقۇم مۇستەھكەم ئىرادە ۋە باش چۆكۈرۈپ ئىشلەش روھى بولۇشى لازىم. مالىيە ئىدارىسى بۇ نىشاننى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن، توختىماي ئىزدەندى. ئۇلار ئاساسلىقى تۆۋەندىكىدەك بىر نەچچە ئىشنى چىڭ تۇتتى:

**1. ئۆزلۈكىدىن باج مەلۇم قىلىش سالمىقىنى زورايتىپ، باج كىرىمىنىڭ ئېنىقلىق دەرىجىسىنى يۇقىرى كۆتۈردى.** دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ ئۆزلۈكىدىن باج تاپشۇرۇش ئاڭلىقلىقىنى ئۆستۈرۈش ئۈچۈن، كەڭ ۋە چوڭقۇر تەشۋىقات-تەربىيە خىزمىتى قانات يايدۇرۇلدى. ھازىر ئۆزلۈكىدىن باج مەلۇم قىلىش نىسبىتى 90% كە يەتتى. بۇلتۇر ناھىيە بويىچە 16 يېزا-بازار، مەيدان، 150 كەنتتە قارا تاختاي گېزىتى چىقىرىلدى. 60 مىڭ پارچە تەشۋىقات ۋارىقى تارقىتىلدى. 150 مىڭ ئادەم قېتىم رادىئو-تېلېۋىزىيە تەشۋىقاتىنى ئاڭلىدى. بۇنىڭ بىلەن ھەر مىللەت ئاممىسىنىڭ باج خىزمىتىنىڭ مۇھىملىقىغا بولغان تونۇشى ھەسسىلەپ يۇقىرى كۆتۈرۈلدى، ئىشەنچىسى كۈچەيدى.

**2. ئۆزلۈكىدىن باج مەلۇم قىلىش خىزمىتىنىڭ ئېنىقلىق دەرىجىسى يۇقىرى كۆتۈرۈلدى.** ھەرقايسى يېزا - بازارلاردىكى باج كادىرلىرى كەنت، گۇرۇپپىلارغىچە بېرىپ، ئاممىنىڭ باج تاپشۇرىدىغان يەر كۆلىمىنى ئۆزلۈكىدىن مەلۇم قىلىشىنى تەلەپ قىلدى. يېزا ئىگىلىك باج كادىرلىرى بۇنى باڭ چىقىرىش ئۇسۇلى

بىلەن ئامىمىغا ئاشكارىلىندى، ئامىمىنىڭ نازارىتىنى قوبۇل قىلدى. باڭ چىقىرىپ 15 كۈندىن كېيىن باشقا ئىنكاس بولمىسا، ئىككىنچى قېتىم باڭ چىقىرىش ئېلىپ باردى ۋە شۇنىڭغا ئاساسەن دەپتەرگە تۇرغۇزۇپ، دېھقانلارغا ئىمزا قويدۇردى. ئىمزا قويۇش نىسبىتى 100% كە يەتتى.

3. **تېرىلغۇ يەرلەر ئارخىپلاشتۇرۇلدى.** باج كادىرلىرىمۇ تېرىلغۇ يەرلەرنىڭ ئۆزگىرىش، كېمىيىش ئەھۋالىنى ئىگىلەپ، پۈتۈن ناھىيىدىكى دېھقان ئائىلىسىگە قارىتا تېرىلغۇ يەر ئارخىپ كارتىسى تۇرغۇزۇپ، باج تاپشۇرۇشقا تېگىشلىك تېرىلغۇ كۆلىمىنىڭ ئىشەنچلىك بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلىپ، ئۆزلۈكىدىن باج مەلۇم قىلىش خىزمىتىنى ماتېرىيال ئاساسى بىلەن تەمىنلىدى. يېزا ئىگىلىك باج كادىرلىرى جاپا ـ مۇشەققەتكە چىداپ، ئېتىزلارغىچە بېرىپ، تالاش ـ تارتىشتا قالغان يەرلەرنى ئۆز قولى بىلەن ئۆلچىدى. تېرىلغۇ يەر كۆلىمىنى تەدرىجىي ئەمەلىيلەشتۈردى. ھازىرغىچە ناھىيە بويىچە 28 مىڭ ئائىلىگە تېرىلغۇ يەر ئارخىپى تۇرغۇزۇلدى.

4. **باج كەچۈرۈم قىلىشنىڭ ئېنىقلىق دەرىجىسى يۇقىرى كۆتۈرۈلدى.** ھەرقايسى يېزا، كەنتلەرنىڭ يۇقىرىغا يوللىغان مەلۇماتى بىلەن ئەمەلىي تەكشۈرۈش ئەھۋالىنى سېلىشتۇردى. ئاخىردا باڭ چىقىرىپ ئامىمىنىڭ نازارىتىنى قوبۇل قىلدى. 2003 ـ يىلى يۇقىرىدىن چۈشۈرگەن 658 مىڭ يۈەن ئاپەت ۋە ئىجتىمائىي كەچۈرۈم مەبلىغى ئائىلىلەر بويىچە ئەمەلىيلەشتۈرۈلۈپ، پارتىيە، ھۆكۈمەتنىڭ نامرات ۋە ئاپەتكە ئۇچرىغان ئامىمىغا بولغان ھەقىقىي غەمخورلۇقى يەتكۈزۈلدى.

بۇ يىل 3 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنى ناھىيىلىك مالىيە ئىدارىسى 2003 ـ يىللىق مالىيە ـ باج خىزمىتىنى خۇلاسىلەش، تەقدىرلەش ۋە بۇ يىللىق خىزمەتلەرنى ئورۇنلاشتۇرۇش يىغىنى ئاچتى.

يىغىندا نەتىجىسى گەۋدىلىك 9 كوللېكتىپ، 16 شەخس ماددىي ۋە مەنىۋى جەھەتتىن مۇكاپاتلاندى.

ئەھەت مىجىت بۇ يىللىق كۆرەش نىشانى ئۈستىدە توختىلىپ مۇنداق دېدى: بۇ يىللىق ۋەزىپە ئىنتايىن ئېغىر، بىز يېزا باج-ھەق ئىسلاھاتى ۋە باج ئېلىشنى باشقۇرۇش ئىسلاھاتىنى پائال، سالماق ئېلىپ بېرىپ، قانۇننى ئەستايىدىل ئىجرا قىلىپ، يېزا ئىگىلىك باج ۋەزىپىسىنىڭ ئورۇندىلىشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىمىز.

# تەنگە شىپا، جانغا راھەت تېرەك ئىسسىق سۇ ئارىشىڭى

باي ناھىيە بازىرىنىڭ شىمالىدىكى 60 كىلومېتىر يىراق جايىغا جايلاشقان خىلۋەت تاغ باغرىدا كىشىنى ھەيران قالدۇرىدىغان بىر جاي بار. بۇ جايدا نۇرغۇن كېسەللەر شىپا تېپىپ ساقىيىدۇ، ھېرىپ ـ چارچىغان تەنلەر راھەتلىنىپ، كۈچ ـ قۇۋۋەتكە تولىدۇ. سەزگۈلەر ئارام تېپىپ، كەمدىن ـ كەم ئۇچرايدىغان ھۇزۇر ۋە راھەتنى ھېس قىلىدۇ. مانا بۇ يىراق ـ يېقىندا نامى بار جەنۇبىي شىنجاڭدىكى بىرىنچى ئارشاڭ ــ باي ناھىيىسىدىكى تەبىئىي داۋالاش ئورنى، مەشھۇر سەيلىگاھ تېرەك ئىسسىق سۇ ئارىشىڭى. ئەقىل ـ پاراسەتلىك باي خەلقى بۇنىڭدىن نەچچە مىڭ يىل خېلى بۇرۇنلار تېرەك ئىسسىق سۇ ئارىشىڭىنىڭ كېسەل داۋالاشتىكى ئالاھىدە رولىنى بايقىغان ۋە ئۇنىڭدىن پايدىلىنىشقا باشلىغان. رىۋايەت قىلىنىشىچە، تاڭ سۇلالىسى راھىبى شۈەنزاڭ بۇددا نومىنى ئېلىش ئۈچۈن ھىندىستانغا قىلغان سەپىرىدە تېرەك ئىسسىق سۇ ئارىشىڭىدا يۇيۇنغان، نەتىجىدە نەچچە ئايلىق يول ئازابى ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدىن كۆتۈرۈلۈپ، پۇت ـ قوللىرىدىكى ئاغرىقلارمۇ يوقاپ، ئۆزىنى قايتىدىن كۈچ ـ قۇۋۋەتكە تولۇپ قالغاندەك ھېس قىلىپ، تېخىمۇ غەيرەتكە كېلىپ، بۇددا نومىنى ئەكېلىش سەپىرىنى داۋاملاشتۇرغانىكەن.

ئۆتكەن ئەسىرنىڭ 80 ـ يىللىرىنىڭ ئاخىرلىرى باي ناھىيىسى مۇناسىۋەتلىك تارماقلارنى تەشكىللەپ، تېرەك

ئىسسىق سۇ ئارىشىڭنى ئىلمىي تەكشۈرۈپ، ئىسسىق بۇلاقنىڭ باي ناھىيە بازىرىنىڭ تېرەك كۆمۈرلىكىدە تەبىئىي شەكىللەنگەن يەر ئىسسىقلىق مەنبەسى ئىكەنلىكىنى، ئىسسىق بۇلاقتىن ئېتىلىپ چىققان ئىسسىق سۇنىڭ تەركىبىدە گۈڭگۈرت،زەمچە، فوسفور قاتارلىق كۆپ خىل مىنېرال ماددىلارنىڭ بارلىقىنى، بۇلارنىڭ تۈرلۈك تېرە كېسەللىكلىرى، رېماتىزم، يۇقىرى قان بېسىمى كېسەللىكلىرىگە شىپا بولىدىغانلىقىنى، ئادەمنىڭ ھۆسنىنى گۈزەللەشتۈرۈپ، بەدەننى ساغلاملاشتۇرىدىغانلىقىنى ئىسپاتلىغان.

تېرەك ئىسسىق سۇ ئارىشىڭى ئادەمنى ھەقىقەتەن ھەيران قالدۇرىدۇ. بۇ ئارىشاڭدا 10 نەچچە بۇلاق كۆزى بولۇپ، ئىگىلىگەن ئورنى ئىككى كۋادرات كىلومېتىر كېلىدۇ. كۈندىلىك ئېتىلىپ



چىقىدىغان ئىسسىق سۇ مىقدارى 691 توننا بولۇپ، سۇنىڭ تېمپېراتۇرىسى قىش-ياز 65 سېلسىيە گرادۇس ئەتراپىدا مۇقىم بولىدۇ. 2000-يىلى باي ناھىيىسى بۇ يەردە تېرەك ئىسسىق سۇ ئارىشىڭى ئارامگاھىنى ئېچىپ، زۆرۈر بولغان تېخنىكىلىق قۇرۇلۇشلارنى ئېلىپ بېرىپ، بۇلاق سۈيىنى تۇرۇبا ئارقىلىق

ھەرقايسى كۆلچەكلەر، ئايرىمخانا ۋە ياتاقلارغا بىۋاسىتە بارىدىغان قىلىدى. شۇڭا بۇيەردە يىلىنىڭ ھەرقانداق پەسلىدە ئىسسىق سۇغا چۈشۈپ داۋالىنىش، ھاردۇق چىقىرىش شارائىتىدىن بەھرىمەن بولغىلى بولىدۇ. مۇز تاغ باغرىدىكى گۈزەل مەنزىرە، ساپ ھاۋا، سۈپسۈزۈك ئاسمان، يېقىملىق شاۋقۇن سېلىپ توختىماي ئېقىۋاتقان كۆمۈش رەڭ تاغ سۈيى . . . سىزگە كەمدىن ـ كەم ئۇچرايدىغان ھۇزۇر ۋە راھەتنى ھېس قىلدۇرىدۇ. مۇلازىمەت ئەسلىھەلىرىمۇ بىرقەدەر تولۇق بولۇپ، قاتنىشى قۇلايلىق، تۆت پەسىلنىڭ ھەممىسىدە نۆۋەتچى ئاپتوموبىللار قاتناپ تۇرىدۇ. كەڭ ھەر مىللەت ئاممىسىنىڭ داۋالىنىش، ئارام ئېلىش، سەيلە ـ ساياھەت قىلىش ئارزۇسىغا ئەڭ ماس كېلىدىغان، تەنگە شىپا، جانغا راھەت تەبىئىي داۋالاش ئورنى، مەشھۇر سەيلىگاھ ھېسابلىنىدۇ.

تېرەك ئىسسىق سۇ ئارىشىڭنىڭ تەنگە شىپا، جانغا راھەت ئۆزگىچە ئۇنۇمى ۋە گۈزەل تەبىئىي مەنزىرىسى دۆلەت ئىچى ـ سىرتىدىكى نۇرغۇن بىمار ۋە ساياھەتچىلەرنى ئۆزىگە جەلپ قىلغانلىقتىن، بۇ ئارىشاڭنىڭ داڭقى مەملىكىتىمىزنىڭ ئىچى ۋە سىرتىغا تارقالدى.

# پەشتارچىدىن باي چىقتى

باي ناھىيىسى ياتۇر يېزا پەشتارچى كەنتى ئاقسۇ ۋىلايىتى، باي ناھىيىسى بويىچە نۇقتىلىق نامرات كەنت. لېكىن بۇ كەنتتىكى مېيىپ دېھقان مىجىت ئابلا يېزا، پۈتۈن ناھىيە بويىچە داڭقى چىققان بايغا ئايلاندى. ئۇنىڭ يىللىق كىرىمى 85 مىڭ يۈەنگە، كىشى بېشىغا توغرا كەلگەن ئوتتۇرچە كىرىمى 15 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

باي ناھىيىسىنىڭ ياتۇر يېزا پەشتارچى كەنتى مېنىڭ ئانا يۇرتۇم. ئاتا-ئانا، ئۇرۇق-تۇغقانلىرىمنىڭ ھەممىسى مۇشۇ يېزىدا ئولتۇرۇشلۇق. ئۇنىڭ ئۈستىگە مەن بۇ يېزىدا 10 نەچچە يىل خىزمەت ئىشلىگەن. شۇڭا بۇ يۇرتقا بولغان مېھرىم چوڭقۇر. تۇغقان يوقلاش ۋە باشقا مۇناسىۋەت بىلەن بۇ ئانا يۇرتۇمغا ھەر قېتىم بارغىنىمدا يۇرتۇمدىكى ئۆزگىرىشلەرنى، دېھقانلىرىمىز چېھرىدىكى شادلىق تەبەسسۇملىرىنى كۆرۈپ، دوست-بۇرادەرلىرىم ئاغزىدىن يۇرتۇمدىكى ئۆزگىرىشلەردىن خەۋەر تېپىپ سۆيۈنۈپ كېتەتتىم، ئانا يۇرتۇمغا بولغان ھۆرمىتىم تېخىمۇ ئاشاتتى.

بۇ قېتىم دەم ئېلىش كۈنىدىن پايدىلىنىپ، پەشتارچى كەنتىدىكى ئاتا-ئانامنى يوقلاپ باردىم. ئۇلار بىلەن پاراڭلىشىپ ئولتۇرغىنىمدا، دادام تۇيۇقسىزلا: «يازغۇچى» بولۇپ قاپسەن، يۇرتىمىزدىكى مىجىت ئابلانى يازساڭ بوپتىكەن، دېدى. دادام ئويلىغاننى مەنمۇ خېلى بۇرۇنلا كۆڭلۈمگە پۈككەنىدىم. ئاپرېل ئېيىنىڭ ئاخىرلىرى ئۇنى زىيارەت قىلدىم.

—ئۇكا، سەنمۇ مۇشۇ يۇرتلۇق، تەشۋىق قىلغۇدەك نېمە بار

دەيسەن؟ — دېدى مىجىت ئابلا كۈلۈپ تۇرۇپ.

— ئۇنداق دېمەڭ، سىزدەك جىسمانىي جەھەتتىكى مېيىپلىق ئۈستىدىن غالىب كېلىپ، بېيىش يولىدا زەپەر قۇچقان، بېيىغاندا يۇرتداشلىرىنى ئېسىدىن چىقىرىپ قويماي، يۇرتداشلىرىنى ئورتاق بېيىش يولىغا يېتەكلىگەن ساخاۋەتچى دېھقانلىرىمىزنى يازماي كىمنى يازىمىز؟ — دېدىم مەنمۇ جاۋابەن. مىجىت ئابلا قايىل بولغاندەك باش لىڭشىتىپ، ئەھۋال تونۇشتۇرۇشقا باشلىدى.

پارتىيىنىڭ يېزىلارغا قاراتقان ئىقتىسادىي سىياسەتلىرى ئەمەلىيلەشتۈرۈلۈپ، 1982-يىلى تېرىلغۇ يەرلەر ئائىلىلەر بويىچە ھۆددىگە بېرىلگەندە، مىجىت ئابلا ئىشلەپچىقىرىشقا قولايلىق بولۇشى ئۈچۈن ئۆيى ئەتراپىدىكى باشقىلار ھۆددىگە ئېلىشنى خالىمىغان ئۇنۇمسىز يەردىن 32 مو يەرنى ھۆددىگە ئاپتۇ. مىجىت ئابلا ئۆز تەقدىرىنىڭ ئۆز قولىدا ئىكەنلىكىنى تونۇپ يېتىپ، ئايالى بىلەن بىرلىكتە كەنت، يېزىلاردا ئېچىلغان يېزا پەن-تېخنىكا بىلىملىرىنى ئومۇملاشتۇرۇش، تەربىيىلەش كۇرسلىرىغا قاتنىشىپ ۋە ئىلغار پەن-تېخنىكا ئوقۇشلۇقلىرىنى سېتىۋېلىپ، يېزا ئىگىلىكىدە ئەمەلىي قوللىنىلىدىغان يېزا ئىگىلىك پەن-تېخنىكا بىلىملىرى بىلەن ئۆزىنى قوراللاندۇرۇپتۇ. ئۇ ئۆگەنگەنلىرىنى ئەمەلىيەتتە ئىشلىتىپ، سەھەر قوپۇپ، كەچ يېتىپ، يەرگە كۆپلەپ ئەجىر سىڭدۇرۇپتۇ. ئىلمىي ئۇسۇلدا تېرىقچىلىق قىلىپ، تۇجۇپلەپ پەرۋىش قىپتۇ. «ئەجىرنىڭ تېگى ئالتۇن» دېگەندەك يەرمۇ ئۇنىڭ ئەجرىگە يارىشا يىلمۇ يىل ھوسۇل بېرىپتۇ. گەرچە بۇ ئائىلىنىڭ يېمەك-ئىچمەك، كىيىم-كېچەك مەسىلىسى تۈپتىن ھەل بولغان بولسىمۇ، تۇرمۇشىدا ئانچە چوڭ ئۆزگىرىش بولماپتۇ. ئۇ كۆپ ئويلىنىپ ئاخىرى نوقۇل ھالدا تېرىقچىلىق بىلەن شۇغۇللانغاندا تېز بېيىغىلى

بولمايدىغانلىقىنى تونۇپ يېتىپ، ئۆز جايىنىڭ چارۋىچىلىق، باقمىچىلىق، باغ ـ ئورمانچىلىق قاتارلىق كۆپ خىل ئىگىلىكىنى راۋاجلاندۇرۇشقا ماس كېلىدىغان تەبىئىي ئەۋزەللىكتىن پايدىلىنىپ، 1990 ـ يىلدىن ئېتىبارەن كەنتتىن 50 مو يەرنى كۆتۈرە ئېلىپ، دېھقانچىلىق كۆلىمىنى يەنىمۇ كېڭەيتىپتۇ. ئۆيى ئەتراپىدىكى بىنەم يەرلەردىن پايدىلىنىپ باغ ـ ئورمانچىلىقنى تەرەققىي قىلدۇرۇپ، 20 مو يەردە مېۋىلىك باغ، 30 مىڭ تۈپتىن ئارتۇق ماتېرىيال ئورمىنى بەرپا قىپتۇ. چارۋىچىلىق، باقمىچىلىق كەسپىنى يولغا قويۇپتۇ، ئەجىرلىك ئون نەچچە يىل مۇشۇ تەرىقىدە ئۆتۈپتۇ. ئۇنىڭ ئىگىلىكى يىلدىن ـ يىلغا زورىيىپ، ئىقتىسادىي كىرىمى يىلدىن ـ يىلغا ئېشىپتۇ. بۈگۈنكى كۈنگە كەلگەندە مجىت ئابلانىڭ يىللىق كۆپ خىل ئىگىلىك كىرىمى 85 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، كىشى بېشىغا 15 مىڭ يۈەندىن توغرا كەپتۇ. مۇقىم مۈلۈك قىممىتى 100 مىڭ يۈەندىن ئېشىپ، توققۇزى تەل ھاللىق ئائىلىگە ئايلىنىپ،نامى يىراق ـ يېقىنغا تارىلىپ، داڭقى چىقىپتۇ.

مجىت ئابلا بېيىغاندىن كېيىن يۇرتداشلىرىنى، نامراتلارنى ئېسىدىن چىقىرىپ قويماي، ساخاۋەت قوللىرىنى ئۇلارغا ئايىماي سۇنۇپ، كەنتتىكى نامرات ئائىلىلەرگە ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ 7 مىڭ يۈەن قىممىتىدىكى ماددىي بۇيۇم، نەق پۇل ياردەم قىلىپتۇ. 30 مىڭ يۈەن ئۆسۈمسىز قەرز بېرىپتۇ ۋە ئۆزىنىڭ كۆپ خىل ئىگىلىك بىلەن شۇغۇللىنىش تەجرىبىلىرىنى نامرات ئائىلىلەرگە تونۇشتۇرۇپتۇ. 30 مىڭ يۈەن چىقىم قىلىپ ئىككى ئورۇنغا بېتون كۆۋرۈك سېلىپ قاتناشنى راۋانلاشتۇرۇپتۇ. 15 مىڭ يۈەن چىقىم قىلىپ ئىچىملىك سۇ تۇرۇبىسى، توك سىمى تارتىپ ئەتراپتىكى 12 ئائىلىلىك دېھقان ـ چارۋىچىنىڭ ئىچىدىغان سۇ، توك ئىشلىتىش مەسىلىسىنى ھەل قىلىپ بېرىپتۇ. 5000 يۈەندىن

ئارتۇق مەبلەغ سېلىپ 3000 مېتىر ئۇزۇنلۇقتا ئېرىق چېپىپ، 500 مېتىر كەلكۈندىن مۇداپىئە كۆرۈش دامبىسى ياساپ، ئەتراپتىكى دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ سۇغىرىش شارائىتىنى ياخشىلاپ بېرىپتۇ. مائارىپقا 2000 يۈەن ئىئانە قىپتۇ.

مىجىت ئابلا مۇنداق دېدى: «مەن يۇرتداشلىرىمغا، نامراتلارغا ئاز-تولا ياردەم قولۇمنى سۇنۇپ، ئۇلارنى ئورتاق بېيىش يولىغا باشلىيالىساملا ئۆزۈمنى بەختلىك ھېسابلايمەن...» مىجىت ئابلانىڭ بۇ سەممىمي سۆزى سوتسىيالىستىك يېڭى يېزا قۇرۇش، ئورتاق ھاللىق جەمئىيەت بەرپا قىلىش جېڭىگە ئاتلانغان دېھقان-چارۋىچىلارنىڭ ئورتاق ساداسى ئىدى.

مىجىت ئابلانىڭ ئەجرى ئۇنىڭغا شان-شەرەپ، ھۆرمەت ئاتا قىپتۇ. ئۇ ئىلگىرى-كېيىن بولۇپ «پەن-تېخنىكىغا تايىنىپ ئالدىن بېيىغان ئائىلىلەر ئۈلگىسى»، «بەشتە ياخشى مەدەنىي ئائىلىلەر ئۈلگىسى»، «بېيىش باشلامچىسى»، «ئۈلگىلىك مېيىپ» دېگەندەك شەرەپلىك ناملارغا ئېرىشىپ، ئالاقىدار ئورۇنلار تەرىپىدىن تەقدىرلىنىپتۇ.

# قېيىردا قالغان ئىز

يېزا ئىگىلىك باج خىزمىتى سىياسەتچانلىقى كۈچلۈك، چېتىشلىق دائىرىسى كەڭ، قىيىنلىق دەرىجىسى بىر قەدەر يۇقىرى شەرەپلىك ھەم ئىنتايىن جاپالىق خىزمەت.



بۇ خىزمەتتە نەتىجە يارىتىپ، دۆلەت ۋە خەلققە مەنپەئەت يەتكۈزۈش ئۈچۈن يېزا ئىگىلىك باج كادىرلىرىدا جاپا-مۇشەققەتكە چىداپ ئىشلەش، تىنىمسىز ئىزدىنىش، قانۇن بويىچە پاك-دىيانەتلىك بىلەن ئىش بېجىرىش روھى بولۇشى كېرەك. تۇرسۇن ساۋۇتنىڭ يېزا ئىگىلىك باج خىزمىتى بىلەن شۇغۇللانغان 19 يىل جەريانىدىكى قېيىردا قالدۇرغان ئىزلىرى بۇ نۇقتىنى يورۇتتى. تۇرسۇن ساۋۇت 1986-يىلى ئاقسۇ ۋىلايەتلىك مالىيە-سودا تېخنىكومىنىڭ يېزا ئىگىلىك باج كەسپى سىنىپىنى ئەلا نەتىجە بىلەن پۈتكۈزۈپ، باي ناھىيىلىك مالىيە ئىدارىسىغا خىزمەتكە تەقسىم قىلىندى. تۇرسۇن ساۋۇت مالىيە ئىدارىسى

رەھبەرلىرىدىن ئۆزىنى قېيىر يېزىسىغا يېزا ئىگىلىك باج خادىمى قىلىپ بەلگىلەشنى تەلەپ قىلدى. چۈنكى قېيىر تۇرسۇن ساۋۇتقا ئېھتىياجلىق ئىدى...

قېيىر يېزىسى چەت، تاغلىق، تەبىئىي شارائىتى ناچار يېزىلارنىڭ بىرى بولۇپ، ناھىيە بازىرى بىلەن بولغان ئارىلىقى 100 كىلومېتىردىن ئاشاتتى. قېيىر يېزىلىق يېزا ئىگىلىك باج پونكىتىدا بىر نەپەر يېزا ئىگىلىك باج كادىرى ۋە كېسەك بىلەن قوپۇرۇلغان، كونا ئىككى ئېغىزلىق ئىشخانىدىن باشقا ھېچنېمە يوق ئىدى. قاتناش قورالى دېگەنلەردىن سۆز ئېچىش ئەسلا مۇمكىن ئەمەس ئىدى. تۇرسۇن ساۋۇت دەل مۇشۇنداق شارائىتتا تولۇپ تاشقان قىزغىنلىق بىلەن قېيىرغا كەلدى. ئۇ قېيىرغا كېلىپلا قېيىر يېزىسىدىكى ھەرقايسى كەنتلەرنىڭ ئاساسىي ئەھۋالىنى تەپسىلىي ئىگىلىدى، ئاساسىي قاتلام كادىرلىرى بىلەن تونۇشتى. ئىشنى يېزا ئىگىلىك باج سىياسەت بەلگىلىمىلىرىنى كەڭ تۈردە تەشۋىق قىلىشتىن باشلاپ، دېھقان-چارۋىچىلارنىڭ يېزا ئىگىلىك بېجىغا بولغان چۈشەنچىسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش ئارقىلىق، ئۇلارنى يېزا ئىگىلىك بېجىنى ئۆزلۈكىدىن مەلۇم قىلىپ تاپشۇرۇش ئېڭىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشكە كۈچ سەرپ قىلدى. ئۇ خىزمەتكە قاتنىشىپ ئۇزاق ئۆتمەيلا مەلۇم كەنتتە باج يىغىمى يىللاردىكى ئاپەت ۋە ئىجتىمائىي كەچۈرۈم پۇلىنىڭ قالدۇق باج ۋەزىپىسىدىن تۈتۈپ قېلىنىپ، كەنت كادىرلىرىغا قۇرۇق تالون تۇتقۇزۇپ قويغانلىقى، بۇنىڭ بىلەن باج تاپشۇرمىغان ئائىلىلەر باج تاپشۇرماي يۈرگەنلىكى، بېجى كەچۈرۈم قىلىنغان ئائىلىلەر باج كەچۈرۈم پۇلىنى قولىغا ئالالمىغانلىقىدەك بىر مەسىلىنى بايقىدى. قانداق قىلىش كېرەك؟ بۇ ئىلگىرىكى ئىش بولغانلىقى ئۈچۈن بىلمەسكە سېلىپ ئۆتكۈزۈۋېتىش كېرەكمۇ؟ ياق بۇ ئىشنى

توغرا بىر تەرەپ قىلمىغاندا، بۇ يېزىنىڭ بۇنىڭدىن كېيىنكى يېزا ئىگىلىك باج خىزمىتىگە ئېغىر تەسىر يېتىدۇ. ھەرقانچە بەدەل تۆلىسەممۇ بۇ ئىشنى قانۇن بويىچە بىرتەرەپ قىلىشىم كېرەك دەپ ئويلىدى ۋە بۇ مەسىلىنى دەرھال ھەل قىلىشقا كىرىشىپ كەتتى. ئۇ ئاۋۋال كەنت كادىرلىرىنىڭ قوللىشىنى قولغا كەلتۈرۈپ، كەنت كادىرلىرى بىلەن بىللە باج تاپشۇرمىغان ئائىلىلەرنىڭ ئەھۋالىنى ئىگىلىدى ھەمدە ئۇلارغا يېزا ئىگىلىك باج سىياسەت بەلگىلىمىلىرىنى زېرىكمەي - تېرىكمەي چۈشەندۈرۈپ، ئۇلارنىڭ باج تاپشۇرۇشىنى قولغا كەلتۈردى. بېجى



كەچۈرۈم قىلىنغان ئائىلىلەرگە باج كەچۈرۈم پۇلىنى تارقىتىپ بېرىپ، پارتىيە، ھۆكۈمەتنىڭ غەمخورلۇقىنى يەتكۈزۈپ، ئاساسىي قاتلام كادىرلىرى ۋە دېھقان - چارۋىچىلارنىڭ ھىمايىسىگە ئېرىشتى. تۇرسۇن ساۋۇت قاتناش قورالى كەمچىل شارائىتتا جاپا - مۇشەققەت، ھېرىپ - چارچاشتىن قورقماي، يېزا مەركىزىدىن 40_50 كىلومېتىر يىراقلىقتىكى قارغول، مىسبۇلاق كەنتلىرىگە ئات، ئېشەكلىك بېرىپ، دېھقان - چارۋىچىلارنىڭ ئۆيىدە يېتىپ - قوپۇپ باج يىغدى. ئۇنىڭ قېيىر يېزىسىدا بارمىغان كەنتى، بارمىغان مەھەللە، بارمىغان ئېتىز، بارمىغان تاغ - ئېدىر، يايلاقلار قالمىدى. ھەممىلا جايدا ئۇنىڭ ئىزلىرى قالدى. ئەجىر يەردە قالمايدۇ. ئۇ ئۆز تىرىشچانلىقى، خىزمەت نەتىجىلىرى بىلەن تەشكىل ۋە خەلقنىڭ ياخشى

باھاسىغا ئېرىشتى. 1991 - يىلى شەرەپ بىلەن جۇڭگو
كوممۇنىستىك پارتىيىسىگە ئەزا بولۇپ كىردى. 1994 - يىلى باج
ئىسلاھاتى ئېلىپ بېرىلىشتىن ئىلگىرى باج تارماقلىرى يىغىپ
كېلىۋاتقان ئالاھىدە مەھسۇلات بېجى يېزا ئىگىلىك باج تۈرىگە
قوشۇۋېتىلىپ، مالىيە تارماقلىرىنىڭ يىغىشىغا ئۆتكۈزۈپ
بېرىلدى. بۇنىڭ بىلەن يېزا ئىگىلىك باج پونكىتىنىڭ خىزمەت
ۋەزىپىسى ھەسسىلەپ ئېشىپ كەتتى. يېزا ئىگىلىك ئالاھىدە
مەھسۇلات بېجى ئاساسلىقى چارۋىچىلىق مەھسۇلاتلىرى،
ئورمانچىلىق مەھسۇلاتلىرى سېتىپ - ئالغانلاردىن ئېلىنىدىغان
باج بولۇپ، قېيىردىكى كەنتلەرنىڭ جايلىشىشى تارقاق بولۇش،
باج تاپشۇرغۇچىلارنىڭ باج تاپشۇرۇش ئېڭىنىڭ تۆۋەن بولۇشى
سەۋەبىدىن ھەمىشە باجدىن قېچىش ، باج يوشۇرۇش ئەھۋاللىرى
يۈز بېرىپ تۇراتتى. تەدبىر قوللانمىغاندا دۆلەتنىڭ نەچچە ئون
مىڭ يۈەن مالىيە كىرىمى ئېقىپ كېتەتتى. تۇرسۇن ساۋۇت بۇ
ئەھۋالنى يېزىلىق پارتكوم، يېزىلىق خەلق ھۆكۈمىتىگە ئىنكاس
قىلىپ، يېزىلىق پارتكوم، يېزىلىق خەلق ھۆكۈمىتى
رەھبەرلىرىنىڭ قوللىشىنى قولغا كەلتۈرۈپ ، ئالاھىدە مەھسۇلات
بېجى يىغىش مەزگىلىدە باج تەكشۈرۈش ئەترىتى قۇرۇپ، كېچە-
كۈندۈز چارلاشنى كۈچەيتتى. مۇھىم قاتناش ئېغىزلىرىدا باج
تەكشۈرۈش نۇقتىسى قۇردى. ھەرقايسى كەنتلەرگە «كۆز- قۇلاق»
قويدى. تەدبىر كۈچلۈك بولسا، نەتىجە گەۋدىلىك بولىدۇ،
دېگەندەك، قېيىر يېزىسىنىڭ يېزا ئىگىلىك ئالاھىدە مەھسۇلات
بېجى يىغىش خىزمىتى ناھىيە بويىچە ئالدىنقى قاتارغا ئۆتۈپ،
ناھىيىلىك مالىيە ئىدارىسىنىڭ مۇئەييەنلەشتۈرۈشىگە ئېرىشتى.
قېيىر يېزىسىنىڭ نەچچە يۈزمىڭ يۈەن يېزا ئىگىلىك باج
ۋەزىپىسى يىلمۇ يىل ئورۇندىلىپ كەلدى. باي ناھىيىلىك مالىيە
ئىدارىسى تۇرسۇن ساۋۇتنىڭ خىزمەتتىكى ئەستايىدىل

مەسئۇلىيەتچانلىقى، قانۇن بويىچە ئىش بېجىرىشتەك ئېسىل خىزمەت ئىستىلىنى كۆزدە تۇتۇپ، ئۇنى 1998 - يىلى قېيىر يېزىلىق يېزا ئىگىلىك باج پونكىتىنىڭ مەسئۇللۇقىغا تەيىنلىدى. تۇرسۇن ساۋۇت پونكىت باشلىقى بولغاندىن كېيىن ئۆزىگە تېخىمۇ قاتتىق تەلەپ قويۇپ، يېزا ئىگىلىك باج كادىرلىرىغا سىياسىي ئىدىيىۋى تەربىيىنى كۈچەيتىپ، قائىدە- تۈزۈملەرنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، ئىش ئورنى مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنى يولغا قويدى. ھەممە ئىشتا ئۆزى باشلامچى بولۇپ ،باج مەنبەلىرىنى تەكشۈرۈپ تىزىملاش، باج ھېسابلاش، باج پونكىتىنىڭ بوغالتىرلىق ھېسابىنى باشقۇرۇش قاتارلىق ھەممە ئىشلارغا قول سالدى. 1999 - يىلى ناھىيىلىك مالىيە ئىدارىسى تۇرسۇن ساۋۇتقا خىزمەت ئورنىنى ناھىيىلىك مالىيە ئىدارىسىغا يۆتكەپ قويۇش تەكلىپىنى بەرگەندە، ئۇ تەكلىپنى چىرايلىقچە رەت قىلىپ، «ماڭا ئېھتىياجلىق ئورۇن يەنىلا قېيىر يېزىسى» دەپ ئۆز خىزمىتىنى داۋاملاشتۇردى.

تۇرسۇن ساۋۇت كەسپىي خىزمەتلەرنى ياخشى ئىشلەش ئۈچۈن كۈچ سەرپ قىلىش بىلەن بىرگە، پونكىتنىڭ خىزمەت شارائىتىنى ياخشىلاشقىمۇ كۈچ سەرپ قىلدى. 2000 - يىلى قېيىر يېزىسى ۋە مالىيە ئىدارىسىنىڭ قوللىشىنى قولغا كەلتۈرۈپ، 200 مىڭ يۈەن مەبلەغ سەرپ قىلىپ 480 كۋادرات مېتىر كۆلەمگە ئىگە 20 ئېغىزلىق ئىشچى - خىزمەتچىلەر تۇرالغۇسى، ئىشخانا، تىجارەت ئۆيى سالدۇرۇپ، كومپيۇتېر قاتارلىق ئىلغار ئۈسكۈنىلەرنى سەپلەپ، خىزمەت شارائىتىنى زور دەرىجىدە ياخشىلىدى، 2 مو مېۋىلىك باغ بەرپا قىلدى.

2003 - يىلى 7 - ئايدا مەركەز ۋە ئاپتونوم رايوننىڭ بىرتۇتاش ئورۇنلاشتۇرۇشىغا ئاساسەن، يېزا باج - ھەق ئىسلاھاتى ئومۇميۈزلۈك باشلاندى. بۇ يېڭى ۋەزىپە يەنە تۇرسۇن ساۋۇتقا

يۈكلەندى. ئۇ يېزىلىق يېزا باج-ھەق ئىسلاھاتى رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى ئىشخانىسىنىڭ مۇدىرى بولدى. يېزا باج-ھەق ئىسلاھاتى خىزمىتى مۇرەككەپ خىزمەت بولۇپ، ئۇ ھەرقايسى تەرەپلەرنىڭ مۇناسىۋىتىگە چېتىلىدىغان، يېزا تەقسىمات مۇناسىۋىتىدىكى بىر قېتىملىق زور ئىسلاھات بولۇپ، كەڭ دېھقانلار ئاممىسىنىڭ جانىجان مەنپەئەتىگە مۇناسىۋەتلىك بولغان يېزا تەقسىمات تۈزۈمىنى قېلىپلاشتۇرىدىغان، دېھقانلارغا قارىتىلغان قالايمىقان ھەق ئېلىش، قالايمىقان مەبلەغ توپلاش، قالايمىقان سېلىق سېلىشنى تىزگىنلەپ، دېھقانلارنىڭ سېلىقىنى يېنىكلىتىشنى تۈپ مەقسەت قىلغان زور تەدبىر. تۇرسۇن ساۋۇت بۇ خىزمەتنى نەتىجىلىك تاماملاش ئۈچۈن، يېزىلىق پارتكوم، يېزىلىق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ قوللىشى ئارقىسىدا ھەرقايسى كەنتلەردە يېزا باج-ھەق ئىسلاھاتى رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى قۇردى. يېزا كادىرلىرى ۋە ھەرقايسى كەنت كادىرلىرى قاتناشقان سەپەرۋەرلىك چوڭ يىغىنى ئېچىپ، كادىرلار ۋە كەڭ ئاممىنى ئىسلاھات روھىدىن خەۋەردار قىلدى. يېزىلىق يېزا باج-ھەق ئىسلاھاتى ئىشخانىسى، ۋە ھەرقايسى كەنت بوغالتىرلىرىنى قاتناشتۇرۇپ ئىككى قارار كۇرس ئېچىپ، ئۇلارنى يېزا باج-ھەق ئىسلاھاتىغا مۇناسىۋەتلىك سىياسەت-بەلگىلىمىلەر ۋە يېزا باج-ھەق ئىسلاھاتى كەسپىي بىلىملىرى بويىچە تەربىيىلەپ، يېزا باج-ھەق ئىسلاھاتى خىزمىتىنىڭ ئۈنۈملۈك قانات يايدۇرۇلۇشىغا پۇختا ئاساس سالدى ھەمدە يېزىلىق باج-ھەق ئىسلاھاتى ئىشخانىسىدىكى خادىملارنى باشلاپ ئاساسىي قاتلامغا چوڭقۇر چۆكۈپ كەڭ تۈردە تەشۋىق قىلدى. تېرىلغۇ يەر كۆلىمىنى ئېنىقلاپ بېكىتىش، ئىسلاھات لايىھىسى تۈزۈش قاتارلىق بىر يۈرۈش خىزمەتلەرنى تەرتىپلىك ئېلىپ باردى. بۇنىڭ بىلەن قېيىر يېزىسىنىڭ يېزا باج-ھەق

ئىسلاھاتى خىزمىتى باسقۇچ خاراكتېرلىك نەتىجىلەرگە ئېرىشتى. يېزا باج ـ ھەق ئىسلاھاتى ئارقىلىق قېيىر يېزىسىدىكى دېھقانلارنىڭ يۈكى كۆرۈنەرلىك يېنىكلىدى. ئىسلاھات سىياسەتلىرى ئومۇميۈزلۈك ئەمەلىيلەشتۈرۈلۈپ، ئىسلاھات دېھقانلار ئاممىسىنىڭ ھىمايىسىگە ئېرىشتى. دېھقانلارغا سېلىق كارتىسى تارقىتىپ بېرىلىپ، دېھقانلار سېلىقنى نازارەت قىلىش، سېلىقنى يېنىكلىتىشكە ئاساس سېلىندى.

تۇرسۇن ساۋۇت خىزمەتتە ھامان سەپنىڭ ئالدىدا مېڭىپ، باسقان ھەربىر قەدەمدە يارقىن ئىزلارنى قالدۇرۇپ، خىزمەتتىكى تۆھپىسىگە ئاساسەن مۇناسىپ شان ـ شەرەپلەرگە ئېرىشتى. ئۇ ئىلگىرى-كېيىن بولۇپ يېزىلىق پارتكوم، يېزىلىق خەلق ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن 18 قېتىم «يېزا ئىگىلىك باج خىزمىتىدىكى ئىلغار شەخس»، «مۇنەۋۋەر كومپارتىيە ئەزاسى»، «مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىدىكى ئىلغار شەخس» بولۇپ تەقدىرلەندى. قېيىر يېزىلىق يېزا ئىگىلىك باج پونكىتىمۇ يۇقىرى دەرىجىلىك ئورۇنلارنىڭ كۆپ قېتىم تەقدىرلىشىگە ئېرىشتى.

# سەبدۇن كەنتىدىكى شاپائەتچى

—ئاپتونوم رايون بويىچە مۇنەۋۋەر يېزا-كەنت دوختۇرى، ئاقسۇ ۋىلايىتى بويىچە «2006-يىللىق ئون مۇنەۋۋەر شەخس» نىڭ بىرى، مۇنەۋۋەر پارتىيە ئەزاسى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىدىكى ئىلغار شەخس شاجۇڭخۇي توغرىسىدا.

*«مەن بىر يېتىم بالا، 13 يېشىمدا شىنجاڭ باي ناھىيە كانچى يېزا سەبدۇن كەنتىگە كېلىپ، ئۇيغۇر ئاھالىلىرىنىڭ تامىقىنى يەپ، تەربىيىسىنى ئېلىپ چوڭ بولغاچقا، بۇ كەنتتىكى يۇرتداشلار ئۈچۈن مۇلازىمەت قىلىش مەجبۇرىيىتىم بار...»*

(شاجۇڭخۇينىڭ خاتىرىسىدىن )

## مۇقەددىمە



36 يىلدىن بۇيان، باي ناھىيە كانچى يېزا سەبدۇن كەنتىدىكى دېھقان-چارۋىچىلارنىڭ ئۆيلىرىدە ياكى ئېتىز باشلىرىدا ئاق خالات كىيگەن، دورا ساندۇقى كۆتۈرگەن ئوتتۇرا ياشلىق بىر خەنزۇ ئايالنىڭ ئۇيغۇر دېھقان-چارۋىچىلارنىڭ كېسىلىنى كۆرۈپ داۋالاۋاتقانلىق ئەھۋالىنى دائىم كۆرگىلى بولىدۇ. ئۇ ھەربىر جايغا بارغاندا، كەنت

ئاھالىلەرنىڭ كېسەللىنى كۆيۈمچانلىق بىلەن تەكشۈرۈپ، ئۆلۈمگە ئامال، ئاغرىققا سەۋەب قىلىپ، كېسەل ئازابىدىن، غەمدىن خالاس قىلىش بىلەن يۇرتداشلىرىنىڭ ئىززەت-ھۆرمىتىگە سازاۋەر بولدى. سەممىي كەنت ئاھالىلىرى ھەر قېتىم ئۇنى كۆرگەندە، خۇددى ئۆزلىرىنىڭ ئۇرۇق-تۇغقىنىنى كۆرگەندەك قولىنى چىڭ سىقىپ تۇرۇپ، ھاياجانلانغان ھالدا كۆز يېشى قىلىشىدۇ. كەنت ئاھالىلىرى «شاجۇڭخۇي دوختۇر ياخشى، يۇرتداشلىرىمىزنىڭ شەپقەتچىسى» دەپ ماختىشىدۇ. «2006-يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە مۇنەۋۋەر يېزا كەنت دوختۇرى»، ئاقسۇ ۋىلايىتى بويىچە 2006-يىللىق «10 مۇنەۋۋەر شەخس»، «مۇنەۋۋەر پارتىيە ئەزاسى»، «مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىدىكى ئىلغار شەخس» بولۇپ باھالىنىپ تەقدىرلەندى.

## سۇ ئىچكەندە قۇدۇق قازغۇچىنى ئۇنتۇما

يەر-زېمىن بۇ باھار يامغۇرىدا تازىلانغاندىن كېيىن تۇتۇق ھاۋا بىردىنلا ئېچىلىپ كەتتى. ئېتىز-ئېرىقلارغا نەزەر سالساق، كۆپكۆك بوغدايلىق، ئاپئاق ئېچىلغان ئۆرۈك چېچەكلىرى، بەس-بەستە ئېچىلىۋاتقان شاپتۇل چېچەكلىرى، ئېچىلىش ئالدىدا تۇرغان ئالما غۇنچىلىرى كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ. تىپتىنچ يېزىنىڭ بۇ گۈزەل مەنزىرىسى كىشىنى مەپتۇن قىلاتتى.

4-ئاينىڭ 13-كۈنى باي ناھىيە كانچى يېزا سەبدۈن كەنتىدىكى 86 ياشلىق نۇرنىساخان نىياز موماي باھار پەسلىدىكى گۈزەل مەنزىرىدىن زوقلىنالمىدى. چۈنكى ئۇنىڭ ئۆپكە يەل ئىششىقى كېسىلى يەنە قوزغالدى. ئۇ كاڭدا ئىڭراپ ياتاتتى. پېشانىسىدە مونچاق-مونچاق تەر تامچىلىرى يالتىرايتتى.

نۇرنىساخان موماينىڭ ئوغلى مەمەت ئانىسىغا قاراپ ئىچى تىت-تىت بولۇپ يىغلاپ كەتتى.

غىچىرلىغان ئاۋاز بىلەن تەڭ ئىشىك ئېچىلدى. دورا ساندۇقى كۆتۈرگەن ئاق خالاتلىق، ئوتتۇرا ياشلىق بىر خەنزۇ ئايال ئۆيگە كىرىپ كەلدى.

—شاجۇڭخۇي دوختۇر، سىز كەلدىڭىز،— دېدى مەمەت.

شاجۇڭخۇي كۆپ گەپ قىلمايلا، تىڭشىغۇچنى ئېلىپ موماينى تەكشۈرگىلى تۇردى. موماينىڭ قان بېسىمىنى، بەدەن تېمپېراتۇرىسىنى ئۆلچىدى. ئوكۇل ئۇرۇپ، دورا ئىچكۈزۈپ قويدى. موماينىڭ ئىڭرىشى پەيدىنپەي توختاپ قالدى. سارغىيىپ كەتكەن چىرايىغا قان يۈگۈردى.

—شاجۇڭخۇي دوختۇر، كۆپ يىللاردىن بۇيان سىز كېسىلىمنى داۋالاپ، بىر پۇڭ ھەق ئالمىدىڭىز، سىز ماڭا ئۇرۇق-تۇغقىنىمدىنمۇ يېقىن ئىكەنسىز،— دېدى نۇرنىساخان موماي بوغۇلۇپ-بوغۇلۇپ يىغلاپ تۇرۇپ.

—شۇنداق قىلىشىمغا توغرا كېلىدۇ. كىچىك ۋاقتىمدا دائىم سىلىنىڭ ئۆيدە تاماق يېگەنمەن، ھازىر ئائىلىڭىزنىڭ ئىقتىسادىي كىرىمى ئانچە ياخشى ئەمەس، كېسىلىڭىزنى ھەقسىز داۋالاپ بېرىشىمگە توغرا كېلىدۇ،— دېدى شاجۇڭخۇي دوختۇر راۋان ئۇيغۇر تىلىدا.

بۇ ئوتتۇرا ياشلىق ئايال باي ناھىيىسىدىكى ھەممىگە تونۇلغان خەنزۇ كەنت دوختۇرى شاجۇڭخۇي ئىدى. شاجۇڭخۇي 36 يىلدىن بۇيان بۇ چەت ئۇيغۇرلار يۇرتىدا يالاڭ ئاياغ دوختۇر بولۇشتىن كەنت دوختۇرى بولۇشقىچە، پۈتۈن زېھنى ۋە ئەقىل-پاراسىتى بىلەن ئىشلەپ، ئۆزىنى خالىس بېغىشلاپ، ئۇيغۇر يۇرتداشلىرىنى كېسەل ئازابىدىن، غەمدىن خالاس قىلىپ، ئۆلۈم گىردابىغا يېقىنلاشقان كېسەللەرنى بىر-بىرلەپ قۇتقۇزدى. شۇ

جايدىكى ئۇيغۇر كەنت ئاھالىلىرى سەممىي ھالدا «شاجۇڭخۇي يۇرتداشلىرىمىزنىڭ شەپقەتچىسى» دەپ تەرىپلەشتى.

4 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنى ئەتىگەندە بىز سەبدۇن كەنتىگە كەلدۇق. بىزنىڭ شاجۇڭخۇينى زىيارەت قىلغىلى كەلگىنىمىزدىن خەۋەر تاپقان 10 نەچچە كەنت ئاھالىسى بىزنى ئورىۋالدى. ئۇلار ئارقا ـ ئارقىدىن شاجۇڭخۇينىڭ ئىش ئىزلىرىنى سۆزلەپ بەردى.

## كەنت ئاھالىلىرىنىڭ ئۆزىنى بېقىپ چوڭ قىلغان مېھىر ـ شەپقىتىگە جاۋاب قايتۇرۇشقا بەل باغلاش

تەبىئىي ئاپەتلىك يىللاردا، شاجۇڭخۇينىڭ ئاتا ـ ئانىسى كېسەللىك ھەم ئاچارچىلىق سەۋەبى بىلەن ئارقا ـ ئارقىدىن ئۆلۈپ كەتتى. ئاران 11 ياشقا كىرگەن شاجۇڭخۇي بىر يېتىم بالىغا ئايلىنىپ قالدى.

1964 ـ يىلى ئەمدىلا 13 ياشقا كىرگەن شاجۇڭخۇي تىرىكچىلىك قىلىشقا مەجبۇر بولۇپ، قەھەتچىلىك دەستىدىن سىرتقا چىقىپ كېتىدىغان بىر قانچە يۇرتداشلىرى بىلەن سىچۈەن ئۆلكىسىدىن باي ناھىيىسىنىڭ كانچى يېزا سەبدۇن كەنتىگە كەلگەن. ئاق كۆڭۈل ئۇيغۇر كەنت ئاھالىلىرى شاجۇڭخۇينىڭ بىچارىلىكىنى كۆرۈپ، نۆۋەت بىلەن ئۇنى تاماق ۋە كىيىم ـ كېچەك بىلەن تەمىنلەپ تۇردى ھەمدە شاجۇڭخۇينى مەكتەپكە بەردى. يىللارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن كەنت ئاھالىلىرىنىڭ غەمخورلۇقىدا شاجۇڭخۇي ئاستا ـ ئاستا چوڭ بولدى.

1969 ـ يىلى كەنت كومىتېتى شاجۇڭخۇينى ناھىيىلىك خەلق دوختۇرخانىسىغا دوختۇرلۇقنى ئۆگىنىشكە ئەۋەتتى. ئىككى

يىلدىن كېيىن، ئۇ بىر يالاڭ ئاياغ دوختۇر بولۇپ يېتىشىپ چىقتى. شۇنىڭدىن باشلاپ ئۇ 36 يىللىق كەنت دوختۇرلۇق ھاياتىنى باشلىدى.

شاجۇڭخۇي مۇنداق دېدى:

ــ سۇ ئىچكەندە قۇدۇق قازغۇچىنى ئۇنتۇماسلىق كېرەك. مەن كىچىك ۋاقتىمدا بىر يېتىم بالا ئىدىم. 13 يېشىمدا سەبدۇن كەنتىگە كەلگەندىن كېيىن، بۇ كەنتتىكى ئۇيغۇر ئاھالىلىرىنىڭ تامىقىنى يەپ چوڭ بولغان. ئەمدى بۇ جايدىكى يۇرتداشلار ئۈچۈن مۇلازىمەت قىلىش مەجبۇرىيىتىم بار.

1996 ـ يىلى كەچ كۈزنىڭ بىر ئەتىگىنىدە سەبدۇن كەنت 5 ـ گۇرۇپپىدىكى دېھقان ئىدرىس مەمەت تۇيۇقسىز ھوشىدىن كېتىپ يەرگە يىقىلدى. چىرايى سارغىيىپ، نەپەس ئېلىشى قىيىنلىشىپ، جان ئۈزۈش ئالدىدا تۇراتتى. ئىدرىس مەمەتنىڭ كىچىك ئوغلى دەرھال شاجۇڭخۇينى ئىزدەپ كەلدى. شاجۇڭخۇي ئىدرىس مەمەتنىڭ ئۆيىگە يۈگۈرۈپ كەلگەندە، ئۇنىڭ ئائىلىسىدىكىلەر ئىدرىس مەمەتنىڭ ئەتراپىغا ئولىشىپ يىغلاپ تۇراتتى. ئىدرىس مەمەتنىڭ نەپىسى توختاپ ، تېنى توختىماي تارتىشىپ تۇراتتى. شاجۇڭخۇي بۇ ئەھۋالنى كۆرگەندىن كېيىن كۆپ ئويلانمايلا دەرھال سۈنئىي نەپەسلەندۈرۈش ئۇسۇلىنى قوللىنىپ، ئۈچ مىنۇتقىچە سۈنئىي نەپەسلەندۈردى ۋە مۇھىم پەللىلەرنى ئۇۋۇلىدى. بىردەمدىن كېيىن ئىدرىس مەمەتنىڭ نەپىسى ئەسلىگە كەلدى. شاجۇڭخۇي جىددىي قۇتقۇزۇش ئارقىلىق، ئىدرىس مەمەتنى ئۆلۈم گىردابىدىن قۇتقۇزۇپ قالدى. ئىدرىس مەمەت ئائىلىسىدىكىلەر شاجۇڭخۇيدىن كۆپ مىننەتدار بولدى.

تۇراخان تۇردى قوشنا كەنتلىك دېھقان. ئۇ ئۈچ قېتىم ئېغىر كېسەلگە گىرىپتار بولۇپ قېلىپ، ھوشىدىن كەتكەندە، شاجۇڭخۇي

دوختۇر تۇراخاننىڭ ئۆيىگە يېتىپ كېلىپ، جىددىي قۇتقۇزۇش ئارقىلىق ئۇنى ئۆلۈم گىردابىدىن قۇتقۇزۇپ قالغان. تۇراخان تۇردى شاجۇڭخۇينى تىلغا ئېلىپ مۇنداق دېدى:

— ئەگەر شاجۇڭخۇي دوختۇر بولمىغان بولسا، مېنىڭ ھاياتىم ئاللىبۇرۇن ئاخىرلاشقان بولاتتى.

2000 - يىلىنىڭ بىر تومۇز ئىسسىق كۈنىدە كىشىلەر چۈشلۈك تاماق يەپ ئۆيدە ئارام ئېلىۋاتاتتى. شاجۇڭخۇي قىزى ئەكېلىپ بەرگىلى بىر سائەت بولغان بىر چىنە سۇيۇق ئاشنى ئەمدىلا قولىغا ئېلىپ تۇرغاندا، بىر يىگىت يۈگۈرگىنىچە شىپاخانىغا كىردى - دە، يىغلاپ تۇرۇپ:

— ئاچا، ئاپام ھوشىدىن كەتتى، ئۇنى قۇتقۇزۇۋالسىڭىز، — دېدى. شاجۇڭخۇي قولىدىكى ئاشنى قويۇپ، جىددىي قۇتقۇزۇش ساندۇقىنى مۈرىسىگە ئېسىپ، موتسىكلىتقا مىنىپ، خانىقا كەنتىگە كەلدى. بۇ شاجۇڭخۇي ئىككى قېتىم خەتەرلىك ئەھۋالدىن قۇتقۇزۇپ قالغان ئايشەم تۇردى ئىدى. ئايشەم تۇردى شاجۇڭخۇينىڭ جىددىي قۇتقۇزۇشى ئارقىسىدا كۆزلىرىنى ئاستا - ئاستا ئاچتى. شۇنىڭدىن كېيىن، ئايشەم تۇردى كۆرگەنلا ئادەمگە «شاجۇڭخۇي ھەقىقەتەن ئۇستا دوختۇر ئىكەن» دەپ ماختاپ يۈردى.

شاجۇڭخۇي 36 يىلدىن بۇيان قانچە ئادەمنى قۇتقۇزغانلىقىنى ئۆزىمۇ بىلمەيدۇ. بۇ ھەقتە ئېنىق خاتىرە قالدۇرۇلمىغان بولسىمۇ، ئەمما كەنت ئاھالىلىرى شاجۇڭخۇي دېگەن ئىسىمنى تىلغا ئالسىلا، ئۇنىڭ كېسەللەرنى قۇتقۇزۇش ھەققىدىكى ئىش ئىزلىرىنى بىلگەندەكلا بىر - بىرلەپ ئوتتۇرىغا قويالايدۇ. يۇرتداشلارنىڭ شاجۇڭخۇي ھەققىدىكى تونۇشتۇرۇشلىرىنى ئاڭلىغان كىشىلەر تەسىرلىنىپ كۆز يېشى قىلىشىدۇ.

# كېسەللەرگە ئۆز تۇغقانلىرىدەك مۇئامىلە قىلىش، ئۆز يېنىدىن پۇل چىقىرىپ ئاممانىڭ كېسىلىنى داۋالاش

كېسەل داۋالاش ھەققى قىممەت بولۇش، ئۇزۇن يىللاردىن بېرى ئاممىنىڭ بېشىنى قاتۇرىدىغان مەسىلە ئىدى. ئەمما سەبدۇن كەنتىدىكى ئاھالىلەر مەيلى پۇلى بولسۇن-بولمىسۇن كېسەل داۋالاش جەھەتتە غەم-ئەندىشە قىلمايدۇ.

1996-يىلى باش ئەتىيازنىڭ بىر ئەتىگىنىدە سەبدۇن كەنت 2-ئاھالىلەر گۇرۇپپىسىدىكى نامرات ئائىلە تۇنىياز ماموت ئۆيىدە نېمە قىلارىنى بىلەلمەي گاڭگىراپ تۇراتتى. ئايالى تۇنساخاننىڭ ئاي-كۈنى توشۇپ، قورساق ئاغرىقىغا چىدىماي يىغلاپ كەتتى. ئايالىنى دوختۇرخانىغا ئاپىراي دېسە پۇلى يوق ئىدى. تۇنساخاننىڭ يىغا ئاۋازى قوشنىسى قۇربان ئاكىنى چۆچۈتىۋەتتى. قۇربان ئاكا ئەھۋالدىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن تۇنىياز ماموتقا شاجۇڭخۇينى تەكلىپ قىلىپ ئەكېلىڭ دەپ ئەقىل كۆرسەتتى.

دۇڭ، دۇڭ، دۇڭ ... ئىشىكنى جىددىي ئۇرغان ئاۋاز ئاڭلاندى. «شاجۇڭخۇي دوختۇر، ئايالىمنىڭ كۈنى توشۇپ بەك قىينىلىپ كەتتى.»

شاجۇڭخۇي ئورنىدىن دەس تۇردى-دە، كېرەكلىك دورا سايمانلارنى ئېلىپ، «ماخايلى ئۇكام، تېزرەك ماخايلى» دېگىنىچە تۇنىياز ماموتنىڭ ئۆيىگە يېتىپ كەلدى. ئۈچ سائەتتىن كېيىن تۇنىياز ماموتنىڭ ئۆيىدىن بوۋاق بالىنىڭ يىغا ئاۋازى ئاڭلاندى. بىر جۈپ ئوماق قوشكېزەك ئوغۇل بوۋاق بىخەتەر تۇغۇلدى. بوۋاق بالىنى ئورايدىغان لاتا تەييارلاپ قويمىغانلىقى ئۈچۈن، تۇنىياز ماموت بىلەن ئايالى ئۆزلىرىنىڭ چاپىنىنى سېلىپ ئىككى بوۋاقنى ئورىدى.

شاجۇڭخۇي بۇ ئەھۋالنى كۆرگەندىن كېيىن، دەرھاللا ئۈچىسىدىكى پاختىلىق پەلتوسىنى سېلىپ تۇنىياز مامۇتقا بەردى ـ دە، «ھاۋا سوغۇق، بۇ پەلتونى ئايالىڭىزغا كىيدۈرۈپ قويۇڭ. ئانا ـ بالا ئۈچىلىسىدە باشقىچە ئەھۋال بايقالغان ھامان ماڭا ئۆز ۋاقتىدا خەۋەر قىلىڭ» دەپ تاپىلىدى.

ــ ھېسابلىشىۋېتەيلى، تۇغۇت قوبۇل قىلىش ھەققى، ئىشلەتكەن دورا پۇلى جەمئىي 150 يۈەن كەلدى، ــ دېدى شاجۇڭخۇي. تۇنىياز مامۇت ئوڭايسىزلانغان ھالدا يانچۇقىدىن 17.3 يۈەن پۇلنى ئېلىپ شاجۇڭخۇيغا بەرمەكچى بولغاندا، شاجۇڭخۇي:

ــ بۇ پۇل بىلەن بالىڭىزغا ئازراق بولسىمۇ ئوزۇقلۇق ئېلىپ بېرىڭ، بولدى داۋالاش ھەققىنى كەچۈرۈم قىلىۋېتەي، ــ دەپ، ئۈچىسىدىكى نېپىز كىيىم بىلەن سوغۇقتا شىپاخانىسىغا قايتىپ كەتتى. بۇ ئەھۋالنى كۆرگەن تۇنىياز مامۇت تەسىرلىنىپ كۆزىگە ياش ئالدى.

ھازىر تۇنىياز مامۇتنىڭ قوشكېزەك ئوغلى سەمەت تۇنىياز بىلەن تۇرغۇن تۇنىياز باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ 3 ـ يىللىقىدا ئوقۇۋاتىدۇ. ئەمما ئاتا ـ ئانىسى ھازىرغا قەدەر بىرجۈپ قوشكېزەك بالىنىڭ تۇغۇلغان ۋاقىتتىكى كۆرۈنۈشنى ئۇنتۇمايدۇ.

1998 ـ يىلى ئەتىيازدا سەبدۇن كەنتى 3 ـ ئاھالىلەر گۇرۇپپىسىدىكى 82 ياشلىق ساۋۇت چورۇق بوۋاي دىققەتسىزلىكتىن توك ھەرىسىدە قولىنى كېسىۋېلىپ، ناھىيىلىك دوختۇرخانىدا داۋالانغان بولسىمۇ، يېنىدا كۆپ پۇل بولمىغاچقا زەخىملەنگەن يېرى تولۇق ساقايمايلا ئائىلىسىگە قايتىپ كەلگەنىدى. ساۋۇت چورۇق بوۋاي ئائىلىسىدىكىلىرى بىلەن بىرلىكتە شاجۇڭخۇينىڭ شىپاخانىسىغا كىرىپ، ئىلاجىسىز ئۆتۈنۈش ھېسسىياتى چىقىپ تۇرغان نۇرسىز كۆزى شاجۇڭخۇيغا

تىكىلگەنىدە، شاجۇڭخۇي ئۇلارغا «ئاۋۋال كېسەلنى داۋالايلى» دېدى-دە، ياردەم قولىنى سۇنۇپ ساۋۇت چورۇق بوۋاينىڭ جاراھىتى ساقىيىپ بولغىچە ئوكۇل ئۇرۇپ، دورا ئالماشتۇرۇپ تېڭىپ قويدى. شاجۇڭخۇي داۋالاش ھەققى ئۇچۇن بىر پۇڭ پۇل ئالمىدى. 10 نەچچە يىلدىن بۇيان شاجۇڭخۇي دوختۇر ساۋۇت چورۇق بوۋاينىڭ ئادەتتىكى زۇكام، قىزىتما دېگەندەك كېسەللىرىنى ھەقسىز داۋالاپ قويدى. ئۆتكەن يىلى باش ئەتىيازدا 90 ياشقا كىرگەن ساۋۇت چورۇق بوۋاي ئالەمدىن ئۆتۇشتىن بۇرۇن، بالىسىنىڭ قولىنى تۇتۇپ تۇرۇپ:«بالام، مېنىڭ بۈگۈنگىچە ياشىيالىشىم، بەختىمگە يارىشا شاجۇڭخۇي دوختۇرنىڭ داۋالاپ بەرگەنلىكىگە باغلىق. شاجۇڭخۇي ئائىلىمىزنىڭ شاپائەتچىسى. سەن ئۇنىڭ بىزگە قىلغان ياخشىلىقىنى ئۆمۈر بويى ئۇنتۇپ قالما» دېگىنىچە تىپتىنچ ھالدا كۆز يۇمدى.

ياتۇر يېزا ئولپاڭ كەنتىدىكى دىليار تۇرغۇن مومىينىڭ 2004-يىل 4-ئاينىڭ 3-



كۈنىگىچە ئىچى سۈرۈپ سۇسىزلىنىپ كەتتى. بۇ ۋاقىت دەل ئەتىيازلىق تېرىلغۇنىڭ ئالدىراش پەيتى ئىدى. ئۇنىڭ ئائىلىسىدىكىلەر تىت-تىت بولۇشۇپ، دىليار تۇرغۇننىڭ ئوغلى بىلەن كېلىنى ئۇنى شاجۇڭخۇينىڭ شىپاخانىسىغا ئېلىپ كەلدى.

شاجۇڭخۇي دىليار تۇرغۇن مومىينىڭ كېسىلىنى داۋالاپ بولغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئوغلى ۋە كېلىنىگە:«ئاپاڭلار ئۆمۈر بويى جاپا تارتىپ سىلەرنى چوڭ قىلغان. ھازىر ئۇ كېسەل بولۇپ قاپتۇ. ئۇنىڭدىن ئوبدان خەۋەر ئالمىساڭلار بولمايدۇ، نۆۋەتتە

ئەتىيازلىق تېرىلغۇنىڭ ئالدىراش پەيتى. بۇ مەۋسۇمنى بىكار ئۆتكۈزۈپ قويساق، بۇ يىلقى دېھقانچىلىقتىن ھوسۇل ئېلىشتىن ئۈمىد يوق بولۇپ قالىدۇ. سىلەر قايتىپ بېرىپ يەرنى ئوبدان تېرىڭلار، ئاپاڭلارنى خاتىرجەم ماڭا تاپشۇرۇڭلار» دېدى.

شاجۇڭخۇي دىليار تۇرغۇن مومايىنىڭ كېسىلىنى داۋالاش ئۈچۈن ئۇنىڭغا دورا ئىچكۈزۈپ، ئوكۇل ئۇردى. موماي ياخشى كۆرىدىغان تاماقنى ئەكېلىپ بەردى. كەچتە موماي بىلەن پاراڭلاشتى. مومايىنىڭ يۇيۇنۇشىغا، پۇت يۇيۇشىغا ياردەملەشتى، كىرىنى يۇيۇپ بەردى، تىرناقلىرىنى ئېلىپ قويدى. 10 كۈندىن كېيىن، مومايىنىڭ كېسىلى ساقىيىپ، خۇشاللىقتا چۆمگەن ھالدا قايتىپ كەتتى. شاجۇڭخۇي مومايدىن دورا پۇلىدىن باشقا بىر پۇڭ ئارتۇق ھەق ئالمىدى. دىليار تۇرغۇن موماي شىپاخانىدىن كەتكەندىن كېيىن، شىپاخانىدا ئوكۇل ئۇردۇرۇۋاتقان بىمارلار «ئۆزى تۇغقان بالىسى بولسىمۇ شۇنچىلىك قىلمىدىغۇ» دېيىشتى.

## كەنت ئاھالىلىرى ئۈچۈن جاپا چېكىپ، نامرات تۇرمۇش كەچۈرۈشكە رازى بولۇش

شاجۇڭخۇي سەبدۇن كەنتى، قوشنا كەنت ۋە قوشنا يېزىلاردىكى داۋالاش پۇلىنى ئاز ئالغان ياكى ئالمىغان بىمارلارنىڭ سانىنى ئۆزىمۇ دەپ بېرەلمەيدۇ.

نۇرغۇنلىغان كەنت ئاھالىلىرى شاجۇڭخۇينىڭ شىپاخانىسىغا بېرىپ كۆپ قېتىم ھەقسىز كېسىلىنى داۋالاتقان ياكى دورا پۇلى كەچۈرۈم قىلىنغاندىن كېيىن، شاجۇڭخۇينى قايتا ئاۋارە قىلىشتىن خىجىل بولىدۇ، ئەمما شاجۇڭخۇي بۇ خىل ئەھۋالدىن

خەۋەر تاپقاندىن كېيىن، كەنت پارتىيە ياچېيكىسىغا كەنتتىكى نامرات، قىيىنچىلىقى بار ئائىلىلەرنىڭ كېسىلىنى داۋالىتىشقا قارىتا، كەنتنىڭ شىپاخانىسىغا بۇيرۇپ بەرگەن 2500 يۈەن قوشۇمچە ياردەمدىن ئېشىپ كەتكەن قىسمىنى ئۆزۈم ئۈستۈمگە ئالىمەن دەپ ۋەدە قىلدى. بۇ كەنتتە 1100 نوپۇس بار. نامرات، قىيىنچىلىقى بار نوپۇس 297. دېمەكچى بولغىنى شىپاخانىغا كېسەل داۋالاتقىلى قانچە ئادەم، قانچە قېتىم كېلىدىغانلىقى ۋە قانچە پۇل خەجلەيدىغانلىقىدىن قەتئىينەزەر، كەنتنىڭ ئاجرىتىپ بەرگەن 2500 يۈەندىن باشقا قىسمىنىڭ ھەممىسىنى بىر دوختۇر ئۈستىگە ئالىدۇ. بۇ يىل يىل بېشىدىن ھازىرغا قەدەر، بۇ كەنتتىكى بىمارلارنىڭ كېسەل داۋالىتىش ھەققى ۋە دورا پۇلى 1400 يۈەنگە يەتتى، بۇ ئىش بىرقىسىم كىشىلەرنىڭ نەزىرىدە سارالڭ ئادەمنىڭ قىلىدىغان ئىشى، ئەمما شاجۇڭخۇي بۇنىڭ ئۈچۈن پۇشايمان قىلمايدۇ.

شاجۇڭخۇي ئاممىنىڭ داۋالىنىش پۇلىنى كېمەيتىش، كەچۈرۈم قىلىش توغرىسىدا مۇنداق دېدى: سەھىيە تارمىقىنىڭ شىپاخانىلارنىڭ دورا پۇلىنى ئېلىش ھەققىدىكى بەلگىلىمىسىگە ئاساسەن، توپ سېتىش باھاسى ئاساسىدا 15%—20% باھا قوشۇشقا بولىدۇ. ئاسما ئوكۇل ئۇرۇشقا ھەرقېتىم 6 يۈەن ئېلىشقا بولىدۇ، لېكىن ئوكۇل پۇلىغا كەچۈرۈم قىلالايدىغانىنى كەچۈرۈم قىلىمىز. بىمارلارنىڭ بەزىلىرىنىڭ پەقەت پۇلى يوق، بۇلارنىڭ كېسىلىنى داۋالاپ قويمىساق بولمايدۇ. داۋالىنىش پۇلىنىمۇ ئەھۋالغا قاراپ ئالىمىز.

ئۆتكەن يىلى ئەتىيازدا پەشتارچى كەنتىدىكى دېھقان تۇرسۇن ياسىن ئېغىر زۇكام بولۇپ قېلىپ، شاجۇڭخۇينىڭ شىپاخانىسىدا ئاسما ئوكۇل ئۇردۇرۇپ بولغاندىن كېيىن، كۈن كەچ بولۇپ قالدى. ئۇ «شاجۇڭخۇي دوختۇر، قانچە پۇل بولدى» دەپ سورىدى. «21.3

يۈەن بولدى.» تۇرسۇننىڭ يانچۇقىدا ئارانلا 16.8 يۈەن پۇل بار ئىدى. شاجۇڭخۇي دوختۇر: «13 يۈەن بەرسەڭ بولىدۇ. قاراڭغۇ چۈشەي دەپ قالدى، قالغان پۇل بىلەن ماشىنىغا چىقىۋالغىن» دېدى. شىپاخانىدا بالىسىغا ئوكۇل ئۇردۇرۇۋاتقان ئاتا-ئانىلار شاجۇڭخۇيدىن نېمىشقا شۇنداق قىلىسىز دەپ سورىغاندا، شاجۇڭخۇي ئايگۈلگە:

— ئۇ ئېغىر زۇكام بولۇپ قاپتۇ، ئوكۇل ئەمدى ئۇرۇلۇپ بولىدى. ئائىلىسىگە يول يىراق، كېسەل بىلەن پىيادە مېڭىش تەسكە توختايدۇ، شىپاخانىدا كېسەل داۋالاتقىلى كېلىدىغانلارنىڭ بەزىلىرىنىڭ يانچۇقىدىكى پۇل ئارانلا دورا پۇلىغا چىقىشىدىكەن. ياكى دورا پۇلىغىمۇ يەتمەيدۇ. بۇنداق ئەھۋال ئاستىدا، پۇلنى ئاز ئېلىشتىن باشقا ئامال يوق، ئۇلارنىڭ ماشىنىغا چىقىدىغانغا ئازراق پۇل قالدۇرۇپ ئائىلىسىگە بېرىشقا ئاسانلىق تۇغدۇرۇش كېرەك، بولمىسا تېخىمۇ كۆپ پۇل خەجلەشكە توغرا كېلىدۇ، — دېدى.

سەبدۇن كەنتىدىكى ئامما مۇنداق بىر ھېساباتنى قىلىپ باققان: شاجۇڭخۇي دوختۇرنىڭ ھەر كۈندىكى دىئاگنوز قويۇش مىقدارى ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 20 كىشى ئەتراپىدا بولىدۇ. ئاسما ئوكۇل ئۇرغۇزغان كىشى 10 ئادەم ئەتراپىدا. داۋالاش ۋە دورا پۇلى 80 يۈەن، ئوكۇل پۇلى 50 يۈەن ئەتراپىدا كىرىم قىلغىلى بولىدۇ. دوختۇرلۇق بىلەن شۇغۇللانغىلى 30 يىلدىن ئاشتى. ئەسلىدە ئىقتىسادىي جەھەتتە خېلى باي بىر ئائىلە بولغان بولاتتى. ئەمما ئۇ راھەت كۆرۈشنى ئىستىمەي، ئۆزىنى بېغىشلاش يولىنى تاللىۋالدى. شاجۇڭخۇي 36 يىل كەنت دوختۇرى بولۇپ، بېيىپ كەتمىدى، بەلكى نامراتلىشىپ كەتتى. ئۇنىڭ ئۆيى ئادەتتىكى ئۆي، ئۆيدىكى بىردىنبىر ئائىلە سايمىنى كۈيئوغلى ئىشلەتكەن كونىراپ كەتكەن 17 سۇڭلۇق كونا تېلېۋىزور. قاتناش قورالى 80-

يىللاردا سېتىۋالغان «كەپتەر» ماركىلىق ۋېلىسىپىت، كىيىنىشى ۋە غىزالىنىشى ئاددىي ـ ساددا.

شاجوڭخوي دوختۇردىن «سىزنىڭ تاپقان پۇلىڭىز قېنى؟ » دەپ سورىساق، سەبدۇن كەنتىنىڭ مۇدىرى هامۇت : «تاپقان پۇلىنىڭ ھەممىسىنى كەنت ئاھالىلىرىنىڭ كېسەل داۋالىشىغا ۋە ئۆي سېلىشىغا ئىشلەتكەن» دەپ چۈشەندۈردى. سەبدۇن كەنتى 2 ـ ئاھالىلەر گۇرۇپپىسىدىكى دېھقان تۇردى ئوسمانىنىڭ ئىقتىسادىي جەھەتتىكى قىيىنچىلىقى خېلى ئېغىر. ئۇنىڭ كېسەكتە سالغان كونا ئۆيى يامغۇردا ئۆرۈلۈپ كەتكەندە، شاجوڭخوي 3000 يۈەن پۇل بېرىپ، تۇردى ئوسمانىنىڭ يېڭى ئۆي سېلىشىغا ياردەم قىلدى.

نەچچە يىللاردىن بۇيان، شاجوڭخوي سەبدۇن كەنتى 3 ـ ئاھالىلەر گۇرۇپپىسىدىكى ساۋۇت چورۇققا 300 يۈەن، تۇنىياز چورۇققا 370 يۈەن، تۇراخان داۋۇتقا 250 يۈەن، مامۇتقا 80 يۈەن، ئېزىزغا 87 يۈەن، هۆرنىساخانغا 150 يۈەن، شۇكۇر ئابلاغا 150 يۈەن... ئىئانە قىلدى. زادى قانچە ئادەمگە قانچە پۇل ئىئانە قىلغانلىقىنى شاجوڭخوي ئۆزىمۇ بىلمەيدۇ.

**مۇخبىرنىڭ تەسىراتى:** زىيارىتىمىزنى ئاياغلاشتۇرغاندىن كېيىن، بىز ماشىنا بىلەن قايتىپ كەلدۇق. يولدا بىز سىرتتىكى كىشىنى مەپتۇن قىلىدىغان گۈزەل مەنزىرىدىن زوقلىنىپ، شاجوڭخوينىڭ 36 يىلنى بىر كۈندەك ئۆتكۈزگەن ئۆزىنى بېغىشلاش روھىدىن قاتتىق تەسىرلەندۇق. بىر ئاددىي خەنزۇ كەنت دوختۇرى ئۇيغۇر دېھقان ـ چارۋىچىلارنىڭ قەلبىدىن چوڭقۇر ئورۇن ئالغان. بىز سەبدۇن كەنتىدىن ئايرىلغان ۋاقىتتا، كەنت مۇدىرى هامۇت بىزگە: شاجوڭخوي بۇ كەنتكە يەرلىك، ئۇ سىرتتىن كەلگەن ئەمەس، ئۇ بىزنىڭ ئۇرۇق ـ تۇغقىنىمىز، كەنتتىكى ئاھالىلەر ھېيت ـ بايراملاردا ياكى توي ـ تۆكۈنلەردە

شاجۇڭخۇينى تەكلىپ قىلىدۇ . مېۋە-چېۋىلەر پىشقاندا ئالدى بىلەن ئۇنى يېيىشكە تەكلىپ قىلىدۇ. بۇنىڭدىن شاجۇڭخۇي بىلەن يەرلىك ئۇيغۇر ئاھالىلىرىنىڭ قان بىلەن گۆشتەك چىقىشىپ كەتكەنلىكىنى چوڭقۇر ھېس قىلدۇق. بىز مۇشۇنداق كەنت دوختۇرىمىزنىڭ بولغانلىقىدىن پەخىرلىنىمىز، ئىپتىخارلىنىمىز!

# ياتۇر ئۆرۈكى - بېيشىنىڭ تۇۋرۈكى

باي ناھىيىسىدە ئۆرۈك توغرىسىدا پاراڭ بولسىلا، كىشىلەر زوق - شوق بىلەن ئۆرۈك ماكانى — ياتۇر يېزىسىنى تىلغا ئېلىشىپ، بۇ يېزىنىڭ داڭلىق قىزىل ئۆرۈكى، كىشمىش ئۆرۈكىنى ئاغزى - ئاغزىغا تەگمەي ماختىشىپ كېتىدۇ.

مەن ئۆرۈكلەر تازا مەي باغلاپ پىشىپ كۆزنى قاماشتۇرىدىغان،



خۇشبۇي ھىدى دىماغقا ئۇرۇلۇپ، دىلنى لال قىلىدىغان ئىيۇن ئايلىرىنىڭ ئاخىرلىرى بۇ يېزىنى قايتا زىيارەت قىلدىم. ياتۇر يېزىلىق پارتكومىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى يولداش ئابدۇرېھىم ھامۇت ئىشخانىسىدا مېنى كۈتۈۋالدى. كېلىش مەقسىتىمنى ئۇققاندىن كېيىن، ئۇ خۇشال ھالدا:

— قارشى ئالىمىز، قارشى ئالىمىز. ئاۋۋال ئۆرۈككە ئېغىز تېگىڭ. — دېگىنىچە ئالدىمغا كۆزنى چاقنىتىپ تۇرىدىغان ياتۇر

كىشمىش ئۈزۈكىدىن بىر تەخسە كەلتۈردى. بىز ئۈزۈككە ئېغىز تەگكەچ سۆھبىتىمىزنى داۋاملاشتۇردۇق. ئابدۇرېھىم ھامۇت ئەھۋال تونۇشتۇرۇپ مۇنداق دېدى:

—بىز يېقىنقى يىللاردىن بۇيان يېزا ئىگىلىك كەسىپ قۇرۇلمىسىنى تەڭشەش سالمىقىنى زورايتىپ، تەبىئىي ئەۋزەللىكتىن تولۇق پايدىلىنىپ، «تېرىقچىلىقنى سەرخىللاشتۇرۇش، چارۋىچىلىققا ھۇجۇم قىلىش، ئۈزۈك ئاساس قىلىنغان باغ ئورمانچىلىقنى پۇختا قەدەم بىلەن تەرەققىي قىلدۇرۇش، 2-، 3- كەسىپنى زور كۈچ بىلەن تەرەققىي قىلدۇرۇش» خىزمەت ئويى- پىكرى بويىچە تۆت چوڭ بازا قۇرۇلۇشىنى پۇختا ئىلگىرى سۈرۈپ، يېزا ئىگىلىكى ۋە يېزا خىزمەتلىرىدە يېڭى بۆسۈشنى ئىشقا ئاشۇردۇق. ئۈزۈك ئاساس قىلىنغان مېۋىلىك باغ كۆلىمى 41 مىڭ موغا، بۇنىڭدىن مېۋىگە كىرگەن باغ كۆلىمى 10 مىڭ موغا يېتىپ، كىشى بېشىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 2.5 مودىن مېۋىلىك باغ توغرا كەلدى. مۆلچەرلىنىشىچە بۇ يىل ئۈزۈك ئومۇمىي مەھسۇلاتى 13 مىڭ توننىغا، ئۈزۈكتىن قىلىنغان كىرىم 5 مىليون يۈەنگە يېتىدىغانلىقى، ئۈزۈكچىلىكتىنلا دېھقانلارنىڭ كىشى بېشى ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى 300 يۈەندىن ئاشىدىغانلىقى مۆلچەرلەنمەكتە.



كۆرۈپ تۇرۇپتىمەنكى، ئۆرۈك ئاساس قىلىنغان باغۋەنچىلىكنى زور كۈچ بىلەن راۋاجلاندۇرغانلىقتىن، ئۆرۈك ئىشلەپچىقىرىش ياتۇر يېزىسىدىكى دېھقانلارنىڭ كىرىمىنى ئاشۇرۇپ، بېيىش يولىغا مېڭىشتىكى تۈۋرۈك كەسىپكە ئايلانغان.

مەن يەنە يېزىلىق پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى ئابدۇرېھىم هامۇتنىڭ تەكلىپى بىلەن، بۇ يېزىنىڭ تۆگىبويىنى كەنتىدىكى داڭلىق باغۋەنچىلىك كەسىپى ئائىلىسى مولتۇراپ تۇقى ئائىلىسىنى زىيارەت قىلدىم. بېشىغا قىزىل دوپپا، ئۇچىسىغا ئاق كۆڭلەك، پۇتىغا قارا لاتا خەي كىيگەن 50 نەچچە ياشلاردىكى، قارىماققا خۇشخۇي كۆرۈنىدىغان، ئوتتۇرا بويلۇق، ئاق ـ سېرىق كەلگەن مولتۇراپ تۇقى بىزنى يول بويىدىكى ئۆرۈكلۈك بېغىغا باشلاپ كىردى، بىز ئۆرۈكلۈك باغنى ئارىلىدۇق، كۆچلۈك قۇياش نۇرىدا كىشمىش ئۆرۈك، قىزىل ئۆرۈكلەر كۆزلەرنى چاقنىتاتتى. بىز شېرىن ـ شېكەر ئۆرۈكلەرگە ئېغىز تەگكەچ، مولتۇراپ تۇقى ئۆرۈكلۈك باغقا راسلىغان ئوتقاشتەك گىلەم ئۈستىدە بەدەشقان قۇرۇپ قىزغىن پاراڭلاشتۇق. مولتۇراپ تۇقى 41 مو يەرنى ھۆددە ئالغان بولۇپ، 27 موسىغا ئۆرۈكلۈك باغ بىنا قىلىپ، ھەريىلى باغۋەنچىلىكتىنلا 40 مىڭ يۈەن، تېرىقچىلىق ۋە باقمىچىلىقتىن 20 مىڭ يۈەندىن ئارتۇق كىرىم قىلىدىكەن.

مەن ئابدۇرېھىم ھامۇتتىن، مولتۇراپ تۇقىنىڭ ئۆرۈك ئىشلەپچىقىرىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش، ئۆرۈك سېتىپ چىقىرىش يوللىرىنى راۋانلاشتۇرۇش، ياتۇر ئۆرۈكىنىڭ داڭقىنى چىقىرىش ئۈستىدە ئىزدىنىپ، «ياتۇر ئۆرۈكى» يەرلىك مەھسۇلات ماركىسىنى ئېلىش ئۈچۈن مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلارغا ئىلتىماس سۇنغانلىقىنى ئۇقۇپ، ئۇنىڭ بۇ ئىشىغا ئاپىرىن ئوقۇدۇم.

زىيارىتىمنىڭ ئاخىرىدا ئابدۇرېھىم ھامۇت مۇنداق دېدى:

ــ بىز باغۋەنچىلىككە بولغان رەھبەرلىكنى ھەقىقىي

كۆچەيتىپ، ئۆرۈكچىلىك ئاساس قىلىنغان باغۋەنچىلىكنى راۋاجلاندۇرۇشنى گەۋدىلىك ئورۇنغا قويۇپ، كادىرلار ۋە دېھقانلارنى ئۆرۈكچىلىكنى كۆلەملەشتۈرۈش، كەسىپلەشتۈرۈش، سورتىنى ئەلالاشتۇرۇش، باشقۇرۇشنى ئىلمىيلاشتۇرۇش، ئىقتىسادىي ئۈنۈمنى ئۆستۈرۈشكە يېتەكلەپ، يېزىمىزنى ئىسمى جىسمىغا لايىق «ئۆرۈك ماكانى» قىلىپ قۇرۇپ چىقىمىز.

ئىشىنىمەنكى، ياتۇر يېزىسى «تېرىقچىلىقنى سەرخىللاشتۇرۇش، چارۋىچىلىقتا ھۇجۇم قىلىش، ئۆرۈك ئاساس قىلىنغان باغ ئورمانچىلىقنى پۇختا قەدەم بىلەن تەرەققىي قىلدۇرۇش، 2-، 3- كەسىپنى زور كۈچ بىلەن تەرەققىي قىلدۇرۇش» خىزمەت پىكىر يولى بويىچە تۆت چوڭ بازا قۇرۇلۇشنى پۇختا ئىلگىرى سۈرۈپ، ئورتاق ھاللىق جەمئىيەت بەرپا قىلىش، سوتسىيالىستىك يېڭى يېزا قۇرۇش قەدىمىنى تېزلىتىشتە تېخىمۇ يېڭى نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرەلەيدۇ. ئۆرۈكچىلىك تۈۋرۈك كەسىپلىك رولىنى تېخىمۇ نامايان قىلىدۇ.

## «قوش ھىمايە قىلىش» گۈللىرى باي ناھىيىسىدە ئۆزگىچە رەڭدارلاشتى

يېقىنقى يىللاردىن بېرى باي ناھىيىسىدىكى پارتىيە، ھۆكۈمەت، ئارمىيە «ئىسلاھات، تەرەققىيات، مۇقىملىق» ئومۇمىيلىقىنى چىقىش قىلىپ، قوش ھىمايە قىلىش خىزمىتىگە بولغان تونۇشىنى ئۈزلۈكسىز چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، «شەھەرنى تۇتۇش ئارقىلىق يېزا ـ كەنت، ئورگان، ئاساسىي قاتلامنى ئىلگىرى سۈرۈش، تىپنى تۇتۇش ئارقىلىق ئومۇمىي خىزمەتنى ئىلگىرى سۈرۈش»نى ئاساسىي لىنىيە قىلىپ، ۋەتەن بىرلىكىنى ۋە ئىجتىمائىي ـ سىياسىي مۇقىملىقنى قوغداش، ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنى تېزلىتىش، ئۇرۇش تەييارلىقىنى ياخشى ئىشلەشنى مۇھىم نۇقتا قىلىپ، ئىناق جەمئىيەت قۇرۇشقا ماس كېلىدىغان قوش ھىمايە قىلىش خىزمەت مېخانىزمىنى يەنىمۇ مۇكەممەللەشتۈرۈپ ۋە ئورنىتىپ، ئارمىيە بىلەن يەرلىك بىر ـ بىرىنى قوللاپ، بىر ـ بىرىنىڭ ئۈستۈنلۈكىنى قوبۇل قىلىپ، ئورتاق تەرەققىي قىلدى . ھەربىي قىسىملارنىڭ قۇرۇلۇشىنى قوللاش جەھەتتە يېقىنقى 20 يىلدىن بۇيان، بۇ ناھىيە يەرلىك مالىيە ئىنتايىن جىددىي بولغان ئەھۋال ئاستىدىمۇ، ئىلگىرى ـ كېيىن 10 مىليون يۈەن چىقىرىپ 69223 ـ قىسىمنىڭ قۇرۇلۇشىغا ياردەم بەردى. 69223 ـ قىسىمنىڭ پەن ـ تېخنىكا تەربىيىلەش مەركىزى قۇرۇشىغا 600 مىڭ يۈەن ياردەم قىلدى ھەم 20 دانە كومپيۇتېر تەقدىم قىلدى. 5 كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتا يول

يۈزى 2 ـ دەرىجىلىك بولغان «قوش ھىمايە قىلىش يولى» ياساش ئۈچۈن 8 مىليون يۈەنگە يېقىن مەبلەغ ئاجراتتى. ھازىر بۇ يول ياسالماقتا، 6 ـ ئايدا ماشىنا قاتنايدۇ. 500 مىڭ يۈەن مەبلەغ ئاجرىتىپ قىسىمنىڭ مەكتەپ شارائىتىنى ياخشىلىدى. ناھىيىلىك قوراللىق بۆلۈمگە 1 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىپ، ئۇلارنىڭ ئولتۇراق ئۆي شارائىتى، ئىش بېجىرىش شارائىتىنى ياخشىلىدى ھەم قوروق تاملىرىنى رېشاتكىلىدى. ناھىيىلىك خەلق قوراللىق بۆلۈمىدە ئىشلەپچىقىرىش لىنىيىسى قۇرۇلغاندىن بۇيان، ناھىيە رەھبەرلىرى كۆپ قېتىم بۇ جايغا كېلىپ نەق مەيداندا ئىش بېجىرىپ، ئىشلەپچىقىرىشقا ئىشلىتىلىدىغان 1500 مو يەر، توك مەسىلىسى قاتارلىق 12 ئەمەلىي مەسىلىنى ھەل قىلىپ بەردى. 200 مىڭ يۈەن مەبلەغ ئاجرىتىپ قارا باغ خەلق ئەسكەرلىرى لىنىيىسىنىڭ قۇرۇلۇشىنى قوللىدى. قوراللىق ساقچى قىسىم باي ئوتتۇرا ئەترىتىنىڭ ئىشخانا قۇرۇلۇشىغا 600 مىڭ يۈەن مەبلەغ سالدى. 100 مىڭ يۈەن مەبلەغ ئاجرىتىپ ئۇلارغا ئىككى يۈرۈش ئولتۇراق ئۆي ھەل قىلىپ بەردى.

ستاتىستىكا قىلىنىشىچە، ھەرقايسى يېزا ـ بازار، ئورۇن ۋە تارماقلار يېقىنقى 20 يىلدىن بۇيان جەمئىي 5 مىليون يۈەندىن ئارتۇق مەبلەغ سېلىپ، پەن ـ تېخنىكا ئارقىلىق ئارمىيىنى ھىمايە قىلىش، مائارىپ ئارقىلىق ئارمىيىنى ھىمايە قىلىش، مەدەنىيەت ئارقىلىق ئارمىيىنى ھىمايە قىلىش، ئەقىل كۈچى ئارقىلىق ئارمىيىنى ھىمايە قىلىش، فۇنكسىيىلىك مۇلازىمەتتىن پايدىلىنىپ ئارمىيىنى ھىمايە قىلىش پائالىيىتىنى كەڭ قانات يايدۇرغان. ھەر يىللىق «باھار بايرىمى»، «1 ـ ئاۋغۇست» بايرىمى مەزگىلىدە، پۈتۈن ناھىيىدىكى 106 ئورتاق بەرپا قىلىش رايونلىرىنىڭ ھەممىسى ھەربىي قىسىمدىن ھال سورىغان. ئورتاق بەرپا قىلىدىغان ئورۇنلار 200 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىپ، قوراللىق

ساقچى باي ناھىيىلىك ئوتتۇرا ئەترىتىدىكى جەڭچىلەرگە ئاشخانا سېلىپ بەرگەن. ناھىيىلىك رادىئو - تېلېۋىزىيە مەركىزى كۆپ يىلدىن بېرى قىسىملارنىڭ يېپىق يوللۇق تېلېۋىزىيە سىم يوللىرىنى رېمونت قىلىپ بەرگەن، ناھىيىلىك پەن - تېخنىكا، مەدەنىيەت تارماقلىرى پەن - تېخنىكا، مەدەنىيەتنى ھەربىي گازارمىغا يۆزلەندۈرۈپ، نادىر كىتاب - ژۇرنال، ئەدەبىيات - سەنئەت نومۇرلىرىنى ھەربىي لاگېرغا يەتكۈزۈپ، پەن - تېخنىكا جەھەتتە، مەدەنىيەت جەھەتتە ئورتاق بەرپا قىلىشنى قانات يايدۇرغان. ناھىيىلىك ئەدلىيە تارماقلىرى قانۇننى ھەربىي گازارمىغا يۆزلەندۈرۈپ، كۆپ خىل شەكىللەر ئارقىلىق كەڭ ئوفىتسېر - ئەسكەرلەرگە دۆلەتنىڭ قائىدە - قانۇنلىرىنى تەشۋىق قىلىپ، قىسىمنىڭ قانۇننى ئومۇملاشتۇرۇش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلىشىگە ھەمكارلاشقان. ناھىيىلىك توك تەمىنلەش شىركىتى ھەريىلى ھەربىي قىسىملارغا توك تەمىنلەشتە ئېتىبار بېرىپ، ئۇلارنىڭ 10 مىڭ يۈەنگە يېقىن چىقىمىنى ئازايتقان. ھەربىي تەمىنات پونكىتى ئۇزاق ۋاقىتتىن بېرى سۈپەتلىك ئاشلىق - ماي سېتىۋېلىپ بايدا تۇرۇشلۇق قىسىملارنى ۋاقتىدا سۈپەتلىك ئاشلىق - ماي بىلەن تەمىنلەپ، ئوفىتسېر - ئەسكەرلەرنىڭ تۇرمۇشىغا قولايلىق ياراتقان. ناھىيىلىك پوچتا ئىدارىسى ئۈچ يەرگە ئارمىيىنى ھىمايە قىلىش گېزىت - ژۇرنال پونكىتى تەسىس قىلغان. ناھىيىلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسى قىسىم گازارمىسىنىڭ ئەتراپىنى تەشەببۇسكارلىق بىلەن قوغداپ، قىسىمنىڭ مەشىق، خىزمەت، تۇرمۇشىنىڭ مۇنتىزىم ، تەرتىپلىك بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلغان. ناھىيىلىك تېلېگراف شۆبە شىركىتى تېلېگراف كەسپىنىڭ ئالاھىدىلىكىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، مەبلەغ سېلىپ ناھىيىلىك قوراللىق بۆلۈمدىن 69223 - قىسىمغا تۇتىشىدىغان مەخسۇس نۇركابېلنى ياتقۇزۇپ

بەرگەن، بايدا تۇرۇشلۇق قىسىملارغا ھەقسىز تەقلىدىي تېلېفون ئورنىتىپ بەرگەن. ناھىيە تەۋەسىدىكى قاتناش بېكىتى، دوختۇرخانا، بانكا، باج، سودا - سانائەتنى مەمۇرىي باشقۇرۇش قاتارلىق مۇلازىمەت كەسىپلىرىدىمۇ ئومۇميۈزلۈك ھەربىيلەرگە ئالدى بىلەن ئېتىبار قىلىپ مۇلازىمەت قىلىشنى يولغا قويغان. ناھىيىلىك ترانسپورت شىركىتىمۇ ئارمىيىنى ھىمايە قىلىش قاتناش لىنىيىسى تەسىس قىلغان.

يېقىنقى 20 يىلدىن بۇيان باي ناھىيىسى تۈرلۈك ئاماللار بىلەن 35 نەپەر ھەربىينىڭ ئايالىنى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرغان. 65 ھەربىينىڭ ئايالىغا يۆتكىلىش رەسمىيىتى بېجىرىپ بەرگەن. بايدا تۇرۇشلۇق قىسىم كادىرلىرىنىڭ پەرزەنتلىرىنى مەكتەپكە، يەسلىگە بېرىشتە مەكتەپ تاللاش خىراجىتىنى، يۆتكەپ ئوقۇتۇش خىراجىتىنى كەچۈرۈم قىلغان، قىسىم كادىرلىرىنىڭ پەرزەنتلىرىگە داۋالىنىش سۇغۇرتىسى ئېلىپ بەرگەن. ناھىيىلىك يەرلىك باج ئىدارىسى ھەربىي ئائىلە تاۋابىئاتلىرىنىڭ 10 مىڭ يۈەنگە يېقىن بېجىنى كەچۈرۈم قىلغان.

نەپىقە بېرىش خىزمىتى ئارمىيىنى ھىمايە قىلىپ، ئائىلە تاۋابىئاتلىرىغا ئېتىبار بېرىشنىڭ مۇھىم مەزمۇنى. بۇ ناھىيىدىكى ھەر دەرىجىلىك پارتىيە، ھۆكۈمەتلەر نەپىقە بېرىش خىزمىتىنى ئارمىيىنىڭ كۆڭلىنى تىنچلاندۇرىدىغان، ئۇلارنىڭ غەيرىتىگە ئىلھام بېرىدىغان مۇھىم ۋەزىپە قاتارىدا باشتىن - ئاخىر چىڭ تۇتۇپ، «قوش نەمۇنىچى ناھىيە» بەرپا قىلىش پائالىيىتى ئارقىلىق، تۈرلۈك نەپىقە بېرىش سىياسەتلىرى، قائىدە - نىزاملارنى يەنىمۇ ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، 20 نەچچە يىلدىن بېرى 12 مىليون 350 مىڭ يۈەن ئاجرىتىپ نەپىقە بېرىش سىياسىتىنى ئەمەلىيلەشتۈرگەن. بۇنىڭ ئىچىدە ئېتىبار بېرىش مەبلىغى 6 مىليون 350 مىڭ يۈەن، نەپىقە مەبلىغى 1 مىليون

290 مىڭ يۈەن، مەجبۇرىيەت ئەسكەرلىرى ئېتىبار مەبلىغى 4 مىليون 710 مىڭ يۈەن بولغان.

باي ناھىيىسى يەنە قىيىنچىلىقلارنى يېڭىپ، ئورۇنلاشتۇرۇش خىزمىتىنى پۈتۈن كۈچى بىلەن ياخشى ئىشلىگەن. يېقىنقى 20 يىلدىن بۇيان، ھەربىي سەپتىن كەسىپ ئالماشقان 75 كادىرنى، ھەربىي سەپتىن چېكىنگەن 862 ئەسكەرنى مۇۋاپىق ئورۇنلاشتۇرغان، ھەربىي قىسىمدىكى ھەربىي بولمىغان ئارام ئېلىشقا چىققان 18 كادىرنى قوبۇل قىلغان. ئۇدا 10 يىل ئورۇنلاشتۇرۇش ۋەزىپىسىنى 100% ئورۇنداپ، قىسىم، شەخسنى ۋە ئادەم ئىشلەتكۈچى ئورۇننى رازى قىلغان. نەپىقە بېرىش، ئورۇنلاشتۇرۇش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش بىلەن بىرگە، كەسىپ ئالماشقان كادىرلار، ھەربىي ئائىلە تاۋابىئاتلار ۋە ئۇلارنىڭ پەرزەنتلىرىگە قارىتا «ئورۇنلاشتۇرۇشتا ئېتىبار بېرىش، يۆتكەشتە ئېتىبار بېرىش، ئوقۇشقا بېرىشتا ئېتىبار بېرىش» نى يولغا قويغان. ئارمىيە ۋە يەرلىكتە كەڭ ئەسقاتىدىغان ئىختىساسلىقلارنى تەربىيىلەشكە ئەھمىيەت بېرىپ، ھەربىي سەپتىن چېكىنگەن يېزا تەۋەسىدىكى ھەربىيلەرنى كەنت دەرىجىلىك رەھبەرلىك ئورنىغا تولۇقلىغان. ئۇلار نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ، بېيىشنىڭ باشلامچىلىرىدىن بولۇپ قالغان. بولۇپمۇ قىسىمدا ئىپادىسى ياخشى بولغان، ساپاسى يۇقىرى، قابىلىيەتلىك كەسىپ ئالماشقان ھەربىيلەردىن 165 كىشىنى تەربىيىلەپ ئۆستۈرۈپ، مۇناسىۋەتلىك ئورۇن، تارماق، يېزا ـ بازارلارنىڭ رەھبەرلىك ۋەزىپىسىگە قويۇپ، ئۇلارنىڭ تېگىشلىك رولىنى جارى قىلدۇرغان.

باي ناھىيىسى يەنە نەپىقە ئوبيېكتلىرىنىڭ ئۈچ خىل قىيىنچىلىقىنى ھەل قىلغان. بىرىنچىسى، تۇرمۇش قىيىنچىلىقىنى ھەل قىلغان. ھەرقايسى يېزا ـ بازارلار نەپىقە

بېرىش ئوبيېكتلىرىنىڭ تۈرلۈك قالدۇقىنى، ئىجتىمائىي جۇغلانمىسىنى ۋە مەجبۇرىيەت يۈكىنى 60 مىڭ يۈەنگە يېقىن كەچۈرۈم قىلغان ياكى كېمەيتكەن. ناھىيىدىكى 1300 ھەربىي ئائىلە تاۋابىئاتلىرىغا مۇلازىمەت قىلىش ئەترىتىنىڭ رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، شەكلى ھەرخىل ياردەم بېرىش، يۆلەش پائالىيەتلىرىنى پائال قانات يايدۇرغان. ئىككىنچىسى، ئولتۇراق ئۆي قىيىنچىلىقىنى ھەل قىلغان. نەپىقە بېرىش ئوبيېكتلىرىغا ئۆي سېلىپ بېرىشنى «يەر تەۋرەشكە چىدامىلىق ئولتۇراق ئۆي قۇرۇلۇشى» ئىچىگە كىرگۈزۈپ ھەم ناھىيە، يېزا، كەنت مەسئۇل بولۇش چارىسىنى قوللىنىپ، يېقىنقى 20 يىلدا جەمئىي 320 مىڭ يۈەن ئولتۇراق ئۆي مەبلىغى ئاجرىتىپ، 79 نۇقتىلىق ئېتىبار بېرىش ئائىلىلىرىگە ئۆي سېلىپ بەرگەن. ئۈچىنچىسى، كېسەل كۆرسىتىشى قىيىن بولۇش مەسىلىسىنى ھەل قىلغان. «ئۈچ خىل ئائىلە تاۋابىئات» لار، مېيىپ ھەربىيلەر، كەسىپ ئالماشقان پېشقەدەم ھەربىيلەرنىڭ 30% داۋالاش ھەققىنى كەچۈرۈم قىلغان. يېقىنقى يىللاردىن بويان 86 نۇقتىلىق ئېتىبار بېرىش ئوبيېكتلىرىنىڭ 687 مىڭ يۈەندىن ئارتۇق داۋالاش خىراجىتىنى كەچۈرۈم قىلغان. 96 نۇقتىلىق ئېتىبار بېرىش ئوبيېكتلىرىغا 1 مىليون 32 مىڭ يۈەنلىك داۋالاش خىراجىتى ھەل قىلىپ بەرگەن. ناھىيىلىك خەلق ئىشلىرى ئىدارىسى نۇقتىلىق ئېتىبار بېرىش ئوبيېكتلىرىنىڭ سالامەتلىكىنى ھەقسىز تەكشۈرۈپ، سالامەتلىك ئارخىپىنى تۇرغۇزغان.

# مۇزات ۋادىسىدىكى مېيىپ مىليونېر

*جىسمانىي جەھەتتىكى مېيىپلىق قورقۇنچلۇق ئەمەس، قورقۇنچلۇقى روھىي جەھەتتىكى مېيىپلىق.*

(خاتىرە دەپتىرىمدىن)

## مۇقەددىمە ئورنىدا

ھەيۋەتلىك تەڭرىتېغىنىڭ غەربىي جەنۇبىي ئېتىكىدە، شاۋقۇنلۇق مۇزات دەرياسى ۋادىسىدا ئاشلىق، ياغلىق دان، كۆمۈر ماكانى دەپ ئاتىلىدىغان، ھاۋاسى ساپ، سۈيى ئەلۋەك، بايلىقى



مول، خەلقى ئىشچان بىر مۇنبەت زېمىن بار. ئۇ بولسىمۇ يىپەك

يولىدىكى مۇھىم ئۆتەڭ ـ باي ناھىيىسى. ئىسلاھات ئېلىپ بېرىلغان. سىرتقا قارىتا ئىشىك ئېچىۋېتىلگەن 20 نەچچە يىلدىن بۇيان، باي ناھىيىسىدىكى 200 مىڭدىن ئارتۇق ھەر مىللەت خەلقى ھەر دەرىجىلىك پارتكوم، خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ توغرا رەھبەرلىكىدە، ئۆزلىرىنىڭ ئەقىل ـ پاراسىتىنى ئىشقا سېلىپ، ھالال ئەجرىگە تايىنىپ مول نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈردى. باي ناھىيە شەرقىي كۆۋرۈك سودا بازىرىدىكى تىككۈچىلىك كەسپى بىلەن شۇغۇللىنىپ، مىليون يۈەنلىك مال ـ مۈلۈكنىڭ ئىگىسىگە ئايلانغان 1 ـ دەرىجىلىك مېيىپ ياش ئادىلجان زايىت ئەنە شۇلارنىڭ تىپىك ۋەكىلى.

# مىليون يۈەنلىك مال ـ مۈلۈك

باي ناھىيىسىدە مېيىپ ماشىنىچى دېسىلا، كىشىلەرنىڭ ھەممىسى تىككۈچىلىك كەسپىگە تايىنىپ مىليون يۈەنلىك قىممەت ياراتقان ئادىلجان زايىتنى ئېسىگە ئالىدۇ. باي ناھىيىسىدىكى تىككۈچىلىك كەسپى بىلەن شۇغۇللىنىدىغانلارنىڭ 50 پىرسەنتى ئۇنىڭ شاگىرتلىرى...

2004 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ ئاخىرلىرى باي ناھىيە شەرقىي كۆۋرۈك سودا بازىرى قاينام ـ تاشقىنلىقتا چۆمگەنىدى. بۇ بازاردا «باي ناھىيىلىك مېيىپلار پاراۋانلىق كىيىم ـ كېچەك لايىھىلەش ـ تىكىش مەركىزى» دەپ ۋىۋىسكا ئېسىلغان بىر دۇكان بار ئىدى. مانا بۇ ئادىلجان زايىتنىڭ تىككۈچىلىك دۇكىنى ئىدى. بۇ دۇكان كۆزگە ئانچە چېلىقمايدىغان جايدا بولۇپ، دىققەت قىلىپ قارىمىسا، ئۇنىڭ تىككۈچىلىك دۇكىنى ئىكەنلىكىنى بىلگىلى بولمايتتى. دۇكان كىچىك بولۇپ، 10 نەچچە كىيىم

تىكىش ماشىنىسى رەتلىك ئورۇنلاشتۇرۇلغانىدى. ھەربىر شاگىرت كېسىمچىلىك، تىككۈچىلىك ئىشلىرى بىلەن ئالدىراش ئىدى. دۇكانىنىڭ تۆت ئەتراپىغا تىكىپ بولغان ھەرخىل پاسوندىكى كىيىملەر ئېسىۋېتىلگەنىدى. شاگىرتلاردىن بىرى ئادىلجاننى پۈتۈپ بولغان كىيىملەرنى تەكشۈرۈپ بېرىشكە چاقىردى. ئادىلجان زايىت ئادەتتە كىيىم-كېچەك تىكمەيتتى. ئاساسلىقى كىيىملەرنىڭ سۈپىتىنى تەكشۈرۈپ بېكىتەتتى. ئۇنىڭ مەقسىتى يارامىلىق شاگىرت تەربىيىلەش ئىدى. ئادىلجان زايىت ئوتتۇرا بوي، خۇش چىراي ياش ئىدى. ياراشتۇرۇپ كىيگەن كاستۇم-بۇرۇلكا، شىبلىتلىرى ئۇنى خېلىلا سالاپەتلىك كۆرسىتەتتى. ئەگەر مەن ئۇنىڭ قولتۇقىدىكى ھاسا تايىقنى كۆرمىگەن بولسام، ئۇنى ھەرگىزمۇ مېيىپ دەپ ھېس قىلمىغان بولاتتىم. ئادىلجان زايىتنىڭ پۇتى بىرئاز قولايسىز بولسىمۇ، ئۇ چاققانلىق بىلەن مېنى باشلاپ ئىككى تىككۈچىلىك دۇكىنىنى زىيارەت قىلدۇردى. ئەمەلىيەتتە ئادىلجاننىڭ بۇ ئىككى دۇكىنى ئومۇمىي مال-مۈلۈك قىممىتىنى ئىپادىلەپ بېرەلمەيتتى. ئادىلجان زايىتنىڭ مال-مۈلكىنىڭ كۆپ قىسمى، ئۇ سېتىۋالغان ئۈچ قەۋەتلىك بىر مىللىي بۇيۇملار سودا سارىيى ئىدى. ئۇ بۇ بىنانى 2002-يىلى 400 مىڭ يۈەنگە سېتىۋالغان. ئادىلجان زايىت مۇنداق دېدى: «مەن ھازىر يىلىغا 100 مىڭ يۈەن ئىجارە ھەققى يىغىۋالالايمەن. مۇشۇ بويىچە ھېسابلىغاندا بەش يىلغا قالماي سالغان مەبلىغىمنى قايتۇرۇۋالالايمەن.» ھازىر ئادىلجان زايىتنىڭ ئايلانما مەبلەغ ۋە مۇقىم مۈلۈك ئومۇمىي قىممىتى بىر مىليون يۈەندىن ئېشىپ كەتتى. ئادىلجان زايىت باي ناھىيىسىدىن چىققان تۇنجى مېيىپ مىليونېر بولۇپ قالدى.

# ئادىلجان زايىت 1 ياش ۋاقتىدا تاسادىپىي ھادىسىگە ئۇچراپ مېيىپ بولۇپ قالغان

تەقدىرنى تاللىغىلى بولمايدۇ، بىراق كېيىنكى تۇرمۇش يولىنى تاللىغىلى بولىدۇ. ئادىلجاننىڭ تاللىشى ئۇنىڭ كىشىلىك مۇساپىسىنى ئۆزگەرتتى. بۇنىڭدىن 35 يىل بۇرۇن ئادىلجان ناھايىتى كەپسىز بولۇپ، كۆرگەنلا يەرگە يۈگۈرۈپ،يامىشىپ ئوينايتتى. ئۇ چاغلاردا كەنتتە 20 نەچچە بالىغا بىرلا ئانا قارايتتى. بىر كۈنى ئادىلجان بىلىپ-بىلمەي بىر توپ چارۋىنىڭ ئارقىسىغا كىرىپ قالدى. توساتتىن بىر قوچقار ئۇنى ئۈسۈۋەتتى. ئارقىدىن بىرقانچە قوي دەسسىۋەتتى. كۈچلۈك بىر يىغا ئاۋازى بىلەن تەڭ ئۇ ھوشىنى يوقاتتى. دەسلەپتە ئۇنىڭ يارىسى ئانچە ئېغىر بولمىغانلىقتىن، ئۇنىڭ ئاتا-ئانىسى ئېتىبارسىز قاراپ، داۋالىتىشنى كەينىگە سۈرگەنلىكتىن، ۋاقىتنىڭ ئۆزىرىشى بىلەن يىلىك ياللۇغىغا ئايلىنىپ قېلىپ، داۋالاش ئۈنۈم بەرمەي ئۇنىڭ ئوڭ پۇتى كېسىۋېتىلگەنىدى. شۇنىڭدىن باشلاپ ئۇ مېيىپلىق تۇرمۇشىغا قەدەم قويدى. «مېنىڭ ئەڭ سۆيۈنىدىغىنىم، ئاتا-ئانامنىڭ مېنى مەكتەپكە بېرىپ ئوقۇتقانلىقى» دېدى ئادىلجان. ئادىلجاننىڭ ئاتا-ئانىسى ئىقتىسادىي قىيىنچىلىق تۈپەيلىدىن ئادىلجاننى تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتكۈزگىچىلا ئوقۇتقان بولۇپ، ئۇ ئائىلىدىكى ئەڭ بىلىملىك كىشى بولۇپ ھېسابلىناتتى. ئادىلجاننىڭ داۋاملىق ئوقۇش قىزغىنلىقى بولسىمۇ، بىراق ئۇنىڭ داۋاملىق ئوقۇشىغا ئائىلىسىنىڭ ئىقتىسادى يار بەرمىدى. ئۇ ئاخىر كۆپ ئويلانغاندىن كېيىن، دادىسى ماڭغان يولدا مېڭىشنى قارار

قىلدى. ئۇ بولسىمۇ تىككۈچىلىك كەسپىنى ئۆگىنىش ئىدى. ئادىلجاننىڭ دادىسى تىككۈچىلىك قىلاتتى ۋە شاگىرتىمۇ بار ئىدى. ئادىلجان دەسلەپتە دادىسىنىڭ شاگىرتىدىن تىككۈچىلىكنى ئۆگىنىشكە باشلىدى.

ئادىلجان مۇنداق دېدى: «مېنىڭ بىر پۇتۇم مېيىپ، تىككۈچىلىك كەسپىدە بىر پۇتتا مەشغۇلات قىلسىمۇ بولىدىكەن، شۇڭا تىككۈچىلىك كەسپىنى ئۆگىنىشنى تاللىدىم.» ئادىلجاننىڭ بۇ تاللىشى ئۇنىڭ كىشىلىك ھايات مۇساپىسىنى ئۆزگەرتتى.

## تىرىشىپ ھۈنەر ئۆگىنىش

ئادىلجان زايىت 1985-يىلىنى ھېلىمۇ ئېنىق ئېسىدە تۇتىدۇ. ئۇ شۇ يىلى ئائىلىسىدىن ئايرىلىپ، 10 نەچچە كىلومېتىر يىراقلىقتىكى قىزىل يېزىسىغا بېرىپ تىككۈچىلىكنى ئۆگىنىشكە باشلىدى. ئۇنىڭ تىرىشىپ ئۆگىنىشى ۋە ئۇستازلىرىنىڭ ئەستايىدىل يېتەكلىشى بىلەن ئادىلجان تىككۈچىلىك ھۈنىرىنى تېزلا ئۆگىنىۋالدى. ئۇ تىككۈچىلىك ھۈنىرىنى ئۆگىنىپ بولغاندىن كېيىن كىيىم-كېچەك لايىھىلەش كەسپىگە ئىشتىياق باغلاپ، كىيىم-كېچەك تىكىش، لايىھىلەش كەسپىنى تېخىمۇ ياخشى ئۆگىنىش ئۈچۈن، 1987-يىلى ئۈرۈمچى شىنجاڭ مىللىي كىيىم-كېچەك تەتقىقات ئورنىغا كېلىپ 6 ئاي بىلىم ئاشۇردى. بۇ قېتىملىق بىلىم ئاشۇرۇش ئۇنىڭ كىيىم-كېچەك تىكىش- لايىھىلەش جەھەتتىكى نەزەرىيە ۋە ئەمەلىي سەۋىيىسىنى تېخىمۇ يۇقىرى كۆتۈردى. ئادىلجان ئۈرۈمچىدىن قايتىپ كەلگەندىن كېيىن باي

ناھىيىسىنىڭ قىزىل يېزىسىدا بىر تىككۈچىلىك دۇكىنى ئاچتى. «ئەنە شۇ دۇكان مېنى تىككۈچىلىك كەسپىگە باشلاپ كىرگەن» دېدى ئادىلجان زايىت.

ئادىلجان زايىت ئاچقان بۇ دۇكان پەقەت بىر ئېغىزلىق 10 كۋادرات مېتىر كەلمەيدىغان كونا كېسەك ئۆي بولۇپ، دۇكاندا بىر ياغاچ ئۈستەل، بىر كىيىم تىكىش ماشىنىسىدىن باشقا ھېچ نەرسە بولمىسىمۇ، ئادىلجان ھۈنەرگە ئۇستا بولغانلىقتىن، دۇكىنى كۈنسېرى روناق تېپىشقا باشلىدى. ئادىلجان زايىت قىزىل يېزىسىدا بارغانسېرى نام چىقاردى. ئۇنى ئىزدەپ كىيىم بۇيرۇتىدىغانلار كۈنسېرى كۆپەيدى.

## كۆپلەپ شاگىرت تەربىيىلەش

ئادىلجان زايىت قىزىل يېزىسىدا يىراق- يېقىندا داڭلىق چىقارغان داڭلىق تىككۈچىگە ئايلاندى. ئۇنى ئىزدەپ كىيىم بۇيرۇتىدىغان، ئۇستاز تۇتىدىغانلارنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمەيتتى. مېيىپ قىز رىزۋانگۈل ئۆمەر ئۇ تۇنجى قوبۇل قىلغان شاگىرت ئىدى. «مەنمۇ بىر مېيىپ، شۇڭا مېيىپلارغا ياردەم بېرىشىم كېرەك دەپ ئويلاپ ئۇنى تۇنجى شاگىرتلىققا قوبۇل قىلىپ، 1988 ـ يىلىدىن باشلاپ ھۈنەر ئۆگىتىشكە باشلىدىم. ھازىر رىزۋانگۈل كۇچا ناھىيىسىدە تىككۈچىلىك دۇكىنى ئېچىپ تىجارەت قىلىۋاتىدۇ، مېنى داۋاملىق يوقلاپ تۇرىدۇ» دېدى ئادىلجان.

1988 ـ يىلىدىن باشلاپ ئادىلجان تۆت يىل ئىچىدە 100 نەپەر شاگىرت تەربىيىلىدى. دەسلەپتە قىزىل يېزىسىنى ئاساس

قىلىپ شاگىرت تەربىيىلىگەن بولسا، كېيىنچە قوشنا يېزا-كەنتلەردىكى ئىش كۈتۈپ تۇرغان ياشلار بەس-بەستە كېلىپ ھۈنەر ئۆگەندى. چۈنكى تىككۈچىلىكنى ئۆگەنگەندە ئوقۇش ھەققى بىرقەدەر تۆۋەن بولۇپ، ئاز مەبلەغ بىلەن بىرخىل ھۈنەرنى ئۆگەنگىلى بولاتتى. ئۇستاز تۇتۇپ ھۈنەر ئىگىلەيدىغان كىشىلەر بارغانسېرى كۆپەيگەندىن كېيىن، بىر قىسىم كىشىلەر ئادىلجانغا تىككۈچىلىك كۇرسى ئېچىپ تېخىمۇ كۆپرەك شاگىرت تەربىيىلەش تەكلىپىنى بەردى. 1991-يىلى ئادىلجان زايىت تۇنجى قارارلىق تىككۈچىلىك تەربىيىلەش كۇرسىدا رەسمىي ئوقۇش باشلىدى. ئادىلجاننىڭ شۇ قېتىمقى تىككۈچىلىك تەربىيىلەش كۇرسى ئىش كۈتۈپ تۇرغان ياشلارنىڭ چىقىش يولىنى يورۇتۇپ بەردى. ئۇنىڭ تۇنجى قارارلىق تىككۈچىلىك تەربىيىلەش كۇرسى باي ناھىيىلىك ئەمگەك-ئىجتىمائىي كاپالەت ئىدارىسى رەھبەرلىرىنىڭ دىققىتىنى قوزغىدى. ناھىيىلىك ئەمگەك-ئىجتىمائىي كاپالەت ئىدارىسى شۇ چاغدا باي ناھىيىسىدە تىككۈچىلىك تەربىيىلەش كۇرسى ئېچىشنى ئويلىغانىدى. بۇنىڭ بىلەن ئۇلار تىككۈچىلىك كەسپىنى بىرقەدەر ياخشى ئىگىلىگەن ئادىلجانغا نەزىرىنى تىكتى. ناھىيىلىك ئەمگەك-ئىجتىمائىي كاپالەت ئىدارىسىنىڭ ياردىمى بىلەن ئادىلجان قىزىل يېزىسىدىن باي ناھىيە بازىرىغا كېلىپ، ئۆزىنىڭ تىككۈچىلىك تەربىيىلەش كۇرسىنى پۈتۈن ناھىيىگە يۈزلەندۈردى. ئادىلجاننىڭ تىككۈچىلىك دۇكىنىنىڭ ئىككىنچى قەۋىتىدە بىر ئېغىزلىق تەربىيىلەش سىنىپى بار بولۇپ، بۇ سىنىپتىن ئوقۇغۇچىلارنىڭ تىككۈچىلىك بىلىملىرىنى ئۆگىنىۋاتقانلىقى كۆرۈنۈپ تۇراتتى. ئادىلجان زايىت بىر قولىدا بور تۇتۇپ، دوسكىغا كىيىم پاسونلىرىنى سىزىپ چۈشەندۈرۈۋاتاتتى. ئادىلجان زايىت تۇنجى قارارلىق تىككۈچىلىك تەربىيىلەش كۇرسىنى ئاچقان

1991 ـ يىلىدىن ھازىرغىچە قەدەر ئون نەچچە يىل ئۆتتى. ئۇ تەربىيىلىگەن شاگىرت 2000 نەپەردىن ئېشىپ كەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە 200 نەپەردىن ئارتۇقى مېيىپلار. شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى، ھازىر باي ناھىيىسىنىڭ ھەربىر يېزا، ھەربىر كەنت، مەھەللىلىرىدە ئۇنىڭ شاگىرتلىرى بار. ئۇ تەربىيىلەپ چىققان شاگىرتلار ئاچقان تىككۈچىلىك دۇكىنىمۇ باي ناھىيىسىدىكى تىككۈچىلىك دۇكانلىرىنىڭ 50% تىن ئارتۇقراقىنى ئىگىلەيدۇ. ئۇ ئۆزىمۇ پۈتۈن ناھىيىدىكى مېيىپلارنىڭ بېيىش ئۈلگىسى بولۇپ قالدى ھەمدە 2004 ـ يىلى ئاقسۇ ۋىلايىتى بويىچە «10 مۇنەۋۋەر شەخس» نامزاتىغا كۆرسىتىلدى.

## زاۋۇت قۇرۇشقا تەييارلىق كۆرۈش

ئادىلجان زايىتنىڭ تىككۈچىلىك دۇكىنىدا ئىككى سائەتتىن ئارتۇقراق زىيارەتتە بولدۇم. بۇ ئارىلىقتا ئون نەچچە خېرىدار كىرىپ كەلدى. بۇلارنىڭ بەزىلىرى كىيىملىرىنى ئالغىلى كەلگەنلەر بولسا، بەزىلىرى كىيىم بۇيرۇتقىلى كەلگەنلەر ئىدى. خېرىدار ئارزۇگۈل ئىسمايىل ئادىلجان تىككەن پەلتونى كىيىپ ناھايىتى خۇشال بولۇپ كەتتى. ئارزۇگۈل ئىسمائىل باي ناھىيىلىك خەلق بانكىسىنىڭ پېنسىيىگە چىققان كادىرى بولۇپ، كىيىم تىكتۈرسىلا ئادىلجانغا تىكتۈرەتتى. «ئائىلەمدىكىلەرنىڭ كىيىمىنى داۋاملىق مۇشۇ دۇكاندا تىكتۈرىمەن، بۇ دۇكاندا تىكىلگەن كىيىملەرنىڭ سۈپىتى ياخشى، تىكىش تەننەرخى بىرقەدەر تۆۋەن» دېدى ئارزۇگۈل ئىسمايىل. ئادىلجان ئۇستامنى ئىزدەپ كېلىدىغانلارنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمەيتتى.

بۇلار ئۇنىڭ دائىملىق خېرىدارلىرى ئىدى. باي ناھىيە شەرقىي كۆۋرۈك سودا بازىرىدىكى بىر كىيىم-كېچەك دۇكىنىنىڭ خوجايىنى رازى بولغان ھالدا«ئادىلجان تىككەن كىيىملەرنى ساتقىلى ئىككى يىل بولدى، سودام خېلىلا ياخشى» دېدى.

مەن ئادىلجاننىڭ بۇنىڭدىن كېيىنكى پىلانلىرىنى سورىغىنىمدا، ئۇ ئىككىلەنمەستىنلا «تىككۈچىلىك ھۈنىرىنى بىر قەدەر ياخشى ئىگىلىگەن شاگىرتلىرىمنى تەشكىللەپ، پۈتۈن شىنجاڭغا يۈزلەنگەن بىر كىيىم -كېچەك زاۋۇتى قۇرۇشقا تەييارلىق كۆرۈۋاتىمەن. مەبلەغ مەسىلىسىگە كەلگەندە، مەبلەغنىڭ كۆپ قىسمىنى ئۆزۈم چىقىرىمەن، بىر قىسمىنى شاگىرتلاردىن پاي توپلايمەن. شۇنداق قىلغاندا ئۇلارنىڭ ئاكتىپچانلىقىنى قوزغىغىلى بولىدۇ» دېدى.

## خاتىمە

جىسمانىي جەھەتتىكى مېيىپلىق، مېيىپلارنىڭ ھەرىكەت ئىقتىدارىنى چەكلىمىگە ئۇچرىتىپ، ئۇلارغا روھىي بېسىم ئېلىپ كەلسىمۇ، ئۇلاردا مۇستەھكەم ئىرادە، ئۈزلۈكسىز تىرىشىش روھى بولسىلا، جىسمانىي جەھەتتىكى مېيىپلىق ئۈستىدىن غالىب كېلىپ، بېجىرىم ئادەملەر قىلالىغان ئىشلارنى قىلالايدۇ ۋە ئۇلاردىن ئېشىپ كېتەلەيدۇ. ئادىلجان زايىتنىڭ كىشىلىك ھايات مۇساپىسى بۇ ھەقىقەتنى يورۇتۇپ بېرىدۇ، ئەلۋەتتە. ئادىلجان زايىت جىسمانىي جەھەتتىن مېيىپ بولسىمۇ، روھىي دۇنياسى ساغلام كىشىدۇر.

# مۇزات ۋادىسىدىكى نۇرلۇق مەشئەل

باي ناھىيىلىك 3 ـ ئوتتۇرا مەكتەپ باي ناھىيە بازىرىنىڭ شەرقىي جەنۇبىغا جايلاشقان بولۇپ، 1984 ـ يىلى قۇرۇلغان، شۇنىڭدىن ئېتىبارەن بۇ مەكتەپ مۇزات ۋادىسىدا ئۈزۈلمەس كۈيلەرنى ياڭرىتىپ، ئۆچمەس ئىزلارنى قالدۇردى. بۇ مەكتەپنىڭ قۇرۇلۇشى، باي ناھىيىسىنىڭ مەدەنىيەت ـ مائارىپ تارىخىغا



قوشۇلغان گۈزەل ھەم يېڭى بىر سەھىپە بولۇپ، مۇزات ئاسمىنىدا چاقنىغان بىر نۇرلۇق يۇلتۇز بولۇپ قالدى. بۇ مەكتەپ ئەينى ۋاقىتتا ناھىيىلىك خىش زاۋۇتىنىڭ خومدان ۋە كونا ئۆيلىرى بىلەن قاپلانغان بولۇپ، بەلگىلىمىگە ئۇيغۇن تۈزۈكرەك ئوقۇتۇش رايونىمۇ يوق ئىدى. ئەمەلىي پائالىيەت ئېلىپ بېرىش ئورنى ئاران 10 موچە ئەتراپىدا بولۇپ، ئەينى ۋاقىتتىكى سىنىپ ۋە

ئىشخانىلار ئەمەلىيەتتە خىش زاۋۇتىدىن قالغان بىر يۇرۇش كونا ئۆيلەر ئىدى. ئىككى سىنىپلىق ئوقۇغۇچى بىلەن ئوقۇتۇش باشلىغان شۇ ۋاقىتتا، قۇرۇلۇش كۆلىمى، شەرت-شارائىت ھەققىدە گەپ ئېچىش قىيىن ئىدى. مەكتەپتە بار بولغان بىردىنبىر بايلىق ئاشۇ 10 غا يېقىن جاپاكەش باغۋەننىڭ ئانا يۇرت مائارىپىغا بولغان يالقۇنلۇق مۇھەببىتى بىلەن ئوقۇتقۇچىلىق كەسپىگە بولغان تەۋرەنمەس ئېتىقادىلا ئىدى. ئەنە شۇنىڭدىن ئېتىبارەن قانچىلىغان ئەزىمەتلەر مانا بۇ مەكتەپ قوينىدا ياشلىقىنى، قىران پەسلىنى، غەيرەت-جاسارىتىنى ئەۋلادلارغا تەقدىم ئەتتى. قانچىلىغان مۇئەللىملەر مانا بۇيەردە ئۈن-تىنسىز مېھنەت دۆۋىسى ئىچىگە سىڭىپ كەتتى. بىراق بۇ تارىخ ئاددىي تارىخ ئەمەس ئىدى. بۇ تارىخ پارتىيىمىز تاپشۇرغان قىزىللاشقان، ئىختىساسلاشقان يېڭى بىر ئەۋلاد ئىز باسارلارنى يېتىشتۈرۈش يولىدىكى مېھنەتسىز، تەمەسىز، بەجانىدىل تۆھپە قوشۇش تارىخى ئىدى.

يول ماڭغانسېرى ئېچىلىدى. 1985-يىلىغا كەلگەندە، باي ناھىيىلىك پارتكوم، خەلق ھۆكۈمىتى بۇ مەكتەپنىڭ تەرەققىيات ئەھۋالىغا ئىنتايىن كۆڭۈل بۆلۈپ، 1776 كۋادرات مېتىرلىق ئۈچ قەۋەتلىك ئوقۇتۇش بىناسىدىن بىرنى سېلىپ، بۇ مەكتەپنى مۇقىم ۋە ئۆلچەملىك ئوقۇتۇش بىناسىغا ئىگە قىلدى . بۇنىڭ بىلەن مەكتەپنىڭ تەرەققىيات ئىستىقبالىدا زور ئۆزگىرىش ھاسىل بولدى. 1986-يىلىغا كەلگەندە مەكتەپنىڭ ئومۇمىي كۆلىمى 32 موغا، قۇرۇلۇش كۆلىمى 1776 كۋادرات مېتىرغا، ئوقۇتقۇچى، ئىشچى-خىزمەتچى سانى 27 نەپەرگە، سىنىپ توققۇزغا، ئوقۇغۇچى سانى 440 نەپەرگە يەتتى. بۇ جەرياندا 3 - ئوتتۇرا مەكتەپ يوقلۇقتىن بارلىققا كېلىپ، ئاجىزلىقتىن كۈچىيىپ، تەجرىبە-ساۋاقلارنى يەكۈنلەشكە ئەھمىيەت بېرىپ، ئوقۇتۇش سۈپىتىنى

يۇقىرى كۆتۈرۈشنى چىڭ تۇتتى. مەكتەپ رەھبەرلىك گۇرۇپپىسىدىكى خادىملار ، ئەمدىلا قەد كۆتۈرۈشكە باشلىغان بۇ مەكتەپ دۇچ كېلىۋاتقان ئىقتىسادى ئاجىز بولۇش، ئوقۇتۇش ئەسلىھەلىرى ۋە ئوقۇتۇش شارائىتى ناچار بولۇشتەك خىلمۇ خىل قىيىنچىلىقلارنى يېڭىشتە «ئىتتىپاق بولۇش، تىرىشىپ ئىشلەش»نى ئۆزلىرىنىڭ توپ خىزمەت مىزانى قىلىپ، روھىي ۋە جىسمانىي كۈچ ـ قۇۋۋىتىنى، ئەقىل ـ پاراسىتىنى مەكتەپنىڭ تەرەققىيات يولىغا ئاتىۋەتتى. ئۇلارنىڭ مىننەتسىز ئاققۇزغان ھەربىر تامچە قان ـ تەرى مەكتەپنىڭ، مائارىپنىڭ تەرەققىيات يولىغا تىۋىشسىزلا سىڭىپ كەتتى.

نەتىجە ئىزدىنىش، مېھنەت سىڭدۈرۈش ئارقىلىق قولغا كېلىدۇ. ئۇ تاشقى ئامىلغا باغلىق بولۇپلا قالماي، ئەڭ مۇھىمى ئىچكى ئامىلغا باغلىقتۇر. مەكتەپ رەھبەرلىرىنىڭ ئۈزلۈكسىز تىرىشچانلىقى، سەمىمىي ۋە پاك قەلبىنى چۈشىنىپ يەتكەن ئوقۇتقۇچىلار خۇددى نېمىگىدۇر ئالدىراۋاتقاندەك جىددىيلىك بىلەن خىزمەتكە كىرىشتى. ئۆزلىرىگە بولغان تەلەپنى كۈچەيتىپ، بىلىم قۇرۇلمىسىنى ئۈزلۈكسىز يېڭىلاپ، ئۆزلىرىنىڭ ئالىمدەك يۈرىكىدە ئالەمچە مۇھەببەت پەيدا قىلىپ، ئوقۇتۇشنىڭ چوڭقۇر قاينىمىغا شۇڭغۇپ كىردى. « ئەجىرنىڭ تېگى ئالتۇن» دېگەندەك، تىرىشچانلىق ئارقىسىدا بۇ مەكتەپ قۇرۇلۇپ ئۇزاق ئۆتمەيلا، ئوقۇتۇش سۈپىتىدە ياخشى نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈردى.

شۇنىڭ بىلەن بۇ مەكتەپنىڭ تەرەققىيات ئىستىقبالىنى كۆرۈپ يەتكەن باي ناھىيىلىك پارتكوم ۋە خەلق ھۆكۈمىتى 1997 ـ يىلىغا كەلگەندە 1400 كۋادرات مېتىرلىق ئۈچ قەۋەتلىك يەنە بىر ئوقۇتۇش بىناسىنى سېلىپ، مەكتەپنىڭ كەلگۈسى ئۈچۈن داغدام يول ئېچىپ بەردى. شۇنداق قىلىپ 1997 ـ يىلىغا كەلگەندە، مەكتەپنىڭ قۇرۇلۇش كۆلىمى 4080 كۋادرات مېتىرغا

يەتتى. 1998 ـ يىلى مەكتەپ رەھبەرلىك كوللېكتىپى ئىسلاھات ئېڭىنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ، دادىل قەدەم تاشلاپ، تولۇق ئوتتۇرا سىنىپىغا رەسمىي تۈردە ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلدى. بۇ ئەمەلىيەتتە باي ناھىيە مىللىي مائارىپىنىڭ تەرەققىيات ئىشلىرى ۋە رىقابەت يولىغا قاراپ تاشلانغان يېڭى قەدەم ئىدى. شۇ يىلدىن باشلاپ مەكتەپ ئوقۇغۇچىلار ياتاق تۇرالغۇسى ۋە مەكتەپ ئاشخانىسىنى يىلمۇ يىل ياخشىلاپ ۋە كېڭەيتىپ سېلىپ، ئوقۇغۇچى مەنبەسىنى زورايتتى. شۇنىڭدىن كېيىن بۇ مەكتەپ ئوقۇ- ئوقۇتۇش خىزمىتىنى تېخىمۇ سالماق قەدەم بىلەن پۇختا بېسىپ، ئۆزىنىڭ ئوقۇتۇش تەجرىبىلىرىنى يەكۈنلەش، ئىزدىنىشكە ئەھمىيەت بېرىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، بىر قانچە ئون قېتىم ۋىلايەت ۋە ئاپتونوم رايون تەۋەسىدىكى نۇقتىلىق ئوتتۇرا مەكتەپلەر بىلەن بولغان ئالاقە ۋە تەجرىبە ئالماشتۇرۇشنى چىڭ تۇتۇپ، ئوقۇتۇش خىزمىتىدە تېخىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا بۆسۈش ھاسىل قىلدى. شۇنداق بولغاچقا 2000 ـ يىلدىن تارتىپ ھازىرغا قەدەر ئىچكىرىدىكى تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپكە نومۇر سىزىقى يەتكەن ئوقۇغۇچى 48 نەپەرگە، سالامەتلىك تەكشۈرۈشتىن ئۆتۈپ قوبۇل قىلىنغىنى 20 نەپەرگە يەتتى، يېقىنقى بەش يىل ئىچىدە ئىچكىرىدىكى تولۇق ئوتتۇرا سىنىپلىرىغا قوبۇل قىلىنغان ئوقۇغۇچى پۈتۈن ناھىيە بويىچە قوبۇل قىلىنغان ئومۇمىي ئوقۇغۇچى سانىنىڭ 60% نى ئىگىلىدى. تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتكۈزگەن ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئالىي مەكتەپكە قوبۇل قىلىنىش نومۇر سىزىقىغا يېتىش نىسبىتى 60% بولۇپ، ئالىي مەكتەپكە ئۆتۈش نىسبىتى ۋە ئوتتۇرىچە نومۇرى ئۇدا بەش قارار ۋىلايەت بويىچە ئالدىنقى قاتاردا تۇرۇپ كەلدى. مەكتەپ قىسقىغىنا ۋاقىت ئىچىدە ئوتتۇرا تېخنىكومغا، ئالىي مەكتەپ ۋە ئىچكىرىدىكى شىنجاڭ تولۇق ئوتتۇرا سىنىپلىرىغا ئوقۇغۇچى ماڭدۇرۇش خىزمىتىدە

نەتىجىسى كۆرۈنەرلىك بولغاچقا جەمئىيەتنىڭ، كەڭ ئاتا ـ ئانىلارنىڭ قوللىشى ۋە ئىشەنچىسىگە ئېرىشىپ ، ئوقۇتقۇچى، ئوقۇغۇچى سانى يىلمۇ يىل ئېشىپ، پۈتۈن كۈنلۈك ئوقۇتۇش تۈزۈمىدىكى ئوقۇتۇش سۈپىتى يۇقىرى بولغان مۇكەممەل بىر ئوتتۇرا مەكتەپكە ئايلاندى. ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش دائىرىسى ناھىيە بازىرى ئىچىدىن پۈتۈن ناھىيىنى قاپلىدى. مەكتەپ ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ مۇناسىۋەتلىك تارماقلار تەرىپىدىن «ۋىلايەت دەرىجىلىك بىخەتەر كىچىك رايون»، «ناھىيە بويىچە ئۈلگە كۆرسىتىشتە ئۆلچەمگە يەتكەن ئورۇن»، «ناھىيە بويىچە ئەخلاق تەربىيىسىدە ئۆلچەمگە يەتكەن مەكتەپ»... قاتارلىق شەرەپلىك ناملارغا ئېرىشتى.

بۇ مەكتەپتە ھازىر 3499 كۋادرات مېتىرلىق ئىككى ئوقۇتۇش بىناسى (25 سىنىپلىق)، 54 كۋادرات مېتىرلىق كومپيۇتېر مەشغۇلات ئۆيى، 15مىڭ 488 كۋادرات مېتىرلىق تەنتەربىيە مەيدانى، 699 كۋادرات مېتىرلىق ئوقۇغۇچىلار ياتىقى، 250 كۋادرات مېتىرلىق ئوقۇغۇچىلار ئاشخانىسى قاتارلىق ئاساسلىق ئوقۇتۇش ۋە تەلىم ـ تەربىيە ئەسلىھەلىرى بارلىققا كەلدى. تەجرىبىخانىلارغا 250 مىڭ يۈەن قىممىتىدىكى تەجرىبىلىك ئوقۇتۇش ئۈسكۈنىلىرى سەپلەندى. يەنە windows98 مەشغۇلات سىستېمىسى قاچىلانغان 60 دانە كومپيۇتېر سەپلەندى. ھازىر قىرائەتخانىدىكى كىتاب سانى 12 مىڭ پارچىگە يېتىدۇ. مەكتەپتىكى ئومۇمىي ئوقۇغۇچى سانى 1350 نەپەر، رەسمىي شتاتتىكى ئوقۇتقۇچى، ئىشچى ـ خىزمەتچى 71 نەپەر، تولۇق كۇرس مەدەنىيەت سەۋىيىسىدىكىلەر 40 نەپەر، مەخسۇس كۇرس مەدەنىيەت سەۋىيىسىدىكىلەر 25 نەپەر ، ئوتتۇرا تېخنىكوم سەۋىيىسىدىكىلەر ئىككى نەپەر بولۇپ، بۇلار خىزمەت ئورنىغا رىقابەت ئارقىلىق چىقىدۇ. بۇ مەكتەپتە ھازىر خەنزۇ تىلى

ئوقۇتۇشنى چىڭ تۇتۇپلا قالماي، دەۋر تەرەققىياتىنىڭ تەلىپى ۋە بىرقىسىم ئاتا-ئانا، ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئارزۇسىنى چىقىش قىلىپ، ئىنگلىز تىلى دەرسى تەسىس قىلىنغان. مەكتەپ يەنە ئۆزلىرىنىڭ ئىختىساسلىق خادىملىرىدىن پايدىلىنىپ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ ھەر تەرەپلىمە ساپاسىنى ئۆستۈرۈپ، ئۇلاردا گۈزەللىكنى سۆيىدىغان، كىشىلەر ئارىسىدا مېھرىبانلىقنى قەدىرلەيدىغان، چوڭلارنى، ئۇستازلارنى ھۆرمەتلەيدىغان ياخشى كىشىلىك ئەخلاق، پسىخىك ساپانى يېتىلدۈرۈش ئۈچۈن، مەخسۇس خەتتاتلىق، رەسساملىق ئاساس قىلىنغان گۈزەل سەنئەت سىنىپى، ئەدەبىي يېزىقچىلىق، پۇتبول، ۋالىبول كۇرۇژۇكلىرى تەسىس قىلىنغان بولۇپ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئىقتىدارىنى جارى قىلدۇرۇش ۋە ھەر تەرەپلىمە چېنىقىشىدا مۇھىم رول ئوينىماقتا. ئەڭ مۇھىمى بۇ مەكتەپ تولۇقسىز ئوتتۇرا باسقۇچىدا ئۇدا تۆت قارار قوش تىل ئوقۇتۇشى ئاساس قىلىنغان تەجرىبە سىنىپى ئېچىپ، ئىچكىرىدىكى ئالىي مەكتەپلەرنى پۈتكۈزگەن ئوقۇتقۇچىلار ۋە خەنزۇ ئوقۇتقۇچىلارنى ئاساسىي دەرسلەرنى ئۆتۈشكە تەكلىپ قىلىپ، زور ئۇتۇق ۋە تەجرىبىلەرگە ئېرىشىپ، ۋىلايەتلىك مائارىپ مەمۇرىي تارماقلىرىنىڭ مۇئەييەنلەشتۈرۈشىگە، جەمئىيەتنىڭ ئېتىراپ قىلىشىغا ئېرىشتى. 2004-يىلى 9-ئايدىن باشلاپ، بۇ مەكتەپ قوش تىل سىنىپىنى تولۇق ئوتتۇرا سىنىپلارغا ئومۇملاشتۇرۇشقا يۈزلەندى ۋە تولۇق 1-يىللىقتا قوش تىللىق سىنىپتىن ئىككىنى تەسىس قىلىپ، تەبىئىي پەنلەرنى خەنزۇ تىلىدا ئۆتۈشنى، خەنزۇ تىلى دەرسىنى كۈچەيتىپ ئوقۇتۇشنى ئىشقا ئاشۇردى.

# يەرلىك توقۇمىچىلىق كەنتىگە سەپەر

باي ناھىيىسىنىڭ قىيىر يېزىسى بىلەن ناھىيە بازىرىنىڭ ئارىلىقى تەخمىنەن 100 كىلومېتىردىن ئاشىدۇ. يىراقتا تۇرۇپ قارىسا قىزىل، قارا، توپا رەڭ، بىغىررەڭ تۇتاش كەتكەن چوڭ-كىچىك، ئېگىز-پەس تاغلار ئوتتۇرىسىغا جايلاشقان ياپيېشىل دالا كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ.

5-ئاينىڭ 10-كۈنى ئەتىگەن بىز قىيىر يېزىسىغا




قاتنايدىغان نۆۋەتچى ئاپتوبۇسقا ئولتۇرۇپ، باي ناھىيىسى بويىچە يەرلىك توقۇمىچىلىق كەنتى دەپ ئاتالغان قىيىر يېزا مىڭبۇلاق كەنتىگە كەلدۇق. ئۇزۇن ئۆتمەيلا مىڭبۇلاق كەنتىنىڭ گۈزەل مەنزىرىسى كۆز ئالدىمىزدا نامايان بولدى. يېزا تاشيولىنىڭ

ئىككى تەرىپىدىكى سۇۋادان تېرەك، سۆگەت، ئۈجمە دەرەخلىرى بىر-بىرىگە تۇتىشىپ كەتكەنىدى.

مىڭبۇلاق كەنتىنىڭ مىڭبۇلاق دەپ ئاتىلىشىدا، بۇ كەنتتە سۇنىڭ كۆپ بولۇشى كۆزدە تۇتۇلغان بولسا كېرەك. مىڭبۇلاق كەنتى بىلەن قېيىر يېزىلىق ھۆكۈمەتى تۇرغان جاينىڭ ئارىلىقى ئانچە يىراق ئەمەس. باي ناھىيىلىك تارىخ-تەزكىرە ئىشخانىسىنىڭ باشلىقى رىن كېلياڭنىڭ تونۇشتۇرۇشىچە، مىڭبۇلاق كەنتىدىكى كۆپ سانلىق ئائىلىلەر پالاس توقۇشنى بىلىدىكەن. ئۇلارنىڭ ئاتا-بوۋىسىدىن ئۆگەنگەن قول بىلەن پالاس توقۇش تېخنىكىسى يىراق-يېقىن جايلارغا داڭق چىقارغان. پۈتۈن ناھىيىمىزنىڭ باشقا يېزىلىرىدىكى پالاس توقۇش تېخنىكىسىنىڭ ھەممىسى بۇ كەنتتىن ئۆگىنىلگەنىكەن.

## ھەممە ئائىلە پالاس توقۇش بىلەن ئالدىراش

مىڭبۇلاق كەنتىدىكى ئائىلىلەرنىڭ ھويلا-ئاراملىرى سىرتتىن قارىغاندا ئوخشاپ كېتىدىكەن. ئۇلارنىڭ ھويلا ئاراملىرىنىڭ ھەممىسىگە دېگۈدەك شاپتۇل، ئۆرۈك ۋە ئۈجمە دەرەخلىرى تىكىلگەن، دەرەخلەر باراقسان ئۆسۈپ، پۈتۈن ھويلا-ئاراملار ھاياتىي كۈچكە تولغانىدى.



بىز ئوغلەم گايىتنىڭ ئۆيىگە كەلگەندىن كېيىن، ئۇنىڭ

كېسەك تاملىق ئۆيى ئالدىدىكى بىرنەچچە تۈپ ئۆرۈك دەرىخى ئاستىدىكى ياسالغان دەۋرى ئېنىقسىز بىر ياغاچ تەختە دىققىتىمىزنى تارتتى. بۇ تەختە پۈتۈن ياغاچنى ئىچىدىن ئويۇپ ياسالغان بولۇپ، قارىماققا ئاددىي، ئەمما قەدىمىي ھۈنەر-سەنئەت بۇيۇمىدەك كۆرۈندى.

ئوغلەم گايىت ئوتتۇرا بوي، 49 ياشقا كىرگەن ئايال بولسىمۇ، 50 ياشتىن ئاشقاندەك كۆرۈنەتتى، بىز ئۇنىڭ قېشىغا بارغاندا، ئۇ



دەرەخ سايىسىدا ئولتۇرۇپ، قاراس-قۇرۇس قىلىپ پالاس توقۇۋاتقانىكەن. ئوغلەم گايىت پاكار بىر ياغاچ جازىدا كۆڭۈل قويغان ھالدا ئالدىراش ئىشلەۋاتىدۇ. ئۇنىڭ ئالدىدا ئۇزۇنلۇقى 10 مېتىر، كەڭلىكى 30 سانتىمېتىر كەلگەن، قىزىل، كۆك، سېرىق، يېشىل، ئاچ قىزىل رەڭدىن تەركىب تاپقان بىر ئۇزۇن توقۇلما تۇراتتى.

بۇ كەنتتىكى ئاھالىلەر توقۇيدىغان پالاس نۇسخىلىرىنىڭ خېلى كۆپ ساندىكىلىرى ناھايىتى ئۇزاق زاماندىن ئىلگىرى تارقىلىپ كەلگەن، بەزىلىرى ئادەتتىكى ئەدىيال نۇسخىلىرىدىن پايدىلانغان بولۇپ، بۇ پالاسلارنىڭ نۇسخىلىرى چىرايلىق، كۆركەم بولۇپلا قالماستىن، بەلكى بىرخىل مىللىي مەدەنىيەتكە ۋەكىللىك قىلىدۇ. رېن كېلياڭ مۇنداق دېدى: «بىر پالاس بىلەن بىر مىللەتنى تونۇتقىلى بولىدۇ. چۈنكى ئۇيغۇرلار

ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدۇ، ئىسلام دىنى بۇتقا چوقۇنۇشقا قارشى تۇرىدۇ. شۇڭا، ئۇيغۇرلار توقۇغان پالاستا ئادەم سۈرىتىنى ئەسلا كۆرگىلى بولمايدۇ. پالاسلاردىكى سۈرەتلەرنىڭ كۆپ قىسمى ئۆسۈملۈكلەرنىڭ سۈرەتلىرى. مەسىلەن، گۈل-گىياھ ياكى ئاددىي رەڭلىك تىك سىزىقلار.»

بۇ كەنتتىكى ئائىلىلەرنىڭ ھەممىسىدە دېگۈدەك پالاس توقۇيدىغان بىر يۈرۈش قورال-سايمانلار بار ئىكەن، قورال-سايمانلار ئەمەلىيەتتە ناھايىتى ئاددىي بولۇپ، كىچىك بىر ياغاچ جازا، بىر پىچاق شەكىلدىكى ئاغدۇرما تاختايدىن ئىبارەت. ھەرخىل رەڭلىك يۇڭ يىپلارنى ئىككى تەرەپتىن مۇقىملاشتۇرۇپ، ياغاچ جازا ئارقىلىق پالاس توقۇشقا بولىدىكەن.

ئۇلار بىزنىڭ يەرلىك توقۇمىچىلىق تېخنىكىسىغا بەك



قىزىقىۋاتقانلىقىمىزنى كۆرگەن بولسىمۇ، بىزنى ئانچە ئېتىبارغا ئېلىپ كەتمىدى. چۈنكى ئۇلارنىڭ تونۇشىدا، زاماننىڭ تەرەققىياتى جەھەتتىن ئېلىپ ئېيتقاندا، بۇ خىلدىكى يەرلىك توقۇمىچىلىق تېخنىكىسى زاماننىڭ ئارقىسىدا قالغان. ئۇلار: «ھازىر زاۋۇتتا ئىشلەپ چىقارغان گىلەملەر ناھايىتى چىرايلىق»

دېيىشىدۇ. ئەمما ئۇلاردىن قايسى خىلىدىكى گىلەمنى ياخشى كۆرىسىلەر؟ دەپ سورىساق، «بىز يەنە ئۆزىمىز توقۇغان پالاسلارنى ياخشى كۆرىمىز. چۈنكى ئۆزىمىز توقۇغان پالاس چىدامىلىق، نەچچە ئەۋلاد ئىشلەتسىمۇ چىدايدۇ» دەپ جاۋاب بەردى. بىزنى دېگەن گەپلىرىگە ئىشەندۈرۈش ئۈچۈن 70 ياشقا يېقىنلاشقان ئابلا موللەك دېگەن بوۋاي بىر نەچچە يۈز يىللىق تارىخقا ئىگە بىر پالاسنى ئۆيىدىن ئېلىپ چىقىپ، بىزگە«بۇ پالاس بوۋامنىڭ بوۋىسىدىن مىراس بولۇپ قالغان» دېدى.

بۇ پالاس قارىماققا بەك كونىراپ كەتكەن بولسىمۇ، لېكىن بىزنى ئەجەبلەندۈرىدىغان يېرى شۇكى، بۇزۇلغان يەرلىرىنى تاپقىلى بولمايتتى.

## ئاددىي ـ ساددا بوياقچىلىق ھۈنەر ـ سەنئىتى

«بۇندىن ئىلگىرى بىز پالاس، تاغار، خۇرجۇن توقۇشقا ئىشلىتىلىدىغان يۇڭ يىپنىڭ ھەممىسىنى ئۆزىمىز ئېگىرىپ چىققان» دېدى ئوغلەم گايىت. ئۇلار ئۆز ئۆيىدىكى يۇڭنى يىپ ئېگىرىپ، ئۆسۈملۈك رېڭى بىلەن تاش رەڭنى ئارىلاشتۇرۇپ بويايدۇ.

«قېيىر يېزىسىدىكى كەنت ئاھالىلىرىنىڭ بوياق تەييارلاشقا ئىشلىتىلىدىغان ئۆسۈملۈك تۈرلىرى ئىنتايىن كۆپ. ياڭاق شاكىلى، ئانار پوستى، مامكاپ، قارا لەيلىگۈل ۋە رەڭلىك رودا تاش پاراشوكى، ھەتتاكى قازان كۈيىسى قاتارلىقلار بار. بۇ تەبىئىي نەرسىلەردىن تەييارلانغان بوياقتا توقۇلما ماللارنى بوياشنىڭ ئەڭ چوڭ پايدىسى ـ توقۇلما ماللارنىڭ رەڭگى قېنىق، رەڭگى ئۆڭمەيدۇ، كونىرىغانسىرى كۆركەم بولۇپ كېتىدۇ.» رېن كېلياڭ

مۇنداق دېدى: «نەزمنامە»دە ئۆسۈملۈك بىلەن توقۇلما ماللارنى بوياش توغرىسىدىكى يازما ماتېرىياللار بار. ئۆسۈملۈكلەردىن تەييارلانغان بوياقتا بويىغان توقۇلما ماللاردىن ئۆسۈملۈك شەربىتىنىڭ پۇرىقىنى پۇرىۋالغىلى بولىدۇ.

30 نەچچە يىل ئىلگىرى قېيىر يېزىسىدىكى كەنت ئاھالىلىرى پالاس بوياش جەريانىدا بىرخىل ئۇسۇلنى قوللىنىپ كەلگەن. بۇ خىل گۈل بېسىش، بوياش ھۈنەر-سەنئىتى قەدىمىي ۋە مۇرەككەپ. ئەنئەنىۋى ئۆسۈملۈك ماددىسى ۋە مىنېرال ماددىدىن تەييارلانغان بوياقتا پالاسلارنى بوياش ھۈنەر-سەنئىتىنىڭ ئۆزى بىرخىل ئاددىي، سېھرىي كىچىككە ئىگە ھۈنەر. بۇ خىل بوياقتا بويىغان يۇڭ يىپنىڭ رەڭگى قېنىق، بۇ خىلدىكى يۇڭ يىپتا توقۇلغان پالاسنىڭ ئۆزى ئەڭ كۈچلۈك لاتاپەتكە ئىگە خەلق سەنئىتى بۇيۇمى ھېسابلىنىدۇ.

## يەرلىك پالاس توقۇمىچىلىقىدىن قالدۇرۇلغان گۈزەل مېھىر-مۇھەببەت

پالاس توقۇش سەۋرچانلىق بىلەن ئىشلەيدىغان بىرخىل ئىنچىكە ئىشتۇر. بىرىنچى قەدەمدە يۇڭ يىپ چىگىلىدۇ. بىز ئوغلەم گايىتنىڭ ئۆيىگە بارغاندا، ئوغلەم بىزگە پالاس توقۇشتا ئىشلىتىلىدىغان سايمانلىرىنى مەخسۇس كۆرسەتتى، ئۇنىڭ بىزگە كۆرسەتكەن پالاس توقۇش سايمانلىرىنىڭ تۈزۈلۈشى ناھايىتى ئاددىي بولۇپ، ياغاچتا ياسالغان. لېكىن سايمانلىرىنىڭ ئىشلىتىلىش ۋاقتى ئۇزۇن بولغانلىقى ئۈچۈن ئوخشىمىغان دەرىجىدە كونىراپ قالغان.

ئـوغلەم گايـــت پـــالاس توقۇشـــتا قانچىلىـــك يـــۇڭ يـــىپ ئىشلىتىلىدىغانلىقى ئۇستىدە توختىلىپ مۇنداق تونۇشتۇردى: ئۇزۇنلۇقى 30 مېتىر، كەڭلىكى 3 مېتىر كېلىدىغان بىر پالاسنى توقۇشقا 10 مىڭ مېتىرلىق يۇڭ يىپ كېتىدىكەن. ئوغلەمنىڭ تونۇشتۇرغان ئەھۋالىدىن قارىغاندا، قارىماققا ئاسان، لېكىن قىلماق خېلى تەسكە توختايدۇ. ئۇنىڭغا سەۋرچانلىق ۋە ۋاقىت كېتىدۇ. يۇڭ يىپ ئېگىرىپ بولغاندىن كېيىن رەڭ بېرىلىدۇ، ئاندىن توقۇشقا بولىدۇ. ئوغلەم گايىت مۇنداق دېدى: «پالاس توقۇش جەريانىدا، پالاس توقۇغۇچى خۇشال-خۇراملىق ئىچىدە توقۇشقا كىرىشىدۇ. ئۇلار بۇ خىل ھۈنەر-سەنئەت بىلەن شۇغۇللىنىش ناھايىتى تەبىئىي ئىش دەپ قارايدۇ . ئۇلار توقۇغان پالاسلارنىڭ بىر قىسمىنى ئۆزلىرى ئىشلىتىدۇ، كۆپ قىسمىنى بازارغا سېلىپ ساتىدۇ.»

قېيىر يېزىسىنىڭ بازىرىدا مىڭبۇلاق كەنتىلىك پالاس ساتىدىغان نۇرغۇن ئاھالىلەر بازارنىڭ بىر تەرىپىدە ئارغامچىلارنى تارتىپ، قىزىل، ئاق، كۆك، يېشىل، سېرىق رەڭ بېرىلگەن پالاس، چىپتە تاغار ۋە خۇرجۇنلارنى ئېسىپ قويغان بولۇپ، پالاس، چىپتە تاغار، خۇرجۇن ئارتىلغان ئارغامچىلارنىڭ ئۇزۇنلۇقى بىرنەچچە ئون مېتىرغا سوزۇلغانىدى. ئوغلەم گايىت بىزگە يەنە مۇنداق دېدى: «مەن 10 كۈندە ئۇزۇنلۇقى 10 مېتىر، كەڭلىكى 3 مېتىر بولغان بىر پالاسنى توقۇپ بولالايمەن، ئۇنى بازارغا سالسام، 150ـــ180 يۈەنگە ساتالايمەن. كەنتىمىزدىكى 50% ئادەم پالاس توقۇش ۋە سېتىش كەسپى بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. ئەينى ۋاقىتتا باشقا كەنتلەردىكى نۇرغۇنلىغان كىشىلەر پالاس توقۇش تېخنىكىسىنى ئۆگەنگىلى مىڭبۇلاق كەنتىگە كېلىپ تۇرغان.»

ئوغلەم گايىت ئۆتمۈشنى ئەسلەپ بىزگە: «مېنىڭ دادام ۋە بوۋام ئىلگىرى پالاس توقۇش كەسپى بىلەن شۇغۇللانغان. بۇ

خىلدىكى پالاس توقۇش تېخنىكىسى ئەينى ۋاقىتتا ئومۇملىشىپ كەتكەن. بىراق كىشىلەرنىڭ پالاسقا بولغان ئېھتىياجى بارا-بارا ئازلاپ كەتتى. پالاس توقۇش، ئېلىپ-سېتىش بازىرىمۇ سۇسلىشىپ كەتتى» دېدى ئۆكۈنگەن هالدا.

ئۇيغۇرلارنىڭ پالاس توقۇش هۈنەر-سەنئىتى يوقىلىش گىردابىغا بېرىپ قالمىغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇنى داۋاملىق ساقلاپ قېلىش، تەرەققىي قىلدۇرۇش مەسىلىسى ئۇستىدە ئويلىنىشقا ئەرزىيدۇ. باي ناهىيىلىك پارتكوم، خەلق هۆكۈمىتى يەرلىك ئۇسۇلدا پالاس توقۇش هۈنەر-سەنئىتىنى ئاپتونوم رايوننىڭ 1-تۈركۈمدىكى قوغدىلىدىغان غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراس ئەسەرلىرىنى باهالاشقا قاتناشتۇردى. ئاپتونوم رايونلۇق خەلق هۆكۈمىتىنىڭ تەستىقلىشى ئارقىلىق، باي ناهىيىسىنىڭ يەرلىك ئۇسۇلدا پالاس توقۇش هۈنەر-سەنئىتى ئاپتونوم رايوننىڭ 1-تۈركۈمدىكى قوغدىلىدىغان غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسى قىلىپ بېكىتىلدى.

# باي ناھىيىسىدىكى سىرلىق ساياھەت نۇقتىلىرىنى زىيارەت

بىزنىڭ تۈت كىشىلىك «باي ناھىيىسىدىكى سىرلىق ساياھەت نۇقتىلىرىنى زىيارەت قىلىش» گۇرۇپپىمىز ياز ئايلىرىنىڭ ئاخىرى تەييارلىقلارنى تولۇق قىلىپ سەپەرگە ئاتلاندۇق. باي ناھىيە ياتۇر يېزىسىنىڭ قەدىمىي تەبىئىي ئېكولوگىيىلىك كەنتى ــ گۈلئاتامازار كەنتىدىن «رەڭلىك تاغ»، قىزىل مىڭئۆي، قىزىل سۇ ئامبىرى، ئونباش مىڭئۆي قاتارلىق ئاجايىپ مەنزىرە نۇقتىلىرىنى بىر ـ بىرلەپ زىيارەت قىلدۇق. بىر قانچە كۈنلۈك سەپەر جەريانىدا كۆپچىلىك جاپا تارتقان بولسىمۇ، چىرايىدا خۇشاللىق جىلۋىلىنىپ تۇراتتى.

## ھەيۋەتلىك يالغۇز چوققا

بىز باي بازىرىدىن چىقىپ 307 ـ ئۆلكە يولىنى بويلاپ شەرقىي شىمال تەرەپكە قاراپ تەخمىنەن 30 كىلومېتىر يول يۈرگەندىن كېيىن «يەتتە كىلومېتىر» دەپ ئاتىلىدىغان ئاچالغا كەلدۇق. كۆز ئالدىمىزدا بىر گۈزەل مەنزىرە پەيدا بولۇپ 40 ــ 50 مېتىر ئېگىزلىكتىكى، قىزىل توپىلىق، شەكلى جەملەپ قويغان بۇغدايغا ئوخشايدىغان تاغ چوققىسى كۆز ئالدىمىزدا ئايان بولدى. بۇ چوققىنىڭ ئەتراپى تۈزلەڭ كەتكەن دالا بولۇپ، بىر يالغۇز چوققىلا كۈن نۇرىدا قىپقىزىل نۇر چاچاتتى. شۇنداق قاراشتا

دېھقانلار خاماندا چەشلەپ قويغان چوڭ بىر دۆۋە بۇغدايغىلا ئوخشايتتى، بىز بۇ مەنزىرىگە قىزىقىپ، فوتو ئاپپاراتلىرىنى چىقىرىپ سۈرەتكە تارتىۋالدۇق.

## تەبىئىي ئېكولوگىيىلىك كەنتنىڭ تەبىئىي گۈزەللىكى

يەنە ئالدىغا قاراپ مېڭىپ بىر ئەگمىدىن ئۆتكەندىن كېيىن بىر بۇك ـ باراقسانلىق يېشىللىق پەيدا بولدى، بۇ بىر ئايسىمان ئويمانلىق بولۇپ، بۇ يەردە قويۇق دەل ـ دەرەخلەر كۆپ نۇرىدا يالتىرايتتى. نەم ھاۋانىڭ خۇشبۇي پۇرىقى ئادەمنىڭ دىمىغىغا



ئۇرۇلاتتى. ئالتۇن رەڭلىك قىچا چېچەكلىرى، ياۋا بېدە، سېرىق چېچەكلىك ئازغان، چېچەكلەپ كەتكەن پىچان، غولى قىزىل، چېچىكى ئاق يۇلغۇنلار، بىز نامىنى بىلمەيدىغان گۈل ـ گىياھلار

ئادەمنى مەپتۇن قىلاتتى. بۇ يەرنىڭ ئىككى تەرىپى ئېگىز ئېدىرلىق بولۇپ، پۈتكۈل ئويمانلىق بىر تار دەريا ئېقىنىغا ئوخشايتتى. ئەگرى-بۈگرى كەتكەن بۇلاق سۈيى ئورمان ئارىسىدىن شىلدىرلاپ ئېقىپ ئۆتەتتى، تۆت ئەتراپ تىپتىنچ ئىدى. بۇلاق سۈيى ناھايىتى سۈزۈك بولۇپ، ئادەمنىڭ ئەكسى سۇدا كۆرۈنەتتى، مەن ئىختىيارسىز ھالدا قولۇمنى سۇغا تىقىۋېدىم، سۇ ناھايىتى سوغۇق بولۇپ تېنىمنى شۈركەندۈرۈۋەتتى. يىراقتا نەزەر تاشلىساق ھەيۋەتلىك تەڭرىتاغلىرى ناھايىتى گۈزەل كۆرۈنەتتى. تاغ ئاستىدىكى سۇ ۋە ئوتلاق خۇددى بىر گۈزەل ماي بوياق رەسىمگە ئوخشايتتى. ھەمراھلىرىم، ئالدىمىزدا كەنت ئاھالىلىرىنىڭ ئولتۇراق ئۆيلىرى بار دەپ ئەسكەرتكەندىن كېيىن ، كەنت ئىچىگە كىردۇق، كەنت ئاھالىلىرىنىڭ ئۆيلىرى ئاساسەن كېسەك تام بولۇپ، بىر قانچە ئون يىللىق تارىخقا ئىگە ئىكەن، كەنتتە يەنە قەدىمىي ئىزلارمۇ بار ئىكەن. كەنت ئاھالىسى ئىسھاق ئىمىن بىزگە «گۈلئاتامازار كەنتى چەت-ياقا جاي ، ئۇنىڭ تەبىئىي مۇھىتى ياخشى، بۇ يەرنىڭ مۇھىتىنى بۇلغاپ بۇزىدىغانلارمۇ يوق، مۇتەخەسسىس، ئالىملارمۇ دائىم بۇ يەردىكى قەدىمىي قەبرىستانلىق، دۆۋىلەنگەن ھايۋانات مۈڭگۈزى، قەدىمىي تۈگمەن قاتارلىقلارنى تەتقىق قىلىدۇ» دېدى. مۇشۇنداق قەدىمىي ئېكولوگىيىلىك تەبىئىي مۇھىتلار بولغاچقىلا بۇ يەر قەدىمىي ئېكولوگىيىلىك كەنت دەپ ئاتالغان.

## كەنتتىكى قەدىمىي قەبرىستانلىق

كەنت ئاھالىلىرىنىڭ يول باشلىشى بىلەن داۋاملىق ئالغا ئىلگىرىلىدۇق، ئالدىمىزدىكى يول بارغانسېرى تارلىشىپ،

ناھايىتى تەسلىكتە بىر جىغانلىقتىن ئۆتۈپ، بىر توپا دۆۋىسىگە كەلدۇق، بۇ توپا دۆۋىسى تەخمىنەن 2000 كۋادرات مېتىر ئەتراپىدا بولۇپ، بۇ يەردە قەدىمىي قەبرىستانلىق بار ئىكەن، ئۇزاق ۋاقىت بولغاچقىمۇ بۇ يەردە توپا دۆۋىلىرى شەكىللەنگەن، ئەتراپىدا نۇرغۇن ھايۋانات مۇڭگۈزلىرى دۆۋىلەنگەن، مۇڭگۈزلەر ئاپتاپ چىقىش ۋە شامال يالاش، يامغۇر يېغىش تۈپەيلىدىن چىرىپ پارچىلىنىپ كەتكەن. بۇ يەردە يەنە نۇرغۇن فارفور بۇيۇملارنىڭ پارچىلىرى بار



ئىكەن. قەدىمىي يىپەك يولىدا قەدىمكى باي ناھايىتى ئاۋات بولۇپ، يىپەك يولىنىڭ تۈگۈنى بولغان. بۇ قاقاس توپىلىق دۆڭلۈكتە بۇرۇن ئۇرۇش بولغانمۇ ياكى بىرەر ئاپەت يۈز بەرگەنمۇ؟ قەدىمىي قەبرىستانلىق، دۆۋىلەنگەن مۇڭگۈزلەر، فار فور پارچىلىرى قانداق تارىخنى چۈشەندۈرىدۇ؟ بۇرۇن بۇ يەرنىڭ ئادەملىرى ھايۋانات مۇڭگۈزلىرىگە چوقۇنغانمۇ؟ دېگەندەك خىياللار مېنى چىرمىۋالدى.

قەدىمىي قەبرىستانلىق ۋاقىتنىڭ ئۆزىرىشى بىلەن ئاپتاپ ۋە شامالنىڭ تەسىرىدە چىرىپ، بەزى يەرلەردە ئۇستىخانلار ۋە چاسا تاشلار ئېچىلىپ قالغان. بەزىلىرى ئادەمنىڭ پۇت ئۇستىخىنىغا

ئوخشايدىكەن.

ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى پارتگۇرۇپپىسىنىڭ شۇجىسى، مۇئاۋىن رەئىسى ليۇ بىڭ ئېيتقان «بۇ يەردە بەلكىم چىن سۇلالىسى دەۋرىدە ساكلار دەپنە قىلىنغان بولۇشى مۇمكىن» دېگەن سۆز ئېسىمگە كەلدى. باي ناھىيىسىدىكى يازغۇچى سۇي يۇيۇڭ ئەپەندىنىڭ 2006 ـ يىل 10 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى تەڭرىتاغ توردا ئېلان قىلغان «باي ناھىيىسىنىڭ چەت تاغلىق كەنتى گۈلئاتامازار كەنتىدە چوڭ تىپتىكى قەدىمىي شامان دىنى قەبرىستانلىقى بايقالدى» دېگەن ماقالىسىدە، بۇ قەبرىستانلىقنىڭ كۆلىمى 15 مىڭ كۋادرات مېتىر كېلىدىغانلىقى، بۇ يەرنىڭ خەلقى ئادەتتە قەبرىستانلىقنىڭ يېنىدىن ئۆتۈشتىن قورقۇپ يېقىنلاشمايدىغانلىقى، قەبرىستانلىق بىر چەت جايغا جايلاشقان بولۇپ، ئۇنىڭ ئېقىن تەرەپتىكى قىسمى كەلكۈن زەربىسىدىن گۇمۇرۇلۇپ چۇشكەندىن باشقا، قالغان جايلىرى مۇكەممەل ساقلانغانلىقى، قەبرىستانلىقنىڭ ئىچكى جايلىرىدا چىرىپ كەتكەن مۇڭگۇز ، خادا، فار فور قاچا پارچىلىرى ئۇچرايدىغانلىقى كۆرسىتىلگەن. بۇ ماقالىدە، بۇ قەدىمىي قەبرىستانلىقنىڭ قەدىمىي شامان دىنىنىڭ خارابىسى ئىكەنلىكى قەيت قىلىنغان. مەيلى ئۇ قەدىمىي ساكلار ياكى شامان دىنىنىڭ قەبرىستانلىقى بولسۇن، بۇ قەبرىستانلىق مۇھىم تەتقىقات قىممىتىگە ئىگە.

## قەدىمىي تۇگمەن

قەدىمىي ئېكولوگىيىلىك كەنت ـ گۈلئاتامازار كەنتىدە بىر قەدىمىي تۇگمەننى كۆرۈپ، كىچىك ۋاقتىمدا بىر ئۇن تارتقۇزۇپ

يەيدىغان تۈگمەن ئېسىمگە كەلدى. ئۇنىڭ شەكلى مەن كىچىك



ۋاقتىمدا كۆرگەن تۈگمەن بىلەن تامامەن ئوخشاش بولۇپ، چاقپەلەك بىلەن ئايلىنىدىغان تاش تۈگمەن ئىكەن. بۇ قەدىمىي تۈگمەن كەنتتىكى ئەگرى - بوگرى كەتكەن ئۆستەڭگە ئورنىتىلغان بولۇپ، تۈگمەننى ھەربىكەتلەندۇرۇشتە سۇ كۈچىگە تايىنىدىكەن، بۇ كەنتتىكى كىشىلەر ئۆزگىچە ئالاھىدىلىككە ئىگە شارائىتتىن پايدىلىنىشنى بىلىدىكەن. سۇنىڭ مەنبەسى كەنتنىڭ يېنىدىكى بۇلاق سۈيى بولۇپ، يىل بويى ئېقىپ تۇرىدىكەن، خېلى ئۇزۇندىن بۇيان ئىشلەتمىگەن بولسا كېرەك، ئۇن تارتقان ئىزنى كۆرگىلى بولمايتتى.

بىز تۈگمەن يېنىدا بىردەم تۇرۇپ، ئۇنىڭ قۇرۇلمىسىنى ئىنچىكە كۆزەتتۇق، تۈگمەن ئاستىن - ئۈستۈن ئىككى تۈگمەن تېشىدىن تەركىب تاپقان بولۇپ، بىر كونا تۇۋرۇك ياغاچ تۆۋەندىن كۆتۈرۈپ تۇرىدىكەن، بىز ئايلاندۇرۇپ كۆرسەك ئۇنىڭدىن غىچىرلىغان ئاۋاز چىقتى. ھازىر بۇنداق تۈگمەننىڭ ئىزناسى تۈگەپ كېتەي دېدى، كىشىلەر بۇنداق تۈگمەننى ئاسانلىقچە كۆرەلمەيدۇ. كەنتتىكى بىر چارۋىچى بىزگە «بۇرۇن كەنت ئاھالىلىرى مۇشۇ تۈگمەنگە تايىنىپ ئۇن تارتاتتى، ھازىر ئۇن تارتىش ماشىنىلىرى چىققاندىن كېيىن كەنتتىكىلەر بۇ تۈگمەننى ناھايىتى ئاز ئىشلىتىدۇ» دېدى. جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى، شىنجاڭ يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ

مۇئاۋىن رەئىسى قوشۇمچە باش كاتىپى داڭلىق يازغۇچى دوڭ لىبو ئەپەندى بۇ يەرگە كېلىپ تەتقىق قىلغاندا: «بۇ تۇگمەن قاراشقا خېلى ئۇزۇن تارىخقا ئىگە ئىكەن، بۇ كەنتتىكى دېھقانلار بىر قانچە يۈز يىلدىن بۇيان مۇشۇ تۇگمەننىڭ غىچىرلىغان ئاۋازىنى ئاڭلاپ تۇرمۇش كەچۈرۈپ كەپتۇ، ناھىيىدىن بۇنى ئوبدان قوغدىشى كېرەك» دېگەنىدى.

# قىزىل مىڭئۆي

بىز مۇزات دەرياسىنى بويلاپ قىزىل مىڭئۆيگە قاراپ ماڭدۇق، قىزىل مىڭئۆينىڭ يەر شەكلى خەتەرلىك، ئېگىز تاغ، چوڭقۇر جىلغا ئارىسىغا جايلاشقان بولۇپ، خەتەرلىك جۇغراپىيىلىك قۇرۇلمىسى بۇ يەرنى تېخىمۇ ئاجايىپ، سىرلىق كۆرسەتتى. قىزىل مىڭئۆي ئەڭ دەسلەپكى مەزگىلدىكى بۇددىزم غارلىرىنىڭ تىپىك ۋەكىلى. باي ناھىيىسى قىزىل يېزىسىنىڭ يەتتە كىلومېتىر شەرقىي جەنۇبىغا، مۇزات دەرياسىنىڭ شىمالىي قىرغىقىدىكى تىك يار ئۈستىگە جايلاشقان. غارلار شەرقتىن غەربكە ئىككى كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتا سوزۇلغان بولۇپ، جىلغىنىڭ غەربى، جىلغا ئىچى، جىلغىنىڭ شەرقى ۋە تاغ كەينىدىن ئىبارەت تۆت رايونغا ئايرىلىدۇ. رەسمىي نومۇر قويۇلغان غار 236، ئاساسىي جەھەتتىن غار شەكلىگە ئىگە ئۆڭكۈرلەر 334 كە يېتىدۇ. ئۇلارنىڭ ئىچىدە غار شەكلى بىرقەدەر مۇكەممەل، تام رەسىملىرىنىڭ ساقلىنىشى بىر قەدەر ياخشى بولغان غار 70 تىن ئاشىدۇ . قىزىل مىڭئۆي تەخمىنەن مىلادىيە 3 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرى قېزىلغان، ئېلىمىزدىكى ئەڭ بالدۇر قېزىلغان چوڭ

تىپتىكى غارلار توپى بولۇپ، جۇڭگودىكى « تۆت چوڭ غار» نىڭ بىرى ھېسابلىنىدۇ . ئۇنىڭدىكى مەدەنىيەت يالدامىلىرى تۆۋەندىكىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ: (1) بىناكارلىق. شەكلى ۋە رولىغا ئاساسەن، غارلار بۇتقا چوقۇنىدىغان ھەم ئۇلارنى تاماشا قىلىدىغان مەركىزىي تۈۋرۈكلۈك غارلار، نوم تەپسىر قىلىدىغان چاسا شەكىللىك غارلار، راھىبلار ھۇجرىسى بولغان كارىدورلۇق چاسا غارلار، ھەرخىل نەرسىلەرنى قويىدىغان غەيرىي شەكىللىك غارلارغا بۆلۈنىدۇ. بۇنىڭدىن باشقا يەنە مەركىزىي تۈۋرۈكلۈك غارنىڭ چوڭايتىلغان شەكلى بولغان چوڭ بۇتلۇق غارمۇ بار. (2) ھەيكەللەر. ئېغىر دەرىجىدە بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىغانلىقتىن ئاساسىي جەھەتتىن ساقلىنىپ قالمىغان. (3) تام رەسىملىرى. سانى بىرقەدەر كۆپ، ساقلىنىشى بىرقەدەر ياخشى بولغان تام رەسىملىرى قىزىل مىڭئۆيدىكى ئەڭ قىممەتلىك يالدامىلار بولۇپ ھېسابلىنىدۇ . تام رەسىملىرى مەركىزىي تۈۋرۈكلۈك غارلار بىلەن چاسا شەكىللىك غارلارغا مەركەزلەشكەن. ئاساسلىق ۋەقەلىكى ساكيامونىنىڭ ئىش - ئىزلىرىنى چۆرىدىگەن هالدا يارالمىش قىسسىلىرى، ۋەج - سەۋەب قىسسىلىرى ۋە بۇددا دىنىنىڭ تارقىلىش قىسسىلىرى، كەلگۈسى بۇددا مۇرىتلىرىنىڭ قىسسىلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. رەسىملەردە ھىنايانا مەزھىپىنىڭ «پەقەت ساكيامونىغىلا چوقۇنىدىغان» ئىدىيىسى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. تام رەسىملەردىكى ئاسمان كۆرۈنۈشى، ئەرش ئوردىسىدىكى سازەندىلەر، كىمتارالار (نەغمىچى تەڭرىلەر) قاتارلىقلار قىزىل مىڭئۆي تام رەسىملىرى ئىچىدىكى ئالاھىدىلىككە ئىگە سەنئەت بۇيۇملىرى ھېسابلىنىدۇ. كېيىنكى مەزگىلگە تەۋە تام رەسىملىرىدە ماھايانا مەزھىپىگە خاس «مىڭ بۇددا» رەسىمى كۆرۈلىدۇ. غارلاردا تېۋىنغۇچىلار رەسىمى كۆپ بولۇپ، ھەممىسى كۇسەنلىكلەرنىڭ ئوبرازى ھېسابلىنىدۇ. ئۇلار كۇسەنىنىڭ

ئىجتىمائىي تۇرمۇشىنى تەتقىق قىلىشتىكى قىممەتلىك ماتېرىياللاردۇر.

قىزىل مىڭئۆي سەنئىتى كۇسەن بۇددىزم سەنئىتى ئەندىزىسىنىڭ ئەڭ مۇھىم ۋەكىلى بولۇپ، ئۇ بىناكارلىقتىكى مەركىزىي تۈۋرۈكلۈك غار تېخنىكىسى، رەسساملىقتىكى رومبىسىمان تۈزۈلۈش، سايىلاندۇرۇپ رەڭ بېرىش ۋە سىزىق بىلەن تەسۋىرلەش ئۇسۇلى، مول ۋەقەلىك رەسىملىرى قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. يىپەك يولىنىڭ زاۋاللىققا يۈزلىنىشى ۋە دىنلارنىڭ ئالمىشىشى تۈپەيلىدىن قىزىل مىڭئۆي تارىخنىڭ چاڭ - توزانلىرىغا كۆمۈلۈپ كېتىپ، 19 - ئەسىرگە كەلگەندە قايتىدىن بايقالدى. كېيىن رۇسىيە، گېرمانىيە، ياپونىيە، ئەنگلىيە قاتارلىق دۆلەتلەردىكى ئېكسپېدىتسىيىچىلەرنىڭ تالان - تاراج، بۇلاڭ - تالاڭ قىلىشىغا ئۇچراپ، نۇرغۇن تام رەسىملىرى بىلەن ھەيكەللەر چەت ئەللەرگە ئېلىپ چىقىپ كېتىلدى. ئۇلارنىڭ ئىچىدە گېرمانىيە بۇلاپ كەتكەن تام رەسىملىرى 400 كۋادرات مېتىردىن ئاشىدۇ. 20 - ئەسىر 50 - يىللىرىدىن كېيىن قىزىل مىڭئۆي مۇھاپىزەت ۋە رېمونت قىلىندى. 80 - يىللاردا چوڭ كۆلەمدە رېمونت قىلىندى. 1985 - يىلى كۇسەن مىڭئۆي تەتقىقات ئورنى قۇرۇلۇپ، قوغداش ۋە تەتقىقات خىزمىتى ئېلىپ بېرىلدى. ئۇ 1961 - يىلى ئېلىمىز ھۆكۈمىتى بىرىنچى تۈركۈمدە بېكىتكەن دۆلەت دەرىجىلىك نۇقتىلىق قوغدىلىدىغان مەدەنىيەت يادىكارلىق ئورنى ھېسابلىنىدۇ.

قىزىل مىڭئۆيدىكى تارىخىي مىراسلارنى قوغداش ئۈچۈن بۇ يەرگە كەلگەن ساياھەتچىلەرنىڭ سۈرەتكە تارتىشى، ئۆڭكۈردە تاماكا چېكىشى، تام رەسىملىرىنى قول بىلەن تۇتۇشى مەنئى قىلىنىدۇ. قىزىل مىڭئۆينى دۇنخۇاڭدىكى موگاۋ غارىغا

سىلىشتۇرغاندا، ئۇنىڭ ئۆزگىچە ئارخېئولوگىيىلىك قىممىتى بار. مۇھىمى ئۇنىڭ تارىخى دۇنخۇاڭدىكى موگاۋ غارىدىن ئۇزۇن بولغانلىقىدا. ئادەم پەستە تۇرۇپ ئەتراپقا نەزەر تاشلىسا، قىزىل مىڭئۆي ئۆڭكۈرلىرى خۇددى مۇئەللەقتىكى ئىمارەتتەك كۆرۈنىدۇ. يىراقتا مۇزات دەرياسى بىر ئاق رەڭلىك يىپەك بەلۋاغقا ئوخشاش جىلغىدىن كېسىپ ئۆتىدۇ. تاغ باغرىدا كۇماراجىۋانىڭ ھەيكىلى بار بولۇپ، قارا رەڭلىك كاسايا كىيگەن، ئوڭ قولى يالىڭاچ، ئىككى پۇتى يالاڭ ئاياغ، سول پۇتى تەبىئىي ھالدا پەسكە ساڭگىلىغان، ئوڭ پۇتى سىرتقا ئېگىلگەن ھالدا ئېتىكاپتا ئولتۇرۇپ خىيال قىلىۋاتقان، خۇددى ئەمدىلا نومنى تەھسىل قىلىپ بولۇپ، ئازراق ھاردۇق ئېلىۋاتقان ھالەتتە، بۇ قارا رەڭلىك كۇماراجىۋا ھەيكىلى كىشىنى ھەيران قالدۇرىدۇ.

## قىزىل سۇ ئامبىرى

قىزىل سۇ ئامبىرىنىڭ يەنە «جەنۇبىي شىنجاڭدىكى بىرىنچى لەيلەتمە» سۇ ئۈستى باغچىسى دېگەن نامى بار. قىزىل سۇ ئامبىرى 1991 ـ يىلى پۈتكەندىن كېيىن، نۇرغۇنلىغان ساياھەتچىلەرنى ئۆزىگە جەلپ قىلدى. قىزىل سۇ ئامبىرى سۇ ئىشلىرى مىنىستىرلىقى بىۋاسىتە مەبلەغ سالغان سۇ باشلاش تۇگۈن قۇرۇلۇشى بولۇپ، سۇ ئامبىرى قىزىل كۆلى بىلەن تۇتىشىدۇ، ئومۇمىي كۆلىمى 44.6 كۋادرات كىلومېتىر، سۇ سىغىمچانلىقى 640 مىليون كۇب مېتىر، كەلكۈن سىغىمچانلىقى 320 مىليون كۇب مېتىر، پايدىلىنىش سۈيىنىڭ سىغىمچانلىقى 477 مىليون كۇب مېتىر، دامبىنىڭ ئېگىزلىكى 44 مېتىر، سۇ ئېلېكتر ئىستانسىسى گېنېراتور سىغىمچانلىقى 26 مىڭ كىلوۋات

سائەت، قىزىل سۇ ئامبىرى كەلكۈندىن مۇداپىئە كۆرۈش، سۇغىرىش، توك تارقىتىش، ساياھەت بىر گەۋدىلەشكەن، ئاپتونوم



رايونىمىز بويىچە ئەڭ چوڭ سۇ ئامبىرىنىڭ بىرى. ئۇ ئۆزگىچە بايلىق ئەۋزەللىكىگە ئىگە. سۇ يۈزى بىپايان، ئەتراپىنى تاغ تىزمىلىرى قورشاپ تۇرغان، گۈزەل تەبىئىي مەنزىرىسى بىلەن غەربىي دىيارنىڭ ئۆزگىچە جۇغراپىيىلىك قىياپىتى ئۆز ئارا بىرلىشىپ كەتكەن . ھازىر بۇ جاي باي ناھىيىسىدىكى مۇھىم ساياھەت نۇقتىسىغا ئايلاندى. يەل قولۋاقتا ئولتۇرۇپ سۇ ئۈزسىڭىز ھەم خەتەرلىك ھەم قىزىقارلىق ھېس قىلىسىز. قولۋاق سۇدا ئايلىنىپ پىرقىرىسا، قىرغاقتىكى ھەمراھلىرىم خۇشاللىقتا چۆمىدۇ، مەن قورقۇش ھېس قىلىمەن، چاچراپ چىققان سۇلاردىن سالقىنلىق ھېس قىلىمىز.

## ئونباش مىڭئۆي

ئونباش مىڭئۆي باي ناھىيە ئونباش يېزا دائىرىسىدە بولۇپ، ئونباش يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايدىن تەخمىنەن 7

كىلومېتىر كېلىدۇ. ئۇنىڭ مىڭئۆي قىزىل مىڭئۆيىدەك كۆركەم بولمىسىمۇ، لېكىن ئۇ سىرلىق ۋە قەدىمىيلىكىنى يوقاتمىغان.

چۆلتاغ جىلغىسىنى بويلاپ ئىچكىرىلەپ ماڭغاندا، چۆلتاغ باغرىدا چوڭ-كىچىكلىكى ئوخشاش بولمىغان ئۆڭكۈرلەر كۆرۈنىدۇ. ئەمەلىيەتتە بار ئۆڭكۈر مىڭغا يەتمەيدۇ. ئۇزۇن يىللار جەريانىدا كۆپلىگەن ئۆڭكۈرلەر گۈمۈرۈلۈپ چۈشكەن، ئۆڭكۈردىكى تام رەسىملىرىنىڭ شەكلىمۇ تامامەن قىزىل مىڭئۆيىنىڭكىگە ئوخشايدۇ. ئۆڭكۈر تار بولۇپ، ئۆڭكۈردىكى ھەيكەل ۋە تام رەسىملىرىدىكى كىشىلەرنىڭ كىيىنىشى ئەرەبلەرگە ئوخشايدۇ. ئۇزۇن يىللار ئۆتكەچكە تام رەسىملىرىنىڭ رېڭى سۇسلىشىپ كەتكەن، تامنىڭ سويۇلۇپ چۈشكەن جايلىرىمۇ كۆپ، ئۆڭكۈر ئىچى توپا قاتلاملىق بولۇپ، سىرتنىڭ نەم ھاۋاسى بىلەن ئۆڭكۈر تاملىرىنىڭ سويۇلۇپ چۈشۈشىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان.

بىر ئۆڭكۈردە تار يول بولۇپ، ئۇ ئارام ئالىدىغان كاڭلىق ئۆيگە تۇتىشىدۇ، خۇددى ئىچكىرى-تاشقىرىلىق ئۆيگە ئوخشايدۇ. ئۆيدە تام رەسىملىرى يوق، تاشقىرىقى ئۆيدە سەجدە قىلىدىغان بۇت ھەيكىلى بار، بۇت سۇپىسىنىڭ ئىككى يېنىدا يەنە ئىككى كىچىك بۇت سۇپىسى ، ئۈستىدە يەنە ئىككى كىچىك بۇت سۇپىسى بار، بۇلار چوڭ بۇتنى ئوراپ تۇرىدۇ، بۇت ھەيكىلىنىڭ رەسمى ئېغىر بۇزۇلغان، بۇ ھەيكەلنى كولاشتىن قالغان ئىزلار ئىكەنلىكىنى ئېنىق كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. ئۆڭكۈردىكى تار يول ئۈستىدە مۇنداق ئىككى خىل ھېكايە بار، بىرى: بۇتقا چوقۇنغۇچىلار بۇتقا دۇئا-تىلاۋەت قىلغاندىن كېيىن، سول تەرەپتىكى تار يولدىن كىرىپ ، ئوڭ تەرەپتىن چىقىپ ئۈچ قېتىم تەكرارلايدىكەن، بۇ ئۇلارنىڭ بۇتقا بولغان ئېھتىرامى ئىكەن. يەنە بىرى : بۇ يەر بەلكىم ۋەزچى راھىبنىڭ تاشقىرىقى ئۆيدە ۋەز سۆزلەپ بولغاندىن كېيىن، ئىچكىرىكى ئۆيگە كىرىپ

ئارام ئالىدىغان تۇرالغۇسى بولۇشى مۇمكىن. بۇنداق لايىھە قۇرۇلمىسى قانداق تارىخىي مەدەنىيەتنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ؟ زادى ئۇ قانداق تىپتىكى دىنىي مەزھەپ ئىكەنلىكىنى مۇتەخەسسىسلەرنىڭ دەلىللىشىگە توغرا كېلىدۇ.

بۇ يەردە يەنە بىر ئاجايىپ ئۆڭكۈر بار. بۇ ئۆڭكۈرنىڭ ئېگىزلىكى تۆت مېتىر كېلىدۇ. تورۇسى ياي شەكلىدە ئەگمە بولۇپ، بۇت سۇپىسىنىڭ ئىككى تەرىپىدە ئىككى كىچىكرەك ئۆڭكۈر بار. ئادەم مۆكچىيىپ تۇرۇپ كىرەلەيدۇ. ئۆڭكۈر قاراڭغۇ بولۇپ، تاملىرىدا رەسىملەر بار. ئادەم رەسىملىرىنىڭ چىنلىقى بىرقەدەر يۇقىرى، بېشىغا ئاق لاتا ئورىغان، تېنىگە كاسايا ئورىغان، ھەيكەل ئۇرۇش-يېغىلىق مەزگىللىرىدە نابۇت بولۇپ كەتكەن بولۇشى مۇمكىن. قۇرۇق قالغان بۇت سۇپىسىغا قاراپ ناھايىتى ئېچىندىم. بۇ تارىخىي مەدەنىيەت مىراسىنى مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلارنىڭ ياخشى قوغدىشى كېرەكلىكىنى ھېس قىلدىم.

## «رەڭلىك تاغ»

شىنجاڭدا «رەڭلىك» دەپ ئاتالغان جاي بىرلا ئەمەس، «رەڭلىك قولتۇق»، «رەڭلىك ساھىل» لارنىڭ ھەممىسى رەڭ تارقىتىش خۇسۇسىيىتىگە ئىگە بولغاچقىلا، كىشىلەرنىڭ دىققىتىنى جەلپ قىلغان. باي ناھىيىسى ياقىرىق بازىرىنىڭ غەربىي تەرىپىدىكى «رەڭلىك تاغ» ئوخشاشلا رەڭ تارقىتىش خۇسۇسىيىتى بىلەن نامى چىققان. ئۇ تاغنىڭ ھەممە يېرى رەڭگە تولغان. رىۋايەتلەردە ئېيتىلىشىچە، تاڭ سۇلالىسىنىڭ راھىبى شۈەنزاڭ سۇن ۋۇكوڭ، جۇ باجېي، شا راھىبلارنى ئېلىپ غەربكە نوم ئېلىپ كېلىشكە مېڭىپ ياقىرىقتىن ئۆتكەندە قاتتىق بوران

چىقىپ، ئاسماننى قارا بۇلۇت قاپلاپ ئارقىدىنلا شارقىراپ يامغۇر ياغقان، ئۇستازنىڭ كاساياسى بىر قەۋەت سۇ پەردىسى ھاسىل قىلىپ، 8-ئاينىڭ تېمپېراتۇرىسىنى باش قىشنىڭ تېمپېراتۇرىسىغا ئايلاندۇرۇپ قويغان، ئاخىرى ھاۋا ئېچىلغان. بۇ چاغدا ئۇلارنىڭ قورسىقى ئېچىپ، ئۇچەيلىرى تارتىشىپ كېتىپ، تاغ باغرىدىكى سانسىزلىغان ياۋا مېۋىلەرنى كۆرۈپ، ئۇستاز-شاگىرتلارنىڭ ئاغزىدىن شۆلگەيلىرى ئېقىپ كېتىپتۇ. جۇباجې ھېچنېمىگە قارىماي ئېغىر گەۋدىسى بىلەن دەرەخكە چىقىپ ياۋا مېۋىلەرنى ھە دەپ يېگىلى تۇرۇپتۇ ھەمدە «ئۇستاز مېۋە،مېۋە» دەپ ۋارقىراپ چاپاننىڭ پېشىگە مېۋىلەرنى قاچىلاپ دەرەختىن ئېلىپ چۈشۈپتۇ، كىشىنىڭ ھەۋىسىنى قوزغايدىغان مېۋىلەرنى كۆرۈپ ئۇستاز-شاگىرتلىرى يېيىشكە باشلاپتۇ. بۇ چاغدا سۇن ۋۇكۇڭ سەدىقە تىلەپ سىرتقا چىقىپ كەتكەچكە، بۇ «لەززەت»نى تېتىيالمىغانىكەن، تۇساتتىن جۇباجې يەرگە يىقىلىپ دومىلاپ قورسىقىم ئاغرىپ كەتتى دەپ ۋارقىراپتۇ، ئارقىدىنلا تاڭسېڭ، شا راھىبلارنىڭمۇ قورسىقى ئاغرىپ كېتىپتۇ، ھەتتا ئاق ئاتمۇ ئالدى تۇيىقى بىلەن يەرنى تېپىشكە باشلاپتۇ، ئۇستاز-شاگىرتلارنىڭ ئىچى سۈرۈپ ماغدۇرى قالماپتۇ، تاڭسېڭ ماغدۇرسىز ھالدا «شاگىرتلىرىم، تېزرەك پاناھلانغۇدەك ئورۇن تېپىڭلار، دەم ئېلىپ ئاندىن يولغا چىقايلى» دەپتۇ، بۇ چاغدا سۇن ۋۇكۇڭ قايتىپ كەپتۇ، بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ ئاچ كۆز جۇباجېنى تىللاپ كېتىپتۇ، ئەسلىدە ئۇلار يېيىشكە بولمايدىغان ئالۋاستى سېھىرلىۋەتكەن مېۋىنى يېگەنىكەن. ئاق ئاتمۇ ماغدۇرسىزلىنىپ تاڭسېڭنى ئېلىپ ماڭغۇدەك ھالى قالماپتۇ، سۇن ۋۇكۇڭ ئامالسىز تاڭسېڭنى ھاپاش قىلىپ كۆتۈرۈپ مېڭىشقا مەجبۇر بوپتۇ، ئۇلار بىر تاغدىن ئاشقاندىن كېيىن يىراقتىن خۇددى پەرىشتىنىڭ لەپىلدەپ تۇرغان شارپىسىدەك شاپتۇل چېچىكى رەڭلىك بۇلۇت كۆرۈنۈپتۇ، بۇلۇت

يېقىنلاشقانسېرى بۇلۇت ئىچىدىن «غەربكە نوم ئەكېلىشكە ماڭغان تاڭ سۇلالىسىنىڭ راھىبى تاڭسېڭ ئاڭلاپ تۇرۇڭ، سىلەر ئۇستاز-شاگىرتلار سەپەردە جاپا تارتتىڭلار، بۇ يەر گۇمۇ دۆلىتىنىڭ ئاسمىنى، خانىمىز سىلەرنىڭ پېشكەللىككە ئۇچرىغانلىقىڭلارنى ئاڭلاپ سىلەرنى قۇتۇلدۇرۇشقا ئاچا-سىڭىل ئىككىمىزنى ئەۋەتتى» دېگەن ئاۋاز ئاڭلىنىپتۇ. بۇ ئاۋازنى ئاڭلىغان تاڭسېڭ ئىشەنمەي يەنە ئالۋاستىلارنىڭ پېشكەللىكىگە ئۇچرىدۇقمۇ-قانداق دەپ ئويلاپتۇ. سەزگۈر سۇن ۋۇكۇڭ بولسا «ئۇستاز، ئەندىشە قىلماڭ، ئۇلار راستتىنلا بىزنى قۇتۇلدۇرۇشقا كەلگەنلەر» دەپتۇ.

ئىككى قۇتقۇزغۇچى پەرىشتە ئۇچۇپ بارغانسېرى يېقىنلىشىپ ھەرخىل رەڭلەر چاقناپتۇ، ئۇلارنىڭ كىيگەن كۆڭلەكلىرىدىنمۇ ھەرخىل رەڭ چاقنايدىكەن، رەڭگارەڭ ئۇزۇن شارپىسى ئۇلارنىڭ بەدىنىنى ئوراپ تېخىمۇ گۈزەللەشتۈرۈپتۇ. بۇ ھالەتنى كۆرگەن جۇباجى ھاڭ-تاڭ قېتىپ تۇرۇپ قاپتۇ . ئۇلار يەرگە چۈشۈشكە ئۇستاز-شاگىرتلار «قۇتقۇزغۇچى» نىڭ بۇنداق گۈزەللىكىدىن ھەيران قاپتۇ. ئاسماندىن چۈشكەن ئاچا-سىڭىللار بەلۋېغىدىن خاسىيەتلىك دورىنى ئېلىپ ئىچكۈزۈپتۇ، شۇ ھامان ئۇلارنىڭ ماغدۇرسىزلىنىپ كەتكەن بەدەنلىرىگە ماغدۇر كىرىپ، پۈتۈن بەدىنى كۈچكە تولۇپتۇ، ئاق ئاتمۇ ماغدۇرغا كىرىپ قۇيرۇقىنى شىپاڭشىتىپتۇ، تاڭسېڭ «خانىنىڭ شاپائىتىگە كۆپ رەھمەت، ئامى تابا» دەپ رەھمەت ئېيتىپتۇ. ئاچا-سىڭىللار «شەرقىي تاڭ دۆلىتى بىلەن غەربىي دىيار ئەزەلدىن ئىناق ئۆتكەن قوشنىلار، تۇزۇت قىلماڭلار» دەپلا بۇلۇتقا ئولتۇرۇپ كېتىپ قاپتۇ. ئۇلارنىڭ شارپا ۋە كىيىملىرىدىن ھەرخىل رەڭ چاقناپ تۇرۇپتۇ، بۇچاغدا تاڭسېڭ سۇن ۋۇكۇڭدىن «بۇ كىيىمنىڭ رەختلىرى قانداق يىپتىن توقۇلغان، قانداق رەڭدە بويالغان؟» دەپ سوراپتۇ، سۇن ۋۇكۇڭ «ئۇستاز، سىز ئۇقمامسىز، بۇ غەربىي دىيارنىڭ ئەتلەستىن

تىكىلگەن كىيىمى» دەپ جاۋاب بېرىپتۇ . تاڭسىڭ قاراپ كېتىپ «بۇنداق رەڭنى مەڭگۈ مۇشۇ تاغدا قالدۇرساق، ئۆتكەن ـ كەچكەنلەر ھۇزۇرلانسا نېمىدېگەن ياخشى ئىدى، ـ ھە» دەپتۇ. ئۇستازنىڭ مەقسىتىنى چۈشەنگەن سۈن ۋۇكۇڭ ئۆزىنىڭ كارامىتىنى كۆرسىتىپ، كەچكى شەپەقتىكى رەڭلەرنى بۇ تاغقا پۈركۈپتۇ. بۇ رەڭلەر ھازىرغىچە ئۆزىنى يوقاتماپتۇ. بۇنىڭ بىلەن رەڭلىك تاغ توغرىسىدا بۇ رىۋايەت بارلىققا كەپتۇ.

# «ئاقسۇ گېزىتى»— مېنىڭ ئۇستازىم

ئويلاپ باقسام مەن بۇ يىل «ئاقسۇ گېزىتى» بىلەن تونۇشقىلى تۇپتوغرا 25 يىل، «ئاقسۇ گېزىتى»گە خەۋەر-ماقالە، ئەدەبىي ئەسەرلەر ئەۋەتىۋاتقىلى 20 يىل بولۇپتۇ.

ھېلىمۇ ئېنىق ئېسىمدە، 1981-يىلى تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ 2-يىللىقىدا ئوقۇۋاتقان چاغلىرىم ئىدى. بىر كۈنى كەچلىكى دادام مېنى ئىدارىسىدە ئۇيۇشتۇرۇلغان كەچكى سىياسىي ئۆگىنىش پائالىيىتىگە ئېلىپ چىقتى (ئۇ چاغدا دادام يېزىلىق يېزا ئىگىلىكىنى ماشىنىلاشتۇرۇش پونكىتىدا خىزمەت قىلاتتى). پونكىت مەسئۇلى ئۆگىنىشنىڭ باشلانغانلىقىنى ئېلان قىلىپ قولىغا بىر پارچە گېزىتنى ئېلىپ ئوقۇشقا باشلىدى. مەن ئۇلارنىڭ سىياسىي ئۆگىنىش پائالىيىتىگە قىزىقىپ، زەن قويۇپ ئاڭلاپ تۇراتتىم، بىردەمدىن كېيىن پونكىت مەسئۇلى گېلىنى قىرىپ گېزىت ئوقۇشنى توختاتتى. بىر كىملەرنى ئىزدىگەندەك ئۇياق-بۇياققا قارىغىنىچە:«ئۇكا سەن ئوقۇپ بەرسەڭ قانداق؟» دەپ ماڭا گېزىتنى سۇندى. مەن خىجىل بولغان ھالەتتە، گېزىتنى قولۇمغا ئېلىپ، كۆرسىتىپ بېرىلگەن مەزمۇنلارنى ئوقۇشقا باشلىدىم. بىلىدىمكى، مەن بۇ تۇنجى بولۇپ ئوقۇغان گېزىت «ئاقسۇ گېزىتى» ئىدى. مەن شۇنىڭدىن ئېتىبارەن «ئاقسۇ گېزىتى»گە قىزىقىپ قالدىم. بوش ۋاقىت تاپسام ئىشخانا، پوچتا پونكىتلىرى، مەدەنىيەت ئۆيلىرىگە قاتراپ، ئىزدەپ-سوراپ يۈرۈپ «ئاقسۇ گېزىتى»نى كۆرىدىغان بولدۇم.

1984-يىلى تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتكۈزۈپ، ئاقسۇ

ۋىلايەتلىك مالىيە-سودا تېخنىكومىغا قوبۇل قىلىندىم، مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان مەزگىللەردە مەندە تەبىئىي ھالدا ئاخباراتچىلىق، يېزىقچىلىققا بولغان قىزىقىش پەيدا بولدى. خەۋەر ماقالە، ئەدەبىي ئەسەر يېزىشقا كىرىشكەن دەسلەپكى چاغلىرىمدا بىرەر پارچە خەۋەر ماقالە، ئەدەبىي ئەسەر يېزىش مەن ئۈچۈن تولىمۇ قىيىن تۇيۇلاتتى. مەشىق تەرىقىسىدە يازغانلىرىم كۆپ بولسىمۇ، ئېلان قىلغانلىرىم يوق ئىدى. كېيىنچە مەن «ئاقسۇ گېزىتى» بىلەن تېخىمۇ چوڭقۇر تونۇشتۇم. «ئاقسۇ گېزىتى» نىڭ مەزمۇن دائىرىسى كەڭ، مەزمۇنى مول، ئۇچۇر يەتكۈزۈش، بىلىم



تارقىتىش قىممىتى يۇقىرى بولۇپ، ئاخباراتچىلىق، يېزىقچىلىق كەسپىي سەۋىيەمنى ئۆستۈرۈشىمدىكى كۆڭۈلۈمدىكىدەك ئۇستازىم بولالايتتى. بۇنىڭ بىلەن مەن مەكتەپتە قىرائەتخانىلاردا، خىزمەتكە چىققاندىن كېيىن مۇشتەرى بولۇپ، «ئاقسۇ گېزىتى» نى كۆرۈپ تۇرۇشنى ئادەتكە ئايلاندۇردۇم. بولۇپمۇ «مۇھىم خەۋەرلەر» بېتى، «ئىجتىمائىي خەۋەرلەر» بېتى، «جەنۇب شامىلى»، «ئازنىلىق بەت» قاتارلىق بەتلەرگە بېرىلگەن خەۋەرلەرنى، ئەدەبىي ئەسەرلەرنى كۆرۈپ تۇرۇشنى ھەرگىز ئېسىمدىن چىقىرىپ قويمىدىم. «ئاقسۇ گېزىتى» نى كۆرۈپ تۇرۇش ئارقىلىق، مول ئاخباراتچىلىق، يېزىقچىلىق بىلىملىرىگە

ئەگە بولدۇم. «ئاقسۇ گېزىتى» مۇ مەن بىلەن قويۇق مۇناسىۋەت ئورنىتىپ، مېنىڭ خەۋەر ماقالە، ئەدەبىي ئەسەر يېزىش تۇرمۇشۇمغا مەدەت بېرىپ تۇردى. ئاساسىي قاتلامغا مۇخبىرلىققا كەلگەن «ئاقسۇ گېزىتى» مۇخبىرلىرى مېنى يېتەكلەشنى ئۇنتۇپ قالمىدى. ماڭا خەۋەر ماقالە، ئەدەبىي ئەسەرلەرنى قانداق يېزىشنى، نېمىنى يېزىشنى، كىم ئۇچۇن يېزىشنى ئۆگەتتى. بۇنىڭ بىلەن يازغان خەۋەر-ماقالە، ئەدەبىي ئەسەرلىرىمنىڭ ئېلان قىلىنىش نىسبىتىدە ئىلگىرىلەش بولۇپ، « ئاقسۇ گېزىتى»دە تۇنجى قېتىم خەۋىرىم ئېلان قىلىنغان 1986-يىلىدىن بۇيان ھەرقايسى ئاخبارات ۋاسىتىلىرىدە 2000 پارچىگە يېقىن خەۋەر ماقالەم ئېلان قىلىندى. «شىنجاڭ گېزىتى»، «شىنجاڭ خەلق رادىئو ئىستانسىسى»، «ئاقسۇ گېزىتى»، «شىنجاڭ مالىيە بوغالتىرلىقى» ژۇرنىلى، ناھىيىلىك پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمى تەرىپىدىن كۆپ قېتىم «مۇنەۋۋەر ئىختىيارىي مۇخبىر» بولۇپ تەقدىرلەندىم.

ئومۇمەن قىلىپ ئېيتقاندا، «ئاقسۇ گېزىتى» مېنىڭ ئاخباراتچىلىق، يېزىقچىلىق كەسپىي بىلىملىرىنى ئۆگىنىشىمدىكى مېنى مول بىلىمگە ئىگە قىلىۋاتقان تەلەپچان ئۇستازىم، سىرداش دوستۇم. چۈنكى مېنىڭ خىزمەت، ئۆگىنىش بولۇپمۇ ئاخباراتچىلىق، يېزىقچىلىق بىلىملىرىنى ئۆگىنىشىمنىڭ ئاساسلىق نەتىجىسى «ئاقسۇ گېزىتى» گە مەنسۇپ. مەن «ئاقسۇ گېزىتى» نى مەڭگۈ قەدىرلەيمەن، سۆيۈپ ئوقۇيمەن، «ئاقسۇ گېزىتى» نى ئاكتىپلىق بىلەن ئىزچىل تۇردە خەۋەر ماقالە، ئەسەرلەر بىلەن تەمىنلەيمەن. «ئاقسۇ گېزىتى» مەڭگۈ ماڭا ھەمراھ بولىدۇ.

# سايرام قېتىقى

بىز سايرام بازىرىغا كەلگەندە، بايدىن ئۈرۈمچىگە قاتنايدىغان ئۇزۇن يوللۇق يولۇچىلار ئاپتوبۇسى شوپۇرى ئۆمەرجاننىڭ ئىككى سۇلياۋ تۇڭغا قېتىق قاچىلاپ ئاپتوبۇسقا چىققانلىقىنى كۆردۇق. سەپەرگە چىققانلارنىڭ تۇرمۇش بۇيۇملىرى ۋە يېمەكلىكلەرنى ئېلىپ ماڭغانلىقىنى كۆرگەن، ئەمما سۇلياۋ تۇڭغا قېتىق قاچىلاپ سەپەرگە ماڭغاننى كۆرمىگەنلىكىم ئۈچۈن ھەيران قالدىم.

«بۇ قېتىقنى ئۈرۈمچىدىكى دوستلىرىمغا ئېلىپ ماڭدىم» دېدى ئۆمەرجان بىزگە كۈلۈپ تۇرۇپ، ئۆمەرجان بايدىن ئۈرۈمچىگە قاتنايدىغان ئۇزۇن يوللۇق ئاپتوبۇس شوپۇرى بولغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئۈرۈمچىدىكى دوستلىرى دائىم سايرامنىڭ قېتىقىغا ئېغىز تېگەلەيدىغانلىقىدىن ناھايىتى خۇشال بولغان. بۇنىڭ بىلەن بىزنىڭ سايرام قېتىقىغا بولغان قىزىقىشىمىز تېخىمۇ ئاشتى.

ھازىر سايرام بازىرىدا ئۇيغۇرلارنىڭ قېتىق ئۇيۇتۇش تېخنىكىسى ئاپتونوم رايوننىڭ بىرىنچى تۈركۈمدىكى «قوغدىلىدىغان غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراس ئەسەرلىرى»نى باھالاشقا قاتناشتۇرۇلدى. سايرام قېتىقى ھازىر تېخىمۇ ياخشى قوغداشقا ئىگە بولۇشتىن ئۈمىد بار.

## ئەنئەنىگە ۋارىسلىق قىلىش

شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى شەھەرلىرىدىكى تاللا بازارلىرى ۋە

كوچىلاردا قېتىق يېڭى لىباسلارغا ئورىنىپ ئۆزىنى كۆرسەتمەكتە. ئاياللار يېڭى ئۇيۇتۇلغان قېتىقنى داستىخانغا چىگىپ بازارغا ئەكېلىپ تاۋارلاشتۇرماقتا. ئىچكىرى ئۆلكىلەردىن تۇنجى قېتىم شىنجاڭغا كەلگەن كىشىلەرنىڭ بازاردىنلا تەملىك قېتىقلارنى سېتىۋېلىشقا بولىدىغانلىقىدىن ھەيران قېلىشى ئەجەبلىنەرلىك ئەمەس. تاللا بازارلىرىدا ھەرخىل نەپىس قاچىلانغان، ئېلانلىرى كىشىنى جەلپ قىلىدىغان قېتىق مەھسۇلاتلىرى بازارغا سېلىنغان بولسىمۇ، «سايرام قېتىقى» يەنىلا ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلەپ كەلمەكتە. «سايرام قېتىقى» ئاپتونوم رايوننىڭ قوغدىلىدىغان غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسى ئەسەرلىرىنى باھالاشقا يوللاندى. ئۇنداقتا «سايرام قېتىقى» نىڭ قانداق سېھرىي كۈچى بار؟

12-ئاينىڭ 5-كۈنى بىز سايرام بازارلىق پارتكومىنىڭ ئەزاسى، ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتىنىڭ شۇجىسى قۇربان سىدىق قاتارلىقلارنىڭ ھەمراھلىقىدا، سايرام بازىرىدىكى قېتىقچى تۇراخان تۇراپنىڭ ئائىلىسىگە كىردۇق، ئۇنىڭ ھويلىسىغا كىرىشىمىز بىلەنلا كەڭ ھويلىدىكى تۈكلىرى پارقىراپ تۇرغان ئۈچ موزايلىق ئىنەكنى كۆردۇق. بۇنىڭدىن ئۇنىڭ «قېتىقچى» لىقى مانا مەن دەپ چىقىپ تۇراتتى.

تۇراخان سېمىزرەك ئايال بولسىمۇ ھەرىكىتى چاققان، ئۇ قېتىق ئۇيۇتقاندا يېنىدا 20 ياش ئەتراپىدىكى قىزى قۇربانگۈل ئۇنىڭغا ھەمكارلىشىپ بېرەتتى. ئۇ بۇ ئائىلىدىكى 4-ئەۋلاد قېتىقچى ئىكەن.

سۈت سېغىش ئەلۋەتتە قېتىق ئۇيۇتۇشنىڭ بىرىنچى قەدىمى. بۇ قارىماققا ئاددىي بولسىمۇ، ئەمما سۈتنىڭ سۈپىتىنىڭ قانداق بولۇشى قېتىقنىڭ سۈپىتى بىلەن بىۋاسىتە مۇناسىۋەتلىك. بۇ جايدىكى كىشىلەر سېرىق كالىنىڭ سۈتى بىلەن قېتىق ئۇيۇتۇشقا

خۇشتار ئىكەن. گەرچە سېرىق كالىنىڭ سۈتى ئاز بولسىمۇ، ئەمما تەمى ياخشى ئىكەن. بۇمۇ سايرام قېتىقىنىڭ سۈپىتىنىڭ ياخشىلىقىنىڭ مۇھىم سەۋەبلىرىدىن بولسا كېرەك.

تۇراخاننىڭ قولىنىڭ تېز رىتىملىق ھەرىكىتى بىلەن سۈت ئۈزۈلمەي چېلەككە چۈشمەكتە. بىردەمدىلا بىر چېلەك توشتى. تۇراخان «بۇنداق قىلغاندا سۈتتىكى سۇ تەركىبى تولۇق پارغا ئايلىنىپ چىقىپ كېتىدۇ، سۈتنىڭ قويۇقلۇقى ئاشىدۇ، قېتىق تەملىك بولىدۇ» دەپ تونۇشتۇردى. قاينىتىلغان سۈتنى تۇراخان چىنىلەرگە ئۇسقاندىن كېيىن، بىر چىنە ئۇيۇتۇلغان قېتىقنى ئېلىپ «مانا بۇ قېتىقنىڭ مۇھىم خام ماتېرىيالى كۆنەلگە» دەپ تونۇشتۇردى. قېتىق ئۇيۇتقۇچىلار ھەر قېتىم قېتىقتىن كۆنەلگە ئېلىپ قېلىپ كېيىنكى قېتىم قېتىق ئۇيۇتۇشقا ئىشلىتىدىكەن.

تۇراخان ھەربىر چىنىگە بىر قوشۇقتىن كۆنەلگە سېلىپ تەكشى ئارىلاشتۇرغاندىن كېيىن، ھەربىر چىنىنىڭ ئۈستىنى تۆت چاسا كىچىك تاختا ياغاچ بىلەن ياپتى. ئاندىن نېپىز ئەديال بىلەن قەۋەتلەپ مەھكەم ياپقاندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئۇيۇشىنى كۈتۈشكە قالدى.

تەخمىنەن سەككىز سائەت ئۆتكەندىن كېيىن، ئۈستىدىكى ياپقان نەرسىلەرنى ئېلىۋېتىپ تاختا ياغاچنى ئالغاندىن كېيىن، چىنىنىڭ ئۈستىدە ساپسېرىق قايماق تۇتقان ئاپئاق قېتىق كۆرۈندى، قېتىق سوغۇق ھەم ناھايىتى تەملىك ئىدى.

لېكىن ئادەمنى ئەپسۇسلاندۇرىدىغىنى، بۇ يەردە سايرام قېتىقىنىڭ خىمىيىلىك تەركىبىنى باھالاپ بېكىتىش شارائىتى بولمىغاچقا، سايرام قېتىقىنىڭ زادى قانداق تەركىبى بارلىقىنى، ئوزۇقلۇق تەركىبى قانچىلىك ئىكەنلىكىنى ھازىرغىچە بىلگىلى بولمايدىكەن، ھازىرقى داڭقىنىڭ تارقىلىشى پەقەتلا ئۇنىڭ

ئالاھىدە تەمىدىن كەلگەنىكەن.

## «ئېشەك قېتىقى»نىڭ تارىخىي مەنبەسى

بىزنىڭ سايرامغا بېرىپ سايرام قېتىقىنى ئىچىپ كۆرمەكچى بولغىنىمىزدىن خەۋەر تاپقان دوستلىرىمىز بىزگە «ئېشەك قېتىقى»نى ئىچىپ باققىلى بارامسىلەر دەپ چاقچاق قىلىشتى. ئەمما ئۇلار بۇ نامنىڭ تارىخىي مەنبەسىنى ئېنىق چۈشەنمەيتتى. زىيارىتىمىزنىڭ چوڭقۇرلىشىشىغا ئەگىشىپ، سايرام قېتىقىغا ئائىت كۆپلىگەن ماتېرىياللارغا ئىگە بولدۇق. «ئېشەك قېتىقى» توغرىسىدىكى رىۋايەتنى يەرلىكلەرلا ئەمەس، بەلكى ئۈرۈمچى، قەشقەر قاتارلىق جايلاردىمۇ ھەممە كىشى بىلىدىكەن. ۋاقىتنىڭ ئۆزىرىشى بىلەن قېتىق توغرىسىدىكى رىۋايەت ئېغىزدىن ـ ئېغىزغا كۆچۈپ، ھازىرغا كەلگەندە نەچچە خىل سۆز- چۆچەك بارلىققا كەلگەن. ئېيتىلىشىچە، 500 يىللار بۇرۇن يەكەن خانلىقىنىڭ تۇرپاندا تۇرۇشلۇق باش ۋالىيسى ئەپىس بىر تۈركۈم ئەسكەرلىرى بىلەن سايرامغا كەلگەن. ئەسكەرلەر توساتتىن يەرلىك خەلق ئۇيۇتقان قېتىقنىڭ تەمىنىڭ ئۆزگىچە ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ، يەرلىك خەلقنى قېتىق بېرىشكە قىستىغان، ئۇ چاغدا سىرىق كالا ئاز بولغاچقا، بۇنداق چوڭ قوشۇننىڭ تەلىپىنى قاندۇرالمايدىكەن. ئاخىرى ئاھالىلەر سىرتقا قېچىپ كېتىشكە مەجبۇر بولغان. ئەسكەرلەر ئۆيمۇ ئۆي ئاختۇرۇپ قېتىق ئىزدەشكە مەجبۇر بولغان. بىر كۈنى بىر ئەقىللىق ئايال بىر ياخشى ئامالنى ئويلاپ تېپىپ، ئەسكەرلەرنىڭ ئەدىپىنى بەرمەكچى بولغان. بىر كۈنى بىر تۈركۈم ئەسكەرلەر قېتىق ئىزدەپ كەلگەندە، بۇ ئايال يۇقىرى ئاۋازدا «بۈگۈن قېتىق ئۇيۇتالمايدىغان بولدۇق، تەخەي ئېشەكنى ئېمىپ

كېتىپتۇ ئەمەسمۇ» دەپ ۋارقىراپتۇ. ئېشەك قېتىقنىڭ نامىنى ئاڭلىغان ئەسكەرلەرنىڭ كۆڭلى ئېلىشىپ قايتىپ كېتىپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىن ئەسكەرلەر سايرام خەلقىنى قېتىق بېرىشكە مەجبۇرلىمايدىغان بولۇپتۇ. ھازىرمۇ كۆپلىگەن كىشىلەر بۇ يەردىكى كىشىلەرگە «ئېشەك قېتىقى ئىچتىڭىزمۇ» دەپ چاقچاق قىلىشىدىكەن. يەرلىك كىشىلەر «ھازىر ئېشەك قېتىقى يوق، كالا قېتىقى بار» دەيدىكەن كۈلۈپ تۇرۇپ.

«سايرام» دېگەن سۆز تۈرك تىلىدا سۇزۇك سۇ دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ، شۇنداقلا بەخت تىلەش دېگەن مەنىسىمۇ بار. سايرام بازىرى ناھىيە بازىرىنىڭ شەرقىي تەرىپىگە جايلاشقان بولۇپ، ناھىيە بازىرىغا 38 كىلومېتىر كېلىدۇ. جەنۇبىي تەرىپى مۇزات دەرياسىغا تۇتىشىدۇ. ئومۇمىي كۆلىمى 971.75 كۋادرات كىلومېتىر، تەۋەسىدە 15 مەمۇرىي كەنت، بىر چارۋا مەيدانى بار. 2000 ـ يىلىدىكى ستاتىستىكىدا بازاردا 2772 ئائىلە، 15320 نوپۇس بار. ھازىرقى سايرام بازىرى ناھىيە بويىچە ئەڭ چوڭ بازار. تارىختىكى سايراممۇ «يىپەك يولى»دىكى مۇھىم ئۆتەڭ ئىدى.

بۇ يەرنىڭ زېمىنى مۇنبەت بولۇپلا قالماستىن، تەبىئىي بايلىقىمۇ مول، قويۇق تارىخىي مەدەنىيەتكە ئىگە. مەسىلەن: تارىختا ئۆتكەن ئاتاقلىق راھىب كۇماراجىۋا بۇ يەردە بۇددا پائالىيىتى ئېلىپ بارغان. ئاتاقلىق ئالىم، تارىخشۇناس موللا مۇسا سايرامى ۋە ھازىرقى زامان ۋەتەنپەرۋەر شائىر نىمشېھىت ئەرمىيا داموللاھاجى بۇ جايدا دۇنياغا كېلىپ، ئۆسۈپ يېتىلىپ، ئۆزلىرىنىڭ قىممەتلىك ئەسەرلىرىنى يارىتىپ قالدۇرغان.

بۇنداق چوڭقۇر تارىخىي ئارقا كۆرۈنۈش ئاستىدا، قېتىقنى ئۆز ئىچىگە ئالغان يېمەك ـ ئىچمەك مەدەنىيىتى گۈللىنىشكە باشلىدى. قەدىمىي غەربىي دىيارنىڭ بۇ خىل كۆچمەن چارۋىچىلىقنى ئاساس قىلغان ئالاھىدە مۇھىتىدا ئۇسسۇزلۇقنى

قاندۇرىدىغان، ئاچلىقنى باسالايدىغان قېتىقمۇ كىشىلەرنىڭ تاللاپ ئىستېمال قىلىدىغان يېمەكلىكىگە ئايلاندى. قېتىق ئۇيۇتۇش توغرىسىدىكى يەنە بىر ھېكايىدىمۇ، قەدىمىي سايرامدا قېتىقنىڭ ھەقىقەتەن ئۇزاق ئەنئەنىگە ئىگە ئىكەنلىكى قەيت قىلىنغان: بىر كۈنى بىر چارۋىچى ئېشىپ قالغان سۈتنى بىر تۇلۇمغا قاچىلاپ ئېلىپ قويغان، ئەتىسى قارىسا سۈت ئېچىپ قالماستىن، بەلكى تېخىمۇ تەملىك بولۇپ ئۇيۇپ قالغان. شۇنىڭدىن باشلاپ قېتىق ئۇيۇتۇش شۇ يەرلىك خەلق ئارىسىدا كەڭ تارقالغان.

## ئەنئەنىگە ۋارىسلىق قىلىشنىڭ مۇساپىسى ئۇزۇن، ۋەزىپە ئېغىر

گەرچە «ئۇيغۇرلارنىڭ قېتىق ئۇيۇتۇش تېخنىكىسى» ھازىر تېخى يوقاپ كېتىش گىردابىغا بېرىپ قالمىغان بولسىمۇ، لېكىن داۋاملىق تەرەققىي قىلدۇرۇش مەسىلىسىنى ئويلىنىشقا ئەرزىيدۇ. 12 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى ناھىيىنىڭ غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسىنى ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈشكە ھەم بۇ تۈرنى ئىلتىماس قىلىش خىزمىتىگە قاتناشقان ناھىيىلىك پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى تۇنىياز تۇراپ بىزگە مۇنداق دېدى: بۈگۈنكى كۈندە سايرام قېتىقىنى ئىشلەپچىقىرىشنى كېڭەيتىش ۋە داڭلىق ماركا يارىتىشتا ھەل قىلىشقا تېگىشلىك مەسىلىلەر خېلى كۆپ، يەرلىك خەلقنىڭ ئۆزى ئۇيۇتۇپ ئۆزى ئىستېمال قىلىش قارىشىنى ئۆزگەرتىش، سۈت ئىشلەپچىقىرىش مىقدارى تەمىنلەشنى قاندۇرماسلىق مەسىلىسىنى ھەل قىلىش، ساقلاش، ئوراپ قاچىلاشتىكى تېخنىكىلىق مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشقا

توغرا كېلىدۇ. بۇلار سايرام قىيتىقىنىڭ تەرەققىي قىلدۇرۇشتىكى جىددىي مەسىلىلەر.

بۇ بازارنىڭ توقاچ كەنتىنى مىسال قىلغاندا، ئادەتتە قىيتىق ئۇيۇتىدىغان ئائىلىلەر 60% كە يېتىدىكەن، ئەمما قىيتىقنى بازارغا ئاپىرىپ ساتىدىغان ئائىلىلەر 10% كىمۇ يەتمەيدىكەن. بىز بازارغا قىيتىق ئاپىرىپ ساتىدىغان ـ ساتمايدىغانلىقىنى سورىغاندا، تۇراخان تۇراپ كۆلۈپ تۇرۇپ، «ئۆزىمىزگە تۇشلۇق ئۇيۇتىمىز، سېتىشقا ئاشمايدۇ» دەپ جاۋاب بەردى. ئائىلىسىنىڭ يۈكى ئېغىر بولغاچقا، كالا ـ قويلارنى بېقىش، كۆندە ئۈچ ۋاق تاماق ئېتىش، ئۆينىڭ باشقا ئىشلىرى بىلەن ئالدىراش ئىكەن. ئائىلىسىدە ئۈچ كالىسى بولۇپ، باشقا ئائىلىلەردىن كۆپ بولسىمۇ، لېكىن سۈت مىقدارى ئاز بولغاچقا، قىيتىق ئۇيۇتۇپ سېتىشقا سۈت ئازلىق قىلىدىكەن. تۇنىياز تۇراپنىڭ ئېيتىشىچە، يەرلىك خەلقلەر ئۆزى ئۇيۇتۇپ ئۆزى ئىستېمال قىلىشقىلا ئادەتلەنگەچكە، شۇ جاينىڭ ئۆزىدە پۇل خەجلەپ قىيتىق ئېلىپ ئىچىدىغانلار ئىنتايىن ئاز ئىكەن، ئەگەر قىيتىق ئۇيۇتۇپ ساتماقچى بولسا، سىرتقا بېرىپ سېتىشقا توغرا كېلىدۇ. مۇنداقتا قاچىلاش، ساقلاش بىر مەسىلە بولۇپ ئەنئەنىۋى ئۇسۇلدىكى چىنە قىيتىقى مۇۋاپىق كەلمەيدىكەن.

شۇڭلاشقا بۇ تۇرنىڭ ۋارىسلىق قىلىش مەسىلىسىدە تەپسىلىي قوغداش پىلانى تۈزۈلگەن. قۇرۇلۇش ئالدىدا تۇرغان ناھىيە ـ يېزا ئىككى دەرىجىلىك «قىيتىق» تەتقىقاتى ۋە ياساش ـ ۋارىسلىق قىلىش مەركىزىنىڭ يېتەكچىلىكىدە، سايرام قىيتىقى داڭلىق مەھسۇلاتقا ئايلىنىپ، ناھىيىنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىيات يېڭى تۈرىگە كىرگۈزۈلۈپ، بۇ تۈرنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئىقتىسادىي جەھەتتىن قوللاشقا ئىگە بولغۇسى.

بىز ناھىيىدە بۇ تۇرنىڭ «كەلگۈسى بەش يىللىق قوغداش

پىلانى»دىن، قېتىق ياشاشتىكى ئىختىساسلىقلار قوشۇنى مېخانىزمىنى بەرپا قىلىش، مەخسۇس تېخنىكا بويىچە تەربىيىلەش، داڭلىق ماركا يارىتىش، رېتسېپنى تەڭشەش، تورلاشتۇرۇش، كىتاب نەشر قىلىش قاتارلىق ھەرخىل تەدبىرلەرنىڭ بارلىقىنى كۆردۇق. بەلكىم مەلۇم بىر كۈنى كۆپچىلىك تاللا بازارلىرىدا بىر خىل داڭلىق ماركىلىق قېتىق مەھسۇلاتىنى كۆرۈشى مۇمكىن. ئۇ بولسىمۇ «سايرام قېتىقى»دۇر.

# تېرەك تەبىئىي ئورمانلىقى

تېرەك ئورمانلىقىنىڭ باي ناھىيە بازىرى بىلەن بولغان ئارىلىقى 50 كىلومېتىر كېلىدۇ. بۇ ئورمان باغچىسىغا بارىدىغان ئەگرى-بۈگرى يولنىڭ ئىككى تەرىپى يېشىللىققا پۈركەنگەن، يول بويىدىكى يېشىللىقنى بويلاپ ماڭغاندا، قاپسىلاڭ دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىنىغا تېرەك تەبىئىي ئورمانزارلىقى جايلاشقان. ماشىنا بىلەن دەريا ۋادىسىنى بويلاپ ماڭغاندا بۇ گۈزەل باغچىغا يېتىپ بارغىلى بولىدۇ.

تېرەك ئورمان باغچىسىدىكى ئۆسۈملۈكلەر تامامەن ئىپتىدائىي شەكىلدىكى تەبىئىي ئېكولوگىيىلىك ھالەتتە ئۆسكەن بولۇپ، ھەرگىز سۈنئىي ئۆسۈلدا قىرقىپ ياكى ياساپ گۈزەللەشتۈرۈلگەن ئەمەس. بۇ يەردىكى ياغاچ غوللۇق ئۆسۈملۈكلەردىن سىمۇن تېرىكى، قارىياغاچ، سۆگەت قاتارلىقلار ئاساسىي ئورۇندا تۇرىدۇ. ئۇنىڭدىن قالسا، چوڭ ھەجىمدىكى چاتقاللار ۋە يېرىم چاتقاللار، ياۋا جىغان، ئاق، سېرىق گۈل ئېچىلىدىغان ياۋا ئازغانلار، تىكەنلىك لويىلا ۋە يوغان-يوغان يۇلغۇن ھەم سۆكسۆكلەر ئارىلاش ئۆسىدۇ. ئارىلاش ئۆسكەن ئۆسۈملۈكلەر ئارىسىدا ياۋا ئوت-چۆپلەردىن قومۇش، بەدىيان، ئادراسمان، چاققاق، بۇدۇشقاق، مامكاپ قاتارلىقلار بولۇپ، بۇلارنىڭ ئىچىدە چىغىرتماق، سۇس كۆل رەڭ گۈللەر ئەڭ كۆپ.

باغچىنىڭ دەل-دەرەخ ۋە ئوت-چۆپلىرى بۈك-باراقسان ۋە دولقۇنسىمان ئۆسۈپ، بىر-بىرىگە چىرمىشىپ كەتكەن. ئۆسۈملۈكلەرنىڭ بۇنداق تەبىئىي ھالدا ئۆسۈشى ۋە بىللە ياشاش

شەكلى كىشىلەرنىڭ روھىي ھالىتىگىمۇ تەسىر قىلىدۇ. ئورمانلىقتىكى قۇشلارنىڭ سايرىشى، ھاشاراتلارنىڭ ۋىڭىلدىشى كىشىنى تولىمۇ مەپتۇن قىلىدۇ. ياۋا گۈللەر كۆزنى چاقنىتىپ، سان-ساناقسىز كېپىنەكلەر لەپىلدەپ ئۇچۇپ تۇرىدۇ، ھەممە يەردە قۇشلارنىڭ زىل ئاۋازدا ئاغزى-ئاغزىغا تەگمەي سايراشلىرى، قۇرت-قوڭغۇزلارنىڭ چىرىلداشلىرى ئاڭلىنىپ تۇرىدۇ. تاغلار خۇددى پەردىگە ئوخشاش كەڭ تەبىئەتنى مۇھاپىزەت قىلىپ توسۇپ تۇرىدۇ. چەت-ياقا جايدىكى بۇ تەبىئىي ئورمانلىق ئىنسانلارنىڭ كېلىپ ھۇزۇرلىنىشى، ئاڭلىق ھالدا قوغدىشى ۋە ئاسرىشىغا موھتاج.

# مىڭبۇلاق تەسۋىرلىرى

مىڭبۇلاق ــ باي ناھىيىسى قىيىر يېزىسىنىڭ ئەڭ يىراق كەنتى. تەڭرىتېغىنىڭ ئىچكىرىسىدىن ئېقىپ چىققان ئېرىق سۇلىرى تاغ ئىچىدىن كېچە ــ كۈندۈز توختىماستىن خەۋەر ئېلىپ كېلىدۇ. كەنتتىكى كىشىلەر تەڭرىتېغى بىلەن بىۋاستە سۆزلىشەلەيدۇ، بۇنداق سۆزلىشىش يىل بويى داۋاملىشىدۇ. كەنتتىكى كىشىلەر ئېرىقتىكى سۇنىڭ ئىسسىق ــ سوغۇقلۇقى ئارقىلىق ھاۋارايى ئۆزگىرىشىنى پەرەز قىلالايدۇ.

كەنتتىكى بىردىنبىر تاشيول ئېرىقنى بويلاپ داۋاملاشقان بولۇپ، تاشيولنىڭ ئىككى قاسنىقىغا دەل ــ دەرەخ، ئۆيلەر ۋە ئۇلارنىڭ ئەڭ مۇھىم تۇرمۇش لازىمەتلىكلىرى جايلاشقان. تاشيولنى بويلاپ ماڭغاندا، يول بويى ھەممە يەردە دېگۈدەك تونۇر، تەڭنە، سوغا، ئات ھارۋىسى، قول ھارۋىسى قاتارلىقلار كۆزگە چېلىقىدۇ. ئوخشاش بىر ئېرىقتىن سۇغىرىلغان زېمىندىكى، ئوخشاش ئېتىزلارغا تېرىلغان بۇغداينىڭ ئۇنىدىن نان يېقىشقا ماھىر ئاياللار بىر ــ بىرىگە ئوخشاش نانلارنى ياقىدۇ.

مىڭبۇلاقتا ئەنئەنىۋى پالاسچىلىق مەدەنىيىتى ساقلىنىپ قالغان. ھازىر بۇ كەنتتىكى پالاسچىلار ئائىلىسى 30دىن ئاشىدۇ. قىيىر تاغلىرىدىن گىل، سۇرمە قاتارلىق تەبىئىي تاش بۇيۇملار؛ بوياق ئورنىدا ئىشلىتىشكە بولىدىغان زىرىق، قاراگۈل قاتارلىق ئۆسۈملۈكلەر كۆپ چىقىدۇ. شۇڭا بۇ جايدىكى ئاھالىلەر بۇرۇندىنلا ئۆز يېرىنىڭ ئەۋزەللىكلىرىگە تايىنىپ تۆگە، قوي يۇڭلىرىنى خام ئەشيا قىلىپ پالاسچىلىق مەدەنىيىتىنى بەرپا قىلغان.

يەرلىك توقۇمىچىلىق قېيىر يېزىسىنىڭ داڭقىنى چىقارغان. بولۇپمۇ مىڭبۇلاق كەنتىدە يەرلىك توقۇمىچىلىق تېخنىكىسى ۋە توقۇش تۈرلىرى ئەڭ مۇكەممەللەشكەن. بۇ كەنتتىكى ئەڭ داڭلىق پالاس توقۇش ماھىرى پەرىدىخان ياقۇپ، بىر ھەپتىدە بىر كۋادرات مېتىر پالاس توقۇشتەك نەتىجە ياراتقان. ئۇ بىر ئۆمۈر توقۇغان پالاس، گىلەم-سېلىنچا، سومكا، خۇرجۇن، بەلۋاغ-پوتىلار ۋە باشقا يەرلىك توقۇلما بۇيۇملار ئېھتىمال بىر ئاددىي توقۇمىچىلىق بۇيۇملىرى سودىگىرىنىڭ تىجارىتىدىن قېلىشماسلىقى مۇمكىن. ئۇ 14 يېشىدىن باشلاپ تاكى 40 ياشتىن ھالقىغىچە، ھەركۈنى توختىماستىن، تەكرار ھالدا مۇشۇ ئىش بىلەن شۇغۇللانغان بولۇپ، ئۇنىڭ ياشلىق باھارى ئۇ ئۆزىمۇ سەزمىگەن ھالدا توقۇلما بۇيۇملارنى توقۇش بىلەن ئۆتكەن. ئۇ ئۆزىنىڭ ھۈنىرىنى ئىككى قىزىغا ئۆگىتىشتىن سىرت، كەنتتىكى باشقا قىز- چوكانلارغىمۇ ئۆگەتكەن.

پەرىدىخان ياقۇپنىڭ داڭق قازىنىشىدىكى سەۋەب شۇكى، ئۇ توقۇغان گىلەم، سېلىنچىلارنىڭ رەڭگى ۋە گۈل-نەقىشلىرىنى ئىشلەش جەھەتتە يېڭىلىق ياراتقان. قېيىر يېزىسىنىڭ يەرلىك توقۇمىچىلىق تېخنىكىسى ئەۋلادمۇ ئەۋلاد داۋاملىشىپ كەلگەن بولۇپ، يەرلىك توقۇمىچىلىق جەھەتتىكى گۈل-نەقىشلەر، گىرۋەكلەرگە تۇتۇلىدىغان بېزەكلەر قاتارلىقلارنىڭ نۇسخىلىرى بىۋاستە ھالدا تارىخىي مەنبەلەرنىمۇ ئاساس قىلغان. پەرىدىخان ياقۇپ ئەنئەنىۋى نۇسخىلارغا ئۆزىنىڭ ئېستېتىك خاھىشىنى قوشقان ھەمدە خېرىدارلار كۆرسەتكەن لايىھە تەلىپى بويىچە گۈل-نەقىشلەرنى لايىھىلىگەن.

توقۇمىچىلىق بوياق ماتېرىياللىرىدىن ئايرىلالمايدۇ. شۇڭا قېيىرلىقلارنىڭ توقۇمىچىلىق تېخنىكىسى بىلەن ئۇلار ئىشلەتكەن بوياق ماتېرىياللىرىمۇ قەدىمىيلىككە ئىگە. ياڭاق

شۆپۈكى، ئانار شۆپۈكى، مامكاپ، قارا لەيلىگۈل قاتارلىقلار يەرلىك توقۇمىچىلىقنىڭ بوياق ماتېرىيالى ھېسابلىنىدۇ. تەڭرىتېغىدىن چىقىدىغان يەنە بىرخىل مىنېرال بوياق بىلەن قازان قارىسىمۇ يەرلىك توقۇمىچىلىقنىڭ مۇھىم بوياق ماتېرىيالى ھېسابلىنىدۇ. ھەر يىلى 6 ـ ئايدا، تەڭرىتېغىنىڭ ئىچكىرىسىدىن ئېقىپ چىققان ئېرىقتىكى سۇنىڭ سۇزۇكلۇكىدىن ئۇنىڭ تېگى كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ. بۇچاغدا كەنتتىكى كىشىلەر تاغقا كىرىپ مىنېرال بوياق ماتېرىياللىرىنى ئىزدەشكە باشلايدۇ. چۈنكى بۇچاغدا ئەتىيازنىڭ كەلكۈن پەسلى ئۆتۈپ كەتكەچكە، تاغدىكى تېمپېراتۇرىمۇ كەنتتىكىلەرنىڭ دالا پائالىيىتىگە ماس كېلىدۇ. ئېرىق سۈيىنى كۆزىتىدىغان ئادەت يەنە شۇ جايدىكى كىشىلەرنىڭ ئىلگىرىكى يىللاردا تاغقا چىقىپ ئوتۇن كېسىپ كېلىدىغان ئادىتى بىلەنمۇ مۇناسىۋەتلىك ئىدى. بۇ كەنتتىن 40 كىلومېتىر يىراقلىقتىكى تاغدا ئوخشاشمىغان رەڭدىكى ئالتە خىل رەڭلىك تاش بولۇپ، كىشىلەر بۇ تاشلارنى تېپىپ كېلىپ ئېزىش ئارقىلىق، ئۆزىگە ئېھتىياجلىق بولغان رەڭلەرنى تەڭشەپ، ئاندىن بۇ رەڭلەر بىلەن قوي يۇڭى قاتارلىق توقۇش ماتېرىياللىرىنى قازانغا سېلىپ، سۇ قۇيۇپ مۇۋاپىق قايناتقاندىن كېيىن، بۇ رەڭلەر توقۇش بۇيۇملىرىغا سىڭىپ بويىلىپ، ئۇنىڭ رەڭگى ئۆچمەيدىغان بولىدۇ. پەرىدىخان ياقۇپ ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان بىرخىل قىزىل رەڭلىك تاش بولۇپ، بۇ خىل تاشنىڭ سوقۇلمىسى باشقا مەلۇم بوياق بىلەن ئارىلاشتۇرۇلۇپ تەڭشەلسە ، ئۇنىڭ بىلەن بويالغان توقۇلمىلار رەڭدار ھەم پارقىراق، ناھايىتى كۆركەم بولىدىكەن. ئۇنىڭدىن باشقا، قېيىردىكى توقۇمىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدىغان قىز ـ ئاياللارنىڭمۇ بوياش ۋە بوياق تەڭشەش جەھەتتە ئەلۋەتتە ھەممىسىنىڭ ئۆز ئالدىغا مەخپىيەتلىرى بار.

مىڭبۇلاق كەنتىدىكى گىلەم ـ سېلىنچىلارنىڭ گۈل ـ

نەقىشلىرى قەدىمدىن تارتىپ قوللىنىپ كېلىۋاتقان نۇسخىلار بولۇپ، بەزىلىرى ئائىلىلەردىكى كونا گىلەم-سېلىنچىلارنىڭ نۇسخىلىرىدىن پايدىلىنىپ يېڭىلانغان. ئۇلاردا ھەرخىل ئۆسۈملۈكلەرنىڭ شەكىللىرى ئاساس قىلىنغان. مەسىلەن، گۈل-گىياھ ياكى ئاددىي رەڭلەردىكى گېئومېتىرىك سىزىقلار. بۇلار ناھايىتى پۇختا توقۇلغان بولۇپ، قېيىرلىقلارنىڭ ئۆزىگە خاس يەرلىك ئالاھىدىلىكىگە ۋەكىللىك قىلىدۇ.

20-ئەسىرنىڭ 90-يىللىرىنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدە، شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى تەتقىقات ئورنى، باي ناھىيىسىنىڭ قىزىل سۇ ئامبىرى قۇرۇلۇشىغا بىرلەشتۈرۈپ، قىزىل قەبرىستانلىقىدا قۇتقۇزۇش خاراكتېرلىك قېزىش ئېلىپ بارغاندا، قەبرىدىن مەلۇم ساندىكى رەڭلىك ساپال قاچىلارنى قېزىپ چىقىپلا قالماستىن، يەنە تاشقا ئايلانغان گىرىم بۇيۇمى ھەم قىزىل، قارا ئىككى خىل مىنېرال بوياق تېپىلغان.

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، مىڭبۇلاق كەنتىدىكى كىشىلەرمۇ پۇل تاپقىلى بولىدىغان كەسىپلەر ئۈستىدە ئىزدىنىپ، ئۆز ئەۋزەللىكىنى جارى قىلدۇرماقتا. ھەر دەرىجىلىك رەھبەرلىكنىڭ ئەھمىيەت بېرىشى ۋە غەمخورلۇق قىلىشى بىلەن 2007-يىلى 1-ئايدا، قېيىر يېزىسىنىڭ يەرلىك توقۇمىچىلىق كەسپى ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە قوغدىلىدىغان غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرى قاتارىغا كىرگۈزۈلدى . ھازىر ھەرقايسى كەنتلەردىكى باشلانغۇچ مەكتەپلەردىمۇ توقۇمىچىلىق سىنىپلىرى ئېچىلدى . پەرىدىخان ياقۇپ كەنتتىكى توقۇمىچىلىق تېخنىكىسى ئەڭ يۇقىرى ئايال بولغاچقا ، قىزلىرى بىلەن بىللە كەنت باشلانغۇچ مەكتىپىدىكى بالىلارغىمۇ توقۇمىچىلىق تېخنىكىسى ئۆگەتمەكتە. بۇ ئوقۇغۇچىلار يېرىم كۈن مەدەنىيەت دەرسى ئوقۇپ، يېرىم كۈن پالاس توقۇشنى ئۆگىنىۋاتىدۇ.

قېيىر يېزىسىدىكى يەرلىك توقۇمىچىلىقنىڭ قىممىتىنى بىلگەن كىشىلەر، كەنتلەردە يەرلىك توقۇمىچىلىق تېخنىكىسىغا ۋارىسلىق قىلىشنى زور كۈچ بىلەن تەشەببۇس قىلماقتا. ئىشىنىمىزكى، يېقىن كەلگۈسىدە، سەنئەتنى قىزغىن سۆيىدىغان تېخىمۇ كۆپ كىشىلەر بۇ يەردە جەم بولۇپ، بۇ قىممەتلىك ئەل ئىچى ھۈنەر-سەنئەتنى كەڭ تۈردە جارى قىلدۇرغۇسى.

# «شېئىر مېنىڭ ھاياتىم»

(شائىر زوردۇن ئىمىر بىلەن سۆھبەت )

*يېقىندا شائىر زوردۇن ئىمىرنىڭ «سەھرادىكى چىغىر يول» ناملىق ئىككى توملۇق شېئىرلار توپلىمى نەشر قىلىنىپ ئوقۇرمەنلەر بىلەن يۈز كۆرۈشتى. باي ناھىيىلىك تەشۋىقات*



*بۆلۈمى، ناھىيىلىك ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى . . . قاتارلىق ئورۇنلار بۇ شېئىرلار توپلىمىنىڭ نەشر قىلىنىش مۇناسىۋىتى بىلەن 2008 - يىل 9 - ئاينىڭ 2 - كۈنى مەخسۇس سۆھبەت يىغىنى ئېچىپ، توپلامنىڭ مەزمۇن ۋە بەدىئىي قۇرۇلما جەھەتتىكى مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى مۇئەييەنلەشتۈردى . مەن زوردۇن*

*ئىمىرنىڭ ئىجادىيەت مېۋىسىنى قوتلۇقلاش يۈزىسىدىن بۇ سۆھبەت خاتىرىسىنى كىتابخانلارنىڭ ھوزۇرىغا سۇندۇم.*

قۇربان مولنىياز: ئالدى بىلەن سىزنىڭ «سەھرادىكى چىغىر يول» ناملىق ئىككى توملۇق شېئىرلار توپلىمىڭىزنىڭ نەشر قىلىنىپ تارقىتىلغانلىقىنى قىزغىن تەبرىكلەيمەن. سىز يېقىنقى يىللاردىن بويان ھايات، تەبىئەت ۋە ئىنسان ۋۇجۇدىدىكى يارقىن گۈزەللىكنى، ئالىيجاناب تۇيغۇلارنى ئاساسىي تېما قىلىپ، مەزمۇن ۋە بەدىئىي قۇرۇلما جەھەتتىكى ئۆزگىچە ئالاھىدىلىككە ئىگە مول ھوسۇللۇق شېئىرلىرىڭىز بىلەن كىتابخانلارنىڭ قەلب تۆرىدىكى ھۆرمەتكە لايىق شائىر بولۇپ قالدىڭىز. بۈگۈنكى سۆھبەت مۇناسىۋىتى بىلەن ئۆزىڭىزنىڭ ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللىنىش جەريانىڭىزنى قىسقىچە سۆزلەپ بەرگەن بولسىڭىز.

زوردۇن ئىمىر: مەن بىلەن قىممەتلىك ۋاقتىڭىزنى سەرپ قىلىپ سۆھبەتلەشكىنىڭىزگە رەھمەت. مېنىڭ بۇ قېتىم «سەھرادىكى چىغىر يول» ناملىق ئىككى قىسىملىق شېئىرلار توپلامىم شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنىپ جامائەتچىلىك بىلەن يۈز كۆرۈشتى، مەن بۇنىڭدىن ئىنتايىن خۇشال. مەن 1953 ـ يىلى 6 ـ ئايدا باي ناھىيىسىنىڭ سايرام يېزىسىدا دېھقان ئائىلىسىدە تۇغۇلغان، بىرەر نەرسىنى بىلگۈدەك بولسام شۇ چاغدىكى سەھرالارنىڭ قاينام ـ تاشقىنلىق ھاياتى مېنىڭ كۆز ئالدىمغا كەلدى. ... كۆزلەر، ئاشقىنلىق ھاياتى مېنىڭ گۈدەك قەلبىمگە ئۆچمەس نەقىشلەرنى ئويۇپ، پۈتمەس ـ تۈگىمەس ئىزگۈ خىيال دەرياسىغا مەپتۇن قىلغانىكەن، دادام ئىمىر ئوسمان شۇ مەھەللىنىڭ ھۆرمەتكە لايىق ئەلنەغمىچىسى، خەلق قوشاقچىسى بولۇپ، ئۇنىڭ توي ـ تۆكۈن، مەشرەپ سورۇنلىرىدا كىشىلەرنىڭ خاراكتېر، مىجەز ـ خۇلق، ئۇسلۇبلىرىغا تەڭكەش قىلىپ ئېيتقان يۇمۇرلۇق، مول مەزمۇنلۇق ناخشا ـ قوشاق، ھەزىل ـ چاقچاقلىرى ماڭا

ئۇنتۇلغۇسىز تەسىراتلارنى بېرىپ، سەبىي قەلبىمدە ئەدەبىيات-سەنئەتنىڭ بىخلىرىنى يېتىلدۈرگەنىدى، مەن 1-سىنىپتا ئوقۇۋاتقان چاغلىرىمدا (1961-يىلى) دادام باي ناھىيىسىدە يۈز بەرگەن ئاپەت «ئاشلىق ۋەقەسى» دە قازا تاپتى، شۇنىڭ بىلەن ئائىلىدىكى بەش بالا ئاپامنىڭ تەربىيىلىشى بىلەن چوڭ بولدۇق، ئۇ چاغلاردا يېزىدا توك چىراغ يوق، بىز ئاخشاملىرى قارا چىراغ يورۇقىدا تاپشۇرۇقىمىزنى ئىشلەپ بولغاندىن كېيىن، ياز كېچىسىنىڭ ئايدىڭلىرىدا ھويلىدا-سۇپىدا، قىشنىڭ ئۇزۇن تۈنلىرىدە ئىسسىق كاڭلاردا ھۇزۇرلىنىپ يېتىپ ئاپامنىڭ ھېكايە، چۆچەكلىرىنى ئاڭلايتتۇق، ئاپام ناھايىتى ئىشچان، پاكىز، غۇرۇرلۇق، ئاغزىدىن شېئىر-قوشاقلار تۆكۈلۈپ تۇرىدىغان ئاق كۆڭۈل سەھرا ئايالى بولۇپ، مەن ئاپامنىڭ سۆزلەپ بەرگەن جەڭنامە، چۆچەك-داستانلىرىدىن ناھايىتى زوقلىناتتىم. كېيىن مەكتەپنىڭ سەنئەت كۇرۇژوكىغا قاتنىشىپ كىچىك ئارتىس بولدۇم ھەمدە كىچىك-كىچىك سەنئەت نومۇرلىرىنى يېزىپ مەكتەپ سەھنىسىدە ئوينىدىم. بۇ ئەھۋال مەن ئوتتۇرا مەكتەپكە كىرگەندىن كېيىنمۇ داۋاملاشتى. ئوتتۇرا مەكتەپتە بىزنىڭ ئەدەبىيات ئوقۇتقۇچىمىز مەرھۇم ئۇستازىم ئابدۇكېرىم داۋۇت بىزگە ل. مۇتەللىپنىڭ «بۇ مېنىڭ ياش غۇنچە گۈلۈم ئېچىلاتتى»، «يىللارغا جاۋاب»، «خىيالچان تىلەك»... قاتارلىق شېئىرلىرىنى دېكلاماتسىيە قىلىپ مەنىسىنى چۈشەندۈرەتتى. كېيىنچە مەن نىمشېھىت، تېيىپجان ئېلىيېۋ، ئابدۇكېرىم خوجايوف قاتارلىقلارنىڭ ئەسەرلىرى بىلەن تونۇشتۇم، بۇنىڭ بىلەن ئەدەبىي ئىجادىيەتكە بولغان قىزىقىشىم ھەسسىلەپ ئاشتى، بىراق «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» تۈپەيلىدىن بۇ جەھەتتە سىستېمىلىق بىلىم ئېلىش پۇرسىتىگە ئىگە بولالمىدىم، ئەمما مېنىڭ بۇ جەھەتتىكى قىزىقىشىم سۇۋۇپ قالمىدى، مەن

تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتكۈزۈپ خىزمەتكە قاتنىشىپ ئالتە يىل ئۆتكەندە (1976 ـ يىلى كۈزدە) باشقىلارنىڭ قولىدا «شىنجاڭ ئەدەبىيات ـ سەنئىتى» دېگەن ژۇرنال (هازىرقى «تارىم») نىڭ يېڭى يېزىقچە نۇسخىسىنى كۆرۈپ قالدىم ۋە ئۇنى ئارىيەتكە ئېلىپ ئوقۇپ چىققاندىن كېيىن شۇ ژۇرنالنىڭ تورتكىسىدە يازغانلىرىمنى رەتلەپ دەسلەپكى قەدەمدە شۇ ژۇرنالغا ئەۋەتتىم، بىراق ئەسەرلىرىم ئېلان قىلىنمىدى، ئەمما ژۇرنال نامىدىن پات ـ پات خەت ـ ئالاقىلەر كېلىپ تۇردى. 1979 ـ يىلى مېنىڭ بىر خىزمەتدىشىم غۇلجىغا تۇغقان يوقلاشقا بېرىپ زوردۇن سابىر ئەپەندى بىلەن ئۇچرىشىپ قايتۇ، زوردۇن سابىر ئۆزىنىڭ ئۇرۇمچىدە نەشرىيات ئورۇنلىرىدا ئىشلەيدىغانلىقىنى، غۇلجىغا كىتاب يازغىلى كەلگەنلىكىنى ئېيتىپ گەپ ئارىلىقىدا مېنى سوراپتۇ ۋە مېنىڭ قەلىمىمدە ئۈمىد بارلىقىنى، داۋاملىق يېزىپ تۇرۇشۇمنى تەۋسىيە قىپتۇ، مەن بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ناهايىتى هاياجانلاندىم ۋە قولۇمغا قايتىدىن قەلەم ئېلىپ شېئىرلارنى يېزىپ مەتبۇئاتلارغا ماڭدۇردۇم، مېنىڭ تۇنجى ئەسىرىم 1980 ـ يىلى يانۋاردا «ئاقسۇ گېزىتى» دە ئېلان قىلىندى، كېيىنچە «تارىم» ژۇرنىلى، « شىنجاڭ گېزىتى» قاتارلىق نوپۇزلۇق گېزىت ـ ژۇرناللارغىمۇ ئەسەر ئەۋەتتىم، ئۇنىڭدىن بىر قىسمىلىرى ئېلان قىلىندى، شۇ يازغانچە يېزىۋەردىم، مانا هازىرغىچە 28 يىل ئۆتۈپتۇ، بۇ جەرياندا هەرقايسى مەتبۇئاتلاردا 1500 پارچىدىن ئارتۇق شېئىر ۋە ئىككى پارچە داستانىم ئېلان قىلىندى («ئاقسۇ ئەدەبىياتى» ۋە «ئاقسۇ گېزىتى»دە ئېلان قىلىنغىنى كۆپرەك)، بىر قىسىم كوللېكتىپ توپلاملارغا ئەسەرلىرىم كىرگۈزۈلدى، 1996 ـ يىلى قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى تەرىپىدىن «مەيىن سابا» ناملىق شېئىرلار توپلامىم (باشقىلار بىلەن بىرلىكتە) نەشر قىلىندى، بۇ قېتىم «سەهرادىكى چىغىر يول» ناملىق ئىككى

تومىلۇق كىتابىم نەشىردىن چىقتى. مەن كىتابىمغا كىرگۈزۈلگەن ئەسەرلەرنى ناھايىتى ياخشى دەپ كېتەلمىسەممۇ، ئەمما نەچچە يىللىق ئىجادىي ئەمگىكىمنىڭ يورۇقلۇققا چىققانلىقىغا ناھايىتى خۇشال.

قۇربان مولنىياز: سىز بىر چاغلاردا «شېئىر مېنىڭ ھاياتىم، ھاياتلا بولىدىكەنمەن شېئىر يېزىشنى بىر كۈنمۇ توختاتمايمەن» دېگەنىدىڭىز، ئەمەلىيەتتىمۇ شۇنداق قىلدىڭىز، سىز بىر كۆمۈر كان ئىشچىلىقىدىن ناھىيە دەرىجىلىك كارخانىنىڭ رەھبىرىي كادىرى بولغانغا قەدەر ئەسەر يېزىشنى ئىزچىل داۋاملاشتۇرۇپ كەلدىڭىز، شېئىر راستتىنلا سىزنىڭ ھاياتىڭىزمۇ؟

زوردۇن ئىمىر: بۇ سوئالىڭىز كۆڭلۈمدىكىدەك گەپ بولدى، مېنىڭ ھاياتىم شېئىر بىلەن چەمبەرچاس باغلانغان، شېئىر مېنىڭ ھاياتىم، مەيلى مەن ئادەتتىكى چاغلاردا بولسۇن ياكى رەھبەرلىك خىزمىتى ئىشلىگەن ۋاقىتلاردا بولسۇن، شېئىر يېزىشنى توختاتمىدىم، شېئىر ئارقىلىق ئانا ۋەتەننى، باتۇر، ئىشچان خەلقىمىزنى، گۈزەل سەھرالارنى، تاغ ـ دەريالارنى، خىزىر سۈپەت، پەرىشتە سىياق دېھقان ـ چارۋىچىلارنى، ئوقۇتقۇچى ـ ئۇستاز ـ باغۋەنلەرنى كۈيلىدىم، بۇنىڭدىن مەن چەكسىز ئىپتىخارلىق ھېس قىلىمەن، قىسقىسى كۆڭلۈم شېئىرسىز ئۆتمىدى، شېئىرسىز ئۆتكەن كۆنلىرىمنى قەرزداردەك ھېس قىلىمەن.

قۇربان مولنىياز: سىز ھازىرغا قەدەر «جۇڭگو مىللەتلىرى»، «تارىم»، «شىنجاڭ گېزىتى»، «ئاقسۇ ئەدەبىياتى»... قاتارلىق نوپۇزلۇق مەتبۇئاتلاردا كۆپلىگەن ئەسەرلەرنى ئېلان قىلىپسىز، ئۇنداقتا سان بىلەن سۈپەتنىڭ مۇناسىۋىتىگە قانداق قارايسىز؟

زوردۇن ئىمىر: توغرا، سىز ئېيتقاندەك مېنىڭ يېقىنقى يىللاردىن بۇيان ھەرقايسى مەتبۇئاتلاردا ئېلان قىلدۇرغان

ئەسەرلىرىم خېلى كۆپ سالماقنى ئىگىلەيدۇ، ھەتتا ئىچكىرى ئۆلكىلەردىكى گېزىت ـ ژۇرناللاردىمۇ مېنى تونۇشتۇرغانلار بولدى. بىرقىسىم ئەسەرلىرىم مۇكاپاتقا ئېرىشتى. بىرقىسىملىرىغا قەلەمداشلىرىم ئوبزور يېزىپ چاقچاق ـ ھەزىللەرنىمۇ كەلتۈرگەن بولدى. مەن ئەزەلدىن ئەسەرلىرىمنىڭ سانىغا ئەھمىيەت بېرىپ، سۈپىتىگە سەل قارىغان ئەمەس، شېئىرلارنىڭ كۆپلەپ يېزىلىپ ئېلان قىلىنىشى تۈپەيلىدىن بەزى تەكرار مەزمۇنلارمۇ سادىر بولغان بولۇشى مۇمكىن، مەن ئەسەرلىرىمنى بۇ نۇقتىدىن خالىي ئەمەس دېيەلمەيمەن. مەن گەرچە ئەسەرلىرىمنى يۈكسەك بەدىئىيلىككە كۆتۈرەلمىگەن بولسامۇ، مەزمۇن جەھەتتە ئاممىباب، چۈشىنىشلىك تىللار بىلەن ئىپادىلەشكە تىرىشتىم. ئەزەلدىن شېئىرلىرىمدا دەبدەبىلىك، چۈشىنىكسىز سۆزلەرنى ئىشلىتىپ باقمىدىم. يېڭى ئېقىمغا تەۋە بولغان گۇڭگا شېئىرلارنى يازالمىسامۇ (يېزىشنى ئويلىنىپمۇ باقمىدىم)، پىكىرىمنى ئوچۇق ـ يورۇق ئوتتۇرىغا قويالايدىغان، كىتابخانلار بىر ئوقۇپلا چۈشىنەلەيدىغان، ئۆزۈم ياخشى كۆرگەن ئۇسلۇبتا ئەسەر يازدىم، ھېسسىياتىمنى ئەركىن بايان قىلدىم. مېنىڭچە ئەسەردە سان بىلەن سۈپەتنىڭ باغلىنىشى ناھايىتى مۇھىم ، سۈپەت ئارقىلىق ساننىڭ قىممىتىنى تولۇقلىغاندىلا ئاندىن ئەسەرنىڭ ئوقۇشچانلىقى ئاشىدۇ.

قۇربان مولنىياز: سىزنى بەزىلەر «غەزەلچى شائىر، مەدھىيىنى كۆپرەك يازىدۇ» دەيدىكەن، سىزچە ئەدەبىي ئىجادىيەتتە شەكىل مۇھىممۇ، مەزمۇنمۇ؟ يۇقىرىقى پىكىرلەرگە قانداق قارايسىز؟

زوردۇن ئىمىر: بۇ سوئالنى ناھايىتى ياخشى ئوتتۇرىغا قويدىڭىز، مېنىڭچە بىر كىشىنىڭ شائىر ـ ئەدىب ئىكەنلىكىگە باھا بېرىشتە، ئۇنىڭ «ئارۇز» ياكى «بارماق» ۋەزنىدە شېئىر

يېزىشى سەۋەب بولالمايدۇ، مۇھىمى شۇ كىشىنىڭ نېمە پىكىرنى ئوتتۇرىغا قويغانلىقى، نېمىنى شەرھلىگەنلىكىگە قاراش كېرەك. شېئىرنىڭ «ئارۇز» ياكى «بارماق» ۋەزىندە يېزىلىشى بىلەن شائىرلىقنى ئۆلچەش ئەخمەقلىقتۇر. مەن ئەزەلدىن شېئىرلىرىمنى رامكىلاشتۇرۇپ ئولتۇرمىدىم. ئىلھام مېنى قاياققا سۆرىسە شۇياققا ئەگەشتىم، پىكرىم مېنى نېمىگە ئۈندىسە شۇنى دېدىم. يېڭى ـ يېڭى ئۇسلۇبتا شېئىر يازىمەن دەپ باشقىلارنى دوراپ ئەسەرلىرىمنى غۇۋالاشتۇرۇپ ئولتۇرمىدىم، دەرۋەقە مېنىڭ يازغانلىرىمدا غەزەل شەكلى كۆپرەك. بىراق بارماق ۋەزىندىكى شېئىرلارنىمۇ تاشلاپ قويمىدىم، شېئىرلىرىنى «ئارۇز» ۋەزىندە يېزىپ، غەزەل شەكلى بىلەن ئىپادىلەپ، شۆھرەت قازانغان نەۋايى، مەشرەپ، نىمشېھىت، تېيىپجان ئېلىيېف، ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر.. قاتارلىق ئاتاقلىق شائىرلىرىمىزمۇ بارغۇ، «بارماق» ۋەزىندە شېئىر يازغاننى«شائىر»دېسەك، غەزەل يازغاننى نېمە دەيمىز؟ مەن بۇ جەھەتتە « غەزەل ئەدەبىي ئەسەر ئەمەسمۇ؟» دېگەن ساتىرانىمۇ يازغان، بۇنى شۇنداق دېگۈچىلەر ئوقۇپ باقسا بولىدۇ. «مەدھىيە كۆپ» دېگەن پىكىرگە كەلسەك، مەن بۇنىڭدىن ناھايىتى خۇش، ھازىر ئۇلۇغ ۋەتىنىمىز، يۇرت ـ دىيارىمىز گۈللەپ ـ ياشناۋاتىدۇ، مەركەز يەنە ئىناق جەمئىيەت بەرپا قىلىش، سوتسىيالىستىك يېڭى يېزا قۇرۇشنى تەكىتلەۋاتىدۇ، يازغۇچى ـ شائىرلار ئۈچۈنمۇ يېزىشقا ناھايىتى كەڭ ئىمكانىيەت ـ پۇرسەتلەر يارىتىپ بېرىلدى، مانا مۇشۇنداق ياخشى شارائىت، ۋەزىيەت ئاستىدا، ياخشى ئىش، ياخشى كىشىلەرنى مەدھىيىلىسەك نېمە بوپتۇ؟!.. مېنىڭچە ئەدەبىي ئەسەردە نېمىنى كۈيلىمەكچى بولسا شۇنى كۈيلەش ـ يېزىش كېرەك. مەدھىيىنى يازماي، ئەيىب ـ نۇقسانلىرىنى كوچىلايمەن دەپ يېغىر تاپالماي ئاۋارە بولۇشنىڭ نېمە ھاجىتى؟ ئەگەر مېنىڭ شېئىرلىرىمدا مەدھىيە كۆپ

دېيىلسە، مەن بۇنىڭدىن ئەپسۇسلانمايمەن، دەرۋەقە ماختاش بار يەردە تەنقىدمۇ بولىدۇ، مەن بۇ نۇقتىنى ئالىلمقاچان تونۇپ يەتكەنمەن ۋە شۇنداق قىلغانمەن. يورۇقلۇقنىلا كۆرۈپ، قاراڭغۇلۇقنى كۆرمەسلىك ھەقىقىي ئەدىبنىڭ پەزىلىتى ئەمەس، بىراق مېنىڭ ئەسەرلىرىمنى مەدھىيىگىلا تەۋە دېسە بەك ئاشۇرۇۋەتكەنلىك بولىدۇ، ئەگەر شۇنداق دېيىلگەندە، مېنىڭ «مەجرۇھنىڭ شىكايىتى»، «بىر جانابنىڭ قىلمىشى»، «ئاڭلاڭ، سىزگە دەردىم بار»، « مەن ئاشۇنداق ئەقلى چالا بىر ئىنسان»، «ھەسەتخورنىڭ پەريادى»، «پىتنىخور»... قاتارلىق بىر بۆلۈك



ساتىرىك ئەسەرلىرىمنى نېمە دەپ چۈشەندۈرۈش مۇمكىن؟ مەن پىكىرلەرنى ئوتتۇرىغا قويغاندا ئەتراپلىق، ئىلمىي، سەممىي بولۇشنى ئۈمىد قىلىمەن.

قۇربان مولنىياز: يېقىندا «سەھرادىكى چىغىر يول» ناملىق ئىككى توملۇق شېئىرلار توپلىمىڭىز شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنىپ ئوقۇرمەنلەرنىڭ ياخشى باھاسىغا ئېرىشتى. بۇ شېئىرلار توپلىمىڭىز ھەققىدە قىسقىچە

توختالغان بولسىڭىز.

زوردۇن ئىمىر: مەن بۇ توپلامنى ئۆتكەن يىلى يازدا نەشرىيات ئورۇنلىرىغا تاپشۇرغانىدىم، بۇ يىل 6-ئايدا رەسمىي نەشر قىلىنىپ ئوقۇرمەنلەر بىلەن يۈز كۆرۈشتى. كىتاب تارقىتىلغاندىن كېيىن كەڭ ئامما ياخشى باھالارنى بېرىپ مېنى قۇتلۇقلىدى. شىنجاڭ خەلق رادىئو ئىستانسىسى ئەدەبىيات-سەنئەت بۆلۈمى بۇ توغرىدا مەخسۇس ئاڭلىتىش بېرىپ ئىجادىي پائالىيىتىمنى تونۇشتۇردى، شېئىرلىرىمنى تەكرار دېكلاماتسىيە قىلىپ ئاڭلاتتى. كىتاب باي ناھىيىسىگە يېتىپ كەلگەندىن كېيىن، ناھىيىمىزدىكى ھەر دەرىجىلىك رەھبەرلەر ۋە ئامما قىزغىن كۆڭۈل بۆلدى. ناھىيىلىك پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمى، ناھىيىلىك ئەدەبىيات-سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى، ناھىيىلىك تارىخ-تەزكىرە ئىشخانىسى، ناھىيىلىك مەدەنىيەت-تەنتەربىيە، رادىئو-تېلېۋىزىيە ئىدارىسى قاتارلىق ئورۇنلار بىرلىكتە مەخسۇس كىتاب تارقىتىش سۆھبەت يىغىنلىرىنى ئورۇنلاشتۇرۇپ، مۇناسىۋەتلىك خادىملارنى مەن بىلەن ئۇچرىشىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلدى.



يىغىندا يولداشلار قىزغىن پىكىر قىلىپ مېنى ئىلھاملاندۇردى ھەمدە ئارزۇ-تىلەكلىرىنى بىلدۈرۈپ مېنىڭ بۇنىڭدىن كېيىنكى ئىجادىيەتلىرىمگە مۇۋەپپەقىيەت تىلىدى. قىسقىسى يىغىندا ناھىيىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى تىلىۋالدى لىتىپ ئەپەندى، سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن

رەئىسى ھوسەن توختى ئەپەندى قايتا ـ قايتىلاپ پىكىر قىلىپ، مېنىڭ موللا موسا سايرامى، نىمشېھىت قاتارلىق پېشۋالارنىڭ ئىرادىسىگە ۋارىسلىق قىلىپ، كېيىنكى موساپەمدە قەدىمىمنى تېخىمۇ چوڭ ئېلىپ، «سەھرادىكى چىغىر يول»دىن يەنىمۇ داغدام يوللارغا يۈرۈش قىلىشىمنى تەۋسىيە قىلدى. مەن بۇنىڭدىن ئىنتايىن خۇشال بولدۇم ۋە شۇنداق قىلىش نىيىتىگە كەلدىم.

قۇربان مولنىياز: سىز شۇنچە كۆپ شېئىرىي ئەسەرلەرنى ئىجاد قىلىشتا تېما كىرىزىسى، ئىلھام قەھەتچىلىكىگە يولۇقۇپ باقتىڭىزمۇ، بۇ ھەقتە سۆزلەپ بەرگەن بولسىڭىز.

زوردۇن ئىمىر: مەن ئەسەر يېزىشتا تېما كىرىزىسى، ئىلھام قەھەتچىلىكىگە ئۇچراپ باقمىدىم، ئەمما قىيىنچىلىقلارمۇ ئاز ئەمەس. مەن شېئىرىي ئىلھامنى رېئال تۇرمۇشتىن ئالىمەن، ھەقىقىي تېمىنى ئەسەر يېزىلىپ بولغاندىن كېيىن بېكىتىمەن، بىز يازايلى دېسەك نۇرغۇنلىغان يېڭى تېمىلار، يېڭى ئىلھاملار بىزنى كۈتۈۋېتىپتۇ، بىراق ئۇنى ھەقىقىي شېئىرىي يۇكسەكلىككە كۆتۈرۈش ئاپتوردىن يۇقىرى بەدىئىي ماھارەتنى تەلەپ قىلىدۇ. بۇ ئادەتتە ھەرگىز بىر ـ ئىككى پارچە خەۋەر ماقالە يازغاندەك ئاددىي ئىش ئەمەس، شۇڭا ئاپتوردا يۇكسەك مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى بولۇشى كېرەك، ئەسلا يەڭگىللىك بىلەن خۇلاسە چىقىرىشقا بولمايدۇ.

قۇربان مولنىياز: ئىجادىيەت مېۋىلىرىڭىز ئىچىدە سىز ئەڭ ياقتۇرىدىغىنى قايسى؟ قانداق مۇكاپاتلارغا نائىل بولدىڭىز؟

زوردۇن ئىمىر: ئىجادىيەت مېۋىلىرىم ئىچىدە مەن ئەڭ ياقتۇرىدىغان ئەسەرلەر خېلى كۆپ، بىراق ئاساسلىقلىرى «خاڭچى ناخشىسى»، «سەھرا سۆيگۈسى» قاتارلىق داستانلار ۋە «گۈل سەھرالار، گۈزەل سەھرالار»، «ئۆلمەس كۈيدۇر ئىجادىيەت ـ كەشپىيات»، «سەپەر ئىلھاملىرى»، «مەجرۇھنىڭ شىكايىتى»،

«ئاڭلاڭ، سىزگە دەردىم بار»، «نېمە دېسە دەۋەرسۇن»... قاتارلىق ئەسەرلەر. ئەمما مەن بۇ ئەسەرلىرىمنى ئىجادىيىتىمنىڭ يۇقىرى پەللىسى دەپ قارىمايمەن. بۇنىڭدىن كېيىن كىتابخانلار سۆيۈپ ئوقۇيدىغان نادىر ئەسەرلەرنى ئىجاد قىلىش ئۈچۈن تىرىشىمەن. ئەدەبىي ئىجادىيەت جەريانىدا «ئاقسۇ ئەدەبىياتى» تەرىپىدىن 2-، 3-دەرىجىلىك مۇكاپاتلارغا نائىل بولدۇم. چوڭ گېزىت-ژۇرناللاردا تېخىچە مۇكاپاتقا ئېرىشكىنىم يوق.

قۇربان مولنىياز: سىز ئەسەرلىرىڭىزدە مەزمۇن، بەدىئىي قۇرۇلما جەھەتتە ئىلگىرىلەش بولۇۋاتىدۇ دەپ قارامسىز، نېمە ئۈچۈن؟

زوردۇن ئىمىر: مەن ئەسەرلىرىمدە مەزمۇن، بەدىئىي قۇرۇلما جەھەتتە ئىلگىرىلەش بولىۋاتىدۇ دەپ قارايمەن، ھەم شۇنداق بولۇشىغا تىرىشىمەن، ئەمما بۇنىڭغا يەنىلا ئوقۇرمەنلىرىمنىڭ جاۋاب بەرگىنى تۈزۈك.

قۇربان مولنىياز: سىزنىڭ ئىجادىيىتىڭىزگە تەسىر كۆرسەتكەن يازغۇچى-شائىرلار كىملەر؟ سىز قانداق پەزىلەتكە ئىگە يازغۇچى-شائىرلارنى ئۇستاز سۈپىتىدە ھۆرمەتلەيسىز، نېمە ئۈچۈن؟

زوردۇن ئىمىر: مېنىڭ ئىجادىيىتىمگە تەسىر كۆرسەتكەن يازغۇچى-شائىرلار خېلى كۆپ، بىر-بىرلەپ ئوتتۇرىغا قويۇش ھاجەتسىز، ئاساسلىقلىرىدىن مىسال كەلتۈرسەم، ل. مۇتەللىپ، نىمشېھىت، تېيىپجان ئېلىيېۋ، ئابدۇكېرىم خوجايوف، زوردۇن سابىر، ھاجى مىرزاھىد كېرىمى، ئىمىن ئەخمىدى... قاتارلىقلار، چۈنكى مېنىڭ ئۆسمۈرلۈك دەۋرىم «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» دىكى ئەدەبىيات قەھەتچىلىكىگە توغرا كەلگەن بولغاچقا، ئالدى بىلەن يۇقىرىقىلارنىڭ ئەسەرلىرى بىلەن تونۇشتۇم، كېيىنچە روزى سايىت، مەمتىلى زۇنۇن، قۇربان بارات، مەمتىمىن ھوشۇر،

مۇھەممەتجان راشىدىن... قاتارلىقلارنىڭ ئەسەرلىرى بىلەن تونۇشتۇم. ئۇلارنىڭ ئەسەرلىرىنى ئوقۇغانسېرى ھۆرمىتىم ھەسسىلەپ ئاشتى. ئەمما شۇلارنىڭ ئىچىدە يەنە زوردۇن سابىر ئەپەندىگە بولغان ھۆرمىتىم خېلىلا چوڭقۇر، چۈنكى مەرھۇم يازغۇچىمىز زوردۇن سابىر ئەپەندى بىلەن كۆپ قېتىم ۋاستىلىك، ئىككى قېتىم بىۋاسىتە ئۇچرىشىش پۇرسىتىگە ئىگە بولۇپ تەلىم - تەربىيە ئالغانمەن. بۇنىڭ بىرى 1984 - يىلى 8 - ئاي يەنى «شىنجاڭ سەنئىتى» ژۇرنىلى بىلەن «ئاقسۇ ئەدەبىياتى» ژۇرنىلى بىرلىشىپ ئاقسۇدا «ئەدەبىي ئىجادىيەت سۆھبەت يىغىنى» ئاچقان مەزگىل، شۇ قېتىمقى يىغىن مەزگىلىدە مەن زوردۇن سابىر ئەپەندىنىڭ «كاككۇك كېلىپ قونغاندا» ناملىق ھېكايىسىنى رەتلەپ كۆچۈرۈپ بېرىش ئارقىلىق تونۇشقان (بۇ ھېكايە شۇ يىلى «ئاقسۇ ئەدەبىياتى» ژۇرنىلىغا بېرىلگەن). يەنە بىرى 1997 - يىلى 11 - ئاي دالىيەن، يەنى مېنىڭ دالىيەن تەبىئىي پەنلەر ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ شىنجاڭ ئىگىلىك باشقۇرۇش كادىرلار سىنىپىدا بىلىم ئاشۇرۇۋاتقان مەزگىلىم بولۇپ، شۇ يىلى دۆلەت رەھبىرىمىز ئىسمائىل ئەھمەدنىڭ باشچىلىقىدا شىنجاڭ يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ تەشكىللىشىدە زوردۇن سابىر، ئىدرىس بارات، ئەنۋەر ئابدۇرېھىم، ئالىمجان ئىسمائىل، مەمتېلى زۇنۇن... قاتارلىق بىر بۆلۈك يازغۇچى - شائىرلىرىمىز دالىيەن مىللەتلەر ئىنىستىتۇتىنىڭ قۇرۇلغانلىقىنى تەبرىكلەش لىنتا كېسىش مۇراسىمىغا بارغانىكەن. مەن شۇ چاغدا (1 - ئاينىڭ 17 - كۈنى) زوردۇن سابىر ئەپەندى بىلەن ئىككىنچى قېتىم بىۋاسىتە ئۇچرىشىپ بىرقانچە مىنۇت ئۆز ئارا پىكىر ئالماشتۇرۇپ سىرداشقان. شۇ قېتىمقى ئۇچرىشىش بىزگە خاسىيەتلىك دەقىقىلەرنى ئاتا قىلغانىدى. چۈنكى شۇ كۈنى دۆلەت رەھبىرىمىز ئىسمائىل ئەھمەدمۇ مەكتىپىمىز تەشكىللىگەن پائالىيەتكە

قاتنىشىپ بىز بىلەن پىكىرلىشىپ سۆرەتكە چۈشۈپ ياخشى تىلەكلىرى بىلەن خاتىرە قالدۇرغانىدى.

مەن ئادەتتە ئاق كۆگۈل، سەممىي، كۆڭۈل-كۆكسى كەڭ، كىچىك پېئىل، كەمتەر، خۇش چاقچاق، ئۆز-ئۆزىنى قەدىرلەيدىغان، ھاياتىي كۈچى ئۇرغۇپ تۇرىدىغان يازغۇچى-شائىرلارنى ھۆرمەتلەيمەن، چۈنكى ئۇلارنىڭ قەلبى بىر دەريا، شەربەت تېمىپ تۇرغان ئۆكسۈمەس بۇلاق، شۇ بۇلاقتىن ئالىممۇ-زالىممۇ، پادىشاھمۇ-پۇقرامۇ سۇ ئىچەلەيدۇ، ئۇسسۇزلۇقنى قاندۇرالايدۇ.

قۇربان مولنىياز: سىز ھازىر ئىككىنچى سەپكە چېكىنىپسىز (شىنجاڭ ياي ئېلېكتر ئىستانسىسىنىڭ تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلغۇچىسى بولۇپ ئىشلەۋېتىپسىز)، ئۇنداقتا ئىلگىرىكىگە قارىغاندا ئىجادىيەتكە يېتەرلىك ۋاقىت ئاجرىتالايسىز، بۇنىڭدىن كېيىنكى ئىجادىيەت نىشانىڭىز ھەققىدە سۆزلەپ بېرىشنى خالامسىز؟

زوردۇن ئىمىر: مەن ھازىر خىزمەتتە ئىككىنچى سەپكە چېكىندىم، ئەدەبىي ئىجادىيەتتىمۇ يېزىشقا يېتەرلىك ۋاقتىم بار بولدى. بۇ مەن ئۈچۈن ياخشى پۇرسەت. مەن بۇنىڭدىن كېيىن ۋاقتىنى قەدىرلەپ تىرىشىپ يەنىمۇ نادىر ئەسەرلەرنى ئىجاد قىلىپ ئوقۇرمەنلىرىمگە سۇنىمەن، نېمىنى يېزىشقا كەلسەك، ھازىرچە ئاشكارىلاشقا بالدۇرلۇق قىلىدۇ، ئەمما بۇمۇ مېنىڭ ئىلھامىمنى نەدىن ئىزدىشىمگە، ئىلھامنىڭ مېنى قانداق يوقلىشىغا باغلىق، مېنىڭچە يازمىغاندىن يازغان ياخشى، بىكار يۈرۈپ كۈن ئۆتكۈزگەندىن، ئاز-تولا مېھنەت قىلىپ تەر تۆككەن ياخشى، ياخشىلارنى كۈيلەشنىڭ ئۆزىمۇ بىرخىل ئاق كۆڭۈللۈك-ئالىيجانابلىقنىڭ ئىپادىسىدۇر. ئۆزىمىز يازماي، يازغاننى ياراتماي مۆگدەپ يېتىپ، كىشىلەرگە ئات قويۇپ قۇسۇر ئىزدەشنىڭ ئۆزىلا

بىرخىل ھەسەتخورلۇق، گەپ بولسا يۈزدە دېگەن ياخشى، مەن بۇنداق يارىماس ناچار ئادەتلەرنى ياقتۇرمايمەن ھەم قەلەمكەش دوستلىرىمىزنىڭمۇ شۇنداق بولۇشىنى ئۈمىد قىلىمەن، ئەدىب دېگەن «ئەدىب»تەك بولۇشى كېرەكتە! ئۆرلىگەنگە شوتا بولۇش ،كەڭ قورساقلىق مېنىڭ ياقتۇرىدىغان تۇرمۇش رىسالەم، قىسقىسى مەن كۆڭلۈمگە پۈككەن غايىلىرىمنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش يولىدا تىرىشىپ ئىزدىنىپ ئوقۇرمەنلەرنىڭ ئۈمىدىنى يەردە قويمايمەن.

قۇربان مولنىياز: سۆھبىتىمىزگە ماسلىشىپ بەرگەنلىكىڭىزگە رەھمەت، تېنىڭىزگە سالامەتلىك، تۇرمۇشىڭىزغا بەخت، ئىجادىيىتىڭىزگە مۇۋەپپەقىيەت تىلەيمەن.

# «خانتەڭرى ئەدەبىيات مۇكاپاتى»نىڭ ئالدى ـ كەينىدە

## مۇقەددىمە

ئەدەبىي ئىجادىيەتكە بولغان ئالاھىدە قىزىقىش سەۋەبىدىن بولسا كېرەك، ئەدەبىيات ـ سەنئەت ساھەسىدە بىرەر يېڭىلىق بولسىلا بەكلا خۇشال بولۇپ كېتەتتىم. جەمئىيەتتىكى ئىجتىمائىي مەسىلىلەر ئىچىدە ھەممىدىن بەك قىزىقىدىغىنىم ئەدەبىيات ـ سەنئەتكە دائىر ئىشلار ئىدى.

دوستلىرىم بىلەن بىر يەرگە جەم بولساقلا، سۆھبىتىمىز تەبىئىي ھالدىلا ئەدەبىيات ـ سەنئەت مەسىلىلىرى ئۈستىدىلا بولاتتى. رايونىمىز ئىچى ۋە سىرتىدا، ئەدەبىيات ـ سەنئەت ساھەسىدە قانداق يېڭىلىقلارنىڭ بولغانلىقى، يازغۇچى ـ شائىرلارنىڭ قانداق ياخشى ئەسەرلىرى نەشر قىلىنغانلىقى، قايسى يازغۇچى ـ شائىرلارنىڭ قايسى ئەسىرى قانداق مۇكاپاتقا ئېرىشكەنلىكى، ئوقۇرمەنلەرنىڭ قايسى بىر يازغۇچى ـ شائىرنىڭ ئەسىرىگە قانداق باھالارنى بەرگەنلىكى، قايسى ئەسىرىمىزنىڭ ئېلان قىلىنغانلىقى، قانداق ئەسەر يېزىۋاتقانلىقىمىز.. ئۈستىدە خېلى بىر ۋاقىتلارغىچە سۆھبەتلىشىمۇ سۆھبىتىمىز ئاخىرلاشمايتتى. بىرەرسىمىزنىڭ ئەسىرى نوپۇزلۇق ئەدەبىي ژۇرنالدا ئېلان قىلىنىپ قالسا، تېلېفون قىلىشىپ خۇش خەۋەر يەتكۈزۈشەتتۇق. بىر يەرگە جەم بولۇپ تەبرىكلىشەتتۇق.

# خۇشال كۆڭۈللەردىكى خۇش خەۋەر

2006 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈنى باي ناھىيىسىدىكى ئەدەبىيات ـ سەنئەت خادىملىرى ئۈچۈن بىر خۇشاللىق ئىش بولدى. بۇ كۈنى باي ناھىيىلىك ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى قۇرۇلۇپ، ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى قارىمىقىدا يازغۇچىلار جەمئىيىتى، گۈزەل سەنئەتچىلەر جەمئىيىتى، خەتتاتلار جەمئىيىتى، فوتو سۈرەتچىلەر جەمئىيىتى، مۇزىكانتلار جەمئىيىتى قۇرۇلدى.

ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى قۇرۇلۇپلا ئۇزاق ئۆتمەي، يېقىندىن ۋەزىپىگە تەيىنلەنگەن ناھىيىلىك پارتكومنىڭ شۇجىسى گاۋكېپىڭ ناھىيىمىزنىڭ ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئىشلىرىنى زور كۈچ بىلەن قوللاپ، 10 يىل ئىلگىرى نەشرگە تەييارلانغان باي ناھىيىسىنىڭ «ئۈچ توپلام»نى نەشر قىلدۇرۇش خىراجىتى ھەل قىلىپ بەردى. ئارقىدىنلا ئۇيغۇر يازغۇچى ـ شائىرلارنىڭ ئەسەرلىرىدىن تۈزۈلگەن «غايىب بولغان قەھرىمان» ناملىق ئەدەبىي توپلامنىڭ نەشر قىلىنىشى ئۈچۈن مەبلەغ جەھەتتىن ياردەم بەردى. 2007 ـ يىلى 9 ـ ئايدا ناھىيىلىك ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى مەخسۇس خىراجەت، ماشىنا ئاجرىتىپ، يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ غوللۇق ئەزالىرى ئاساس قىلىنغان باي ناھىيىلىك ئەدەبىيات ـ سەنئەت خادىملىرىنىڭ زىيارەت ئۆمىكىنى تەشكىللەپ ناھىيىمىزنىڭ ھەر قايسى يېزا ـ بازار (مەيدان)لىرىدىكى سەيلە ـ ساياھەت، مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ئورۇنلىرى، قەدىمىي ئىزلارنى زىيارەت قىلىشقا ئۇيۇشتۇرۇپ، يازغۇچى ـ شائىرلارنىڭ تۇرمۇش ئۆگىنىش پۇرسىتىنى يارىتىپ بېرىۋاتقان خۇشاللىق كۆڭۈلەرنىڭ بىرىدە، ناھىيىلىك يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ رەئىسى دوستۇم قۇربان ئىبلى تېلېفون

قىلىپ «كەچتە شادلىق رېستورانىدا يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ يىغىنى بار، ۋاقتىدا قاتنىشىپ بېرەرسىز» دەپ ئۇقتۇرۇش قىلدى. كەچتە ئىشتىن چۈشۈپلا ئۇدۇل شادلىق رېستورانىغا باردىم. بىز بىر ئايرىم خانىغا يىغىلدۇق، يىغىلغانلارنىڭ ئىچىدە ناھىيىلىك ئەدەبىيات-سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، داڭلىق خەنزۇ يازغۇچى رېن كېلياڭ. ناھىيىمىزدىكى كۆزگە كۆرۈنگەن ئەدىبلەردىن زوردۇن ئىمىر، قۇربان ئېلى، قەھرىمان روزى، ئېلى نىياز، شياۋمې، شيۇڭ چېڭفاڭلار بار ئىدى. بىز بىر تەرەپتىن تاماق يېگەچ، بىر تەرەپتىن يىغىنىمىزنى ئاچتۇق. يىغىندا رېن كېلياڭ بىزگە كېلەر يىلى «شىنجاڭ سەنئىتى» ژۇرنىلى رېداكسىيىسى بىلەن بىرلىشىپ 17-نۆۋەتلىك «خانتەڭرى ئەدەبىيات مۇكاپاتى»نى تارقىتىش يىغىنىنىڭ ناھىيىمىزدە ئېچىلىدىغانلىقىدىن ئىبارەت خۇش خەۋەرنى يەتكۈزدى ھەمدە بىزنىڭ ئەدەبىي ئىجادىيەت جەھەتتە ياخشى نەتىجە يارىتىش، جۈملىدىن «خانتەڭرى ئەدەبىيات مۇكاپاتى»غا ئېرىشىش ئۈچۈن تىرىشچانلىق كۆرسىتىشىمىزنى ئوتتۇرىغا قويدى. ھەممىمىز بەكلا خۇشال بولدۇق. «بەللى، كارامەت ئىش بوپتۇ» دەۋەتتىم ئىچىمدە مەن. مانا بۇ ھەقىقىي خۇش خەۋەر ئىدى. بىز بىردىنلا جانلىنىپ كەتتۇق.

«كىم-كىملەر كېلىدىغاندۇ ھە! كىملەرنىڭ ئەسىرى مۇكاپاتقا ئېرىشەر. بىز ‹خانتەڭرى ئەدەبىيات مۇكاپاتى›نى تارقىتىش يىغىنىغا قاتنىشالارمىزمۇ؟» دېگەنلەرنى ئويلايتتۇق. بۇ خەۋەر مېنى بەكلا خۇشال قىلىۋەتكەنىدى. ھەر قايسى ئەدەبىي ژۇرناللارنىڭ باش مۇھەررىرلىرى بىلەن يۈز كۆرۈشۈپ ئۇلار بىلەن سۆھبەتتە بولالايدىكەنمىز-دە، دەپ ئويلىدىم. ئەتىسى مەن سەھەر تۇرۇپ بۇ ئىشتىن خەۋەر تاپمىغان قەلەمكەش دوستلىرىمغا تېلېفون قىلدىم،قېيۇم مەمتىمىن، ئۆمەر ساۋۇت، ئىسكەندەر ماموت، ئۆمەرجان ئىسمائىللارمۇ بۇ ئىشتىن خەۋەر تېپىپ قاتتىق ھاياجانلاندى. بىز بۇ چاغلاردا نەگىلا بارمايلى، كىملەر بىلەن

كۆرۈشمەيلى، بىزنىڭ يەنىلا دېيىشىدىغىنىمىز «خانتەڭرى ئەدەبىيات مۇكاپاتى» ھەققىدە بولاتتى. بىزنىڭ بۇ چەت تاغلىق ناھىيىدىكى ھەممىلا ئادەم بۇ ئىشتىن خەۋەر تاپقاندەك قىلاتتى. خىزمەت ئالدىراشچىلىقى ۋە «خانتەڭرى ئەدەبىيات مۇكاپاتى» ھەققىدىكى قىزىقىش ھېسسىياتىمىز بىلەن كونا يىلنى ئۇزىتىپ يېڭى يىلغا قەدەم قويدۇق.

## «شىنجاڭ سەنئىتى» ژۇرنىلىنىڭ مۇھەررىرلىرى بايغا كېلىدىكەن!

ۋاقىت بۇرۇنقىدىنمۇ تېز ئۆتمەكتە ئىدى. 2008-يىل 3-ئاينىڭ 13-كۈنى ناھىيىلىك ئەدەبىيات-سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، خەنزۇ يازغۇچى رېن كېلياڭ ئەپەندى ماڭا تېلېفون قىلىپ، چۈشتىن كېيىن سائەت 2دە ئىشخانىسىغا بېرىشىمنى ئۇقتۇردى. مەن دەل سائەت 2 دە رېن كېلياڭنىڭ ناھىيىلىك پارتكوم ئورگىنىدىكى ئىشخانىسىغا باردىم. مەن بىلەن تەڭ قەلەمكەشلەردىن زوردۇن ئىمىر، قۇربان ئېلى، مىجىت روزى، ئېلى نىيازلارمۇ يېتىپ كەلدى. رېن كېلياڭ بىزگە 17-قېتىملىق «خانتەڭرى ئەدەبىيات مۇكاپاتى»نى تارقىتىش يىغىنىنىڭ ئېچىلىدىغانلىقىغا ئاز قالغانلىقىنى، كېيىنكى يېرىم يىلدا ئېچىلىدىغانلىقىنى، بۇ مۇناسىۋەت بىلەن ناھىيىمىز «شىنجاڭ سەنئىتى» ژۇرنىلى رېداكسىيىسى بىلەن بىرلىشىپ قوشۇمچە سان ژۇرنال ئىشلەيدىغانلىقىنى، «شىنجاڭ سەنئىتى» ژۇرنىلى 2008-يىللىق 4-سانىنى باي ناھىيىسىگە بېغىشلايدىغانلىقىنى، شۇنىڭ ئۈچۈن بىزنىڭ دەرھال ئەسەر ئۇيۇشتۇرۇشىمىز زۆرۈرلۈكىنى ھەمدە 17-نۆۋەتلىك «خانتەڭرى ئەدەبىيات مۇكاپاتى» يىغىنىنىڭ تەييارلىق خىزمەتلىرى، ژۇرنال ئىشلەش ئۈچۈن «شىنجاڭ سەنئىتى» ژۇرنىلىنىڭ مۇھەررىرلىرى

ناھىيىمىزگە كېلىدىغانلىقىنى ئۇقتۇردى. بىز تېخىمۇ ھاياجانلاندۇق. قارىغاندا ۋاقىت يېقىنلاپ قالغاندەك قىلاتتى. مەن بىلەن ناھىيىلىك تارىخ-تەزكىرە كومىتېتىدىكى دوستىمىز ئالىمجان قۇربان ئەسەر ئۇيۇشتۇرۇشقا مەسئۇل بولدۇق. ئەسەرلەرنىڭ سۈپىتىگە كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن يىغىلغان ئەسەرلەرنى ئالدىن كۆرۈپ چىقىشقا زوردۇن ئىمىر بىلەن قۇربان ئېلى مەسئۇل بولىدىغان بولدى. ئەتىسىدىن باشلاپ بىز ئەسەر ئۇيۇشتۇرۇشقا باشلىدۇق. ناھىيىمىزدىكى كۆپ قىسىم ئاپتورلارنىڭ بۇ ئىشتىن خەۋىرى بولغاچقا قىزغىنلىق بىلەن ئەسەر تاپشۇردى. 15 كۈنگە يەتمىگەن ۋاقىت ئىچىدە 500 پارچىدىن ئارتۇق ئەسەر تاپشۇرۇپ ئالدۇق. تاپشۇرۇۋېلىنغان ئەسەرلەر كۆپ خىل ژانىردا بولۇپ، ھېكايە، شېئىر، نەسر، دراما، ئىتوت، تەزكىرە، يەرلىك مەدەنىيەت-سەنئەت تەتقىقاتى تۈرىدىكى ئەسەرلەر ئىدى. ئەسەرلەرنىڭ ئاپتورلىرى ئىچىدە ئوقۇتقۇچىلارمۇ، ئورگان خادىملىرىمۇ، دېھقان-چارۋىچىلارمۇ، پېنسىيىگە چىققان ياشانغان مويسىپىتلار، خەنزۇ يازغۇچىلارمۇ بار ئىدى. تاپشۇرۇۋېلىنغان ئەسەرلەرگە قاراپ ئۆزىمىزچە مەمنۇن بولۇشتۇق.

6-ماي كەچ قۇربان ئېلى، قەھرىمان روزى، ئېلى نىياز، ئابدۇللا مەمەت قاتارلىق بەشەيلەن مىللىي بازاردا بىرگە تاماق يېدۇق. تاماق ئۈستىدە سۆھبىتىمىز يەنىلا «خانتەڭرى ئەدەبىيات مۇكاپاتى» ھەققىدە بولدى. قەھرىمان روزى كومپيۇتېردا كۆپەيتىلگەن بىر پارچە سۈرەتنى كۆرسىتىپ، ئەتە «شىنجاڭ سەنئىتى» ژۇرنىلىنىڭ مۇھەررىرلىرى بايغا كېلىدىكەن. كىروران ژۇرنىلىدىكى ئامانگۈل بىلەن تېلېفونلاشتىم. ئۇلار بايغا يول ئالدى دەيدۇ، دېدى. بىز رەسىمنى قولدىن-قولغا ئېلىپ كۆرۈشۈپ ئۇلار بىلەن تېزراق يۈز كۆرۈشۈشنى ئارزۇ قىلىشىپ قايىتتۇق.

«شىنجاڭ سەنئىتى» ژۇرنىلىنىڭ باش مۇھەررىرى جۈرئەت سەيپۇل 7-ماي مۇھەررىر ئۆمەرجان ئىمىننى ئېلىپ بايغا كەلدى ۋە ناھىيە رەھبەرلىرى بىلەن يىغىن تەييارلىق خىزمىتى، باي

ناھىيىسىگە ئاتاپ ئىشلىنىدىغان ئىككى سان ژۇرنال ھەققىدە مەسلىھەتلەشكەندىن كېيىن، ئۆمەرجان ئىمىننى بايدىكى ئىشلارنى قىلىشقا قالدۇرۇپ قويۇپ، 9 ـ مايدا ئۈرۈمچىگە قايتىپ كەتتى. شۇ كۈنى كەچتە «شىنجاڭ سەنئىتى» ژۇرنىلىنىڭ مۇھەررىرى، مەدەنىيەت ـ سەنئەت تەتقىقاتچىسى ئۆمەرجان ئىمىن بىلەن باي ناھىيىسىدىكى قەلەمكەشلەر بىرلىكتە كەچلىك بازاردا قىزغىن كەيپىياتتا يۈز كۆرۈشتۇق. ھەممىمىزنىڭ چېھرىدە خۇشاللىق جىلۋىلىنەتتى. چىن دوستلۇق ئەنە شۇنداق باشلانسا كېرەك، بىز كەچلىك بازارنىڭ ئۆزگىچە تائاملىرىدىن ھۇزۇرلانغاچ كونا دوستلاردەك پاراڭغا چۈشۈپلا كەتتۇق. بولۇپمۇ قەلەمكەش دوستىمىز ئېلى نىياز، توختى تۇرسۇنلار ئۆمەرجان ئىمىننىڭ «تارىمنىڭ يۈرىكىدىكى ئوت» ناملىق يىرىك ئەسىرىنى يېزىپ پۈتكۈزۈش جەريانى ھەققىدە سۆزلەپ، ھەممىمىزنىڭ ئۆمەرجان ئىمىنغا بولغان قىزىقىشىمىزنى تېخىمۇ كۈچەيتىۋەتتى. سۆھبەت تېمىمىز يەنىلا ئەدەبىي ئىجادىيەت، «خانتەڭرى ئەدەبىيات مۇكاپاتى» ھەققىدە بولدى. ئۆمەرجان ئىمىن ئەپەندىنىڭ كىچىك پېئىل، خۇشخۇي مىجەزى، ئۆتكۈر پىكىرلىك بايانلىرى ھەممىمىزنى كۆڭۈل ئازادىلىكىگە چۆمدۈردى. ئەتىسى 10 ـ ماي ئەتىگەندە مەن ئۆمەرجان ئىمىننىڭ ناھىيىلىك مېھمانخانىدىكى ياتىقىغا باردىم. ھايت ـ ھۇيت دېگۈچە ناھىيىلىك مەدەنىيەت ـ تەنتەربىيە، رادىئو ـ تېلېۋىزىيە ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى تۇرسۇن مۇسا، ناھىيىمىزدىكى خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى تەتقىقاتچىسى قېيۇم مەتىمىنلەر يېتىپ كېلىشتى. بىز ئۆمەرجان ئىمىننىڭ تەكلىپى بويىچە سايرام بازىرىغا بېرىپ، ئۆمەرجانغا سايرام بازىرىنى يۈزەكى تونۇشتۇردۇق. سايرام بازىرىدىكى ئەل ئىچى سەنئەتكارى ھاپىز ھاكىم بىلەن ئۇچراشتۇرۇپ، ھاپىز ھاكىمغا ئۆمەرجاننىڭ بۇنىڭدىن كېيىنكى سايرامدىكى پائالىيەتلىرىگە يېقىندىن ھەمدەمدە بولۇشنى ھاۋالە قىلىپ، چۈشتىن كېيىن ناھىيە بازىرىغا قايتىپ كەلدۇق. مەن

ناھىيىلىك تارىخ-تەزكىرە ئىشخانىسىدىكى ئالىمجان قۇربانغا تېلېفون قىلىپ، ژۇرنالنىڭ مەخسۇس سانى ئۈچۈن يىغىلغان ئەسەرلەرنى ئۆمەرجان ئىمىنغا تاپشۇرۇپ بەردىم. ناھىيىمىزدىكى پېشقەدەم قەلەمكەشلەردىن ئۆمەر ساۋۇت، ئۆمەر ئىسمائىللارغا ئۆمەرجان ئىمىننى تونۇشتۇرۇپ قويدۇم. مەن ئۇنى باي ناھىيىسىگە ئائىت بىرقىسىم ماتېرىياللار بىلەن تەمىنلىدىم. شۇ كۈندىن باشلاپ ئۆمەرجان ئىمىننىڭ باي ناھىيىسىدىكى ئاساسلىق ئىش-پائالىيىتى باشلاندى. ئۆمەرجان ئىمىن كەچلىكى باي ناھىيىسىگە بېغىشلانغان قوشۇمچە سان ژۇرنىلىغا بېرىلىدىغان ئەسەرلەرنى تەھرىرلەپ تۈرگە ئايرىپ تەييارلىسا، كۈندۈزلىرى چېپىپ يۈرۈپ ئىككى سان ژۇرنالنىڭ 16 بەتلىك سەھىپىسىگە كېتىدىغان زور مىقداردىكى سۈرەتلەرنى تەييارلاشقا كۆچ سەرپ قىلدى، يەنە بىر تەرەپتىن يىغىنىنىڭ تەييارلىق خىزمەتلىرىنى ماسلاشتۇردى. باي ناھىيىسىدىكى پېشقەدەم ئەدىبلەرنى، خەلق سەنئەتكارلىرىنى يوقلاپ، ئۇلاردىن ھال-ئەھۋال سورىدى، تۇرمۇش ئۆگەندى. بايدىكى ئەدىبلەر بۇ جەرياندا ئۆمەرجان ئىمىن بىلەن كۈندە دېگۈدەك كۆرۈشۈپ تۇردى. 24-ماي ناھىيىلىك ئەدەبىيات-سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى يازغۇچىلار جەمئىيىتى ناھىيىلىك مېھمانخانىدا «بۈگۈنكى دەۋر ۋە ئەدەبىيات» دېگەن تېمىدا سۆھبەت ئۇيۇشتۇرۇپ، باي ئەدىبلىرىنىڭ ئۆمەرجان ئىمىن بىلەن ئومۇميۈزلۈك ئۇچرىشىش، سۆھبەتلىشىش پۇرسىتى يارىتىپ بەردى. سۆھبەت يىغىنىدا باي ناھىيىسىدىكى 20 دىن ئارتۇق ئەدىب ئۆمەرجان ئىمىن بىلەن ئەدەبىي ئىجادىيەت ھەققىدە كەڭ كۇشادە پىكىر ئالماشتۇردى. ئۆمەرجان ئىمىن ئۆزىنىڭ مەدەنىيەت-سەنئەت تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىش، يېزىقچىلىق تەجرىبىسىنى سۆزلەپ بەردى. باي ئەدىبلىرىنىڭ، بولۇپمۇ ياش ئەدىبلەر تەپەككۇر قاتلىمىدىكى قۇرغاق ھاياجاننى، ئىجادىيەت يۆنىلىشىدىكى ئابستراكت رومانتىكىغا بېرىلىش خاھىشىنى ھەم بەدىئىي دىتىدىكى ئۆز

يۈرتىدىن ئىپتىخارلانمايدىغان، ئەتراپىدىكى مەۋجۇت ھادىسىلەردىن ئىلھام ئالالمايدىغان كەمتۈكلۈكنى، تەبىئەتتىن ياتلاشقان شەھەر ئەدىبلىرىگە زورمۇ زور تەقلىد قىلىشتەك يېتەرسىزلىكلەرنى، ئىجادىيەت شەكلىدىكى شېئىر بىلەن ھېكايىغىلا ئېسىلىۋېلىشتەك بىر خىللىقنى، قويۇق تارىخىي تۇيغۇسى ھەم ماكان تۇيغۇسىدا ياشايدىغان پېشقەدەم ئەدىبلەر ئوتتۇرىسىدا بەزى ئىختىلاپلارنىڭ بارلىقىنى، ياش ئەدىبلەرنىڭ ئۆزلىرىنى ئىسلاھ قىلىش زۆرۈرلۈكىنى سەمىمىيلىك بىلەن كۆرسىتىپ بەردى. باي ئەدىبلىرى ئۆمەرجان ئىمىن بىلەن ئىككى سائەتتىن ئارتۇق قىزغىن سۆھبەتلىشىپ، ئەدەبىي ئىجادىيەت ئىشلىرىدا ساقلىنىۋاتقان بىرقىسىم مۇجمەل كۆز قاراشلارنى ئايدىڭلاشتۇرۇۋالدى. كەچتە باي ئەدىبلىرى ئۆمەرجان ئىمىن بىلەن مەشرەپ رېستورانىدا ئۆز ئارا تېخىمۇ چوڭقۇر كۆڭۈل ئىزھار قىلىشتى. شۇنداق قىلىپ ئۆمەرجان ئىمىن ئىككى ئايغا يېقىن ۋاقىت سەرپ قىلىپ ژۇرنالنىڭ رەڭلىك 16 بېتى، مەخسۇس سان ژۇرنىلىغا بېرىلىدىغان ئەسەرلەرنى تەييارلاش، يىغىن تەييارلىق خىزمىتىنى ماسلاشتۇرۇش ۋەزىپىسىنى غەلىبىلىك تاماملاپ، 29-ئىيۇن يامغۇرلۇق يەكشەنبىدە ئۈرۈمچىگە يول ئېلىپ بىز بىلەن خوشلاشتى. زوردۇن ئىمىر، قۇربان ئېلى، قەھرىمان روزى، ئېلى نىياز، ئالىمجان قۇربان، توختى تۇرسۇن قاتارلىق دوستلار ئاپتوبۇس بېكىتىدە ئۆمەرجان ئىمىننى ئۇزىتىپ قويدى. ئۆمەرجان ئىمىن ئۈرۈمچىگە قايتىپ كېتىپ ئۇزۇن قالمايلا بىز «شىنجاڭ سەنئىتى» ژۇرنىلىنىڭ باي ناھىيىسىگە بېغىشلانغان 2008-يىللىق 4-سانىنى تاپشۇرۇپ ئالدۇق. ژۇرنال ھەقىقەتەن ئېسىل ئىشلەنگەنىدى. مۇقاۋا، رەڭلىك ئىچ بەتلىرى، باش بەتكە بېرىلگەن زوردۇن ئىمىرنىڭ «بايغا كەل» ناملىق شېئىرى، ژۇرنالنىڭ مەخسۇس سەھىپىسىگە بېرىلگەن ئۆمەرجان ئىمىننىڭ «باي خاتىرىلىرى» ناملىق ئەدەبىي خاتىرىسى ۋە ئەسەرگە كىرىشتۈرۈپ بېرىلگەن سۈرەتلەرنى كۆرۈپ خۇشاللىقا چۆمۈشتۇق.

«شىنجاڭ سەنئىتى» ژۇرنىلىنىڭ ئۆمەرجان ئىمىن قاتارلىق جاپاكەش مۇھەررىرلىرىدىن چەكسىز سۆيۈندۇق. بۇ مەزگىلدە ئۆمەرجان ئىمىن بىز بىلەن تېلېفون ۋە ئىنتېرنېت تورى ئارقىلىق ئالاقىلىشىپ تۇردى. دېمەك، باي ئەدىبلىرى بىلەن ئۆمەرجان ئىمىن ئوتتۇرىسىدا چوڭقۇر دوستلۇق مۇناسىۋىتى شەكىللەنگەنىدى.

## ئاخىرقى مىنۇتلار يېتىپ كەلدى

28 - سېنتەبىر «شىنجاڭ سەنئىتى» ژۇرنىلىنىڭ باش مۇھەررىرى جۇرئەت سەيپۇل، مۇھەررىر ئۆمەرجان ئىمىن ۋە ئىككى نەپەر خىزمەتچى خادىم روزى ھېيىت ۋە دۆلەت بايرىمىلىق دەم ئېلىش كۈنىنى قۇربان قىلىپ ئۈچىنچى قېتىم باي ناھىيىسىگە يېتىپ كەلدى. 17 - نۆۋەتلىك «خانتەڭرى ئەدەبىيات مۇكاپاتى»نى تارقىتىش يىغىنى ۋە «بوگۇنكى دەۋر سەنئەت مۇھاكىمە مۇنبىرى»نىڭ 8 - ئۆكتەبىردىن 10 - ئۆكتەبىرگىچە ئېچىلىدىغانلىقى رەسمىي بېكىتىلگەنىدى. ئۇلار باي ناھىيىسىگە يېتىپ كېلىپلا يىغىن ماتېرىياللىرىنى تەييارلاش، مېھمانلارنىڭ ياتاق - تاماقنى ئورۇنلاشتۇرۇش ئىشلىرى بىلەن ئالدىراش بولۇپ كەتتى. تەڭرىتاغ ئېتىكىدىكى باي ناھىيە بازىرى ئېخىمۇ گۈزەل تۇسكە كىرىپ، ھەممە ياقنى 17 - نۆۋەتلىك «خانتەڭرى ئەدەبىيات مۇكاپاتى»نى تارقىتىش يىغىنى ۋە«بوگۇنكى دەۋر سەنئەت مۇھاكىمە مۇنبىرى»نىڭ ئېچىلىشىنى قارشى ئېلىش كەيپىياتى قاپلىغانىدى. «شىنجاڭ سەنئىتى» ژۇرنىلىنىڭ باي ناھىيىسىگە بېغىشلانغان قوشۇمچە سانىمۇ نەشردىن چىقىپ تارقىتىلدى. 5 - ئۆكتەبىر 17 - نۆۋەتلىك «خانتەڭرى ئەدەبىيات مۇكاپاتى»نى تارقىتىش يىغىنى ۋە «بوگۇنكى دەۋر سەنئەت مۇھاكىمە مۇنبىرى»نىڭ باي ناھىيىسىدە ئېچىلىشىنى قارشى ئېلىش،

تەبرىكلەش پائالىيەتلىرىگە قوشۇلۇپ، باي ناھىيە قىزىل ئۆزۈم بايرىمى ۋە يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلار يەرمەنكىسى، باي ناھىيە 2 ـ نۆۋەتلىك ئەل ئىچى مەدەنىيەت ـ سەنئەت بايرىمى باشلاندى. 6 ـ ئۆكتەبىردىن باشلاپ داڭلىق رەسسام غازى ئەھمەد، داڭلىق يازغۇچى ئەخەت تۇردى، ژۇرنالىست ياسىن زىلال، قۇربان مامۇت، ئەل سۆيگەن ناخشىچى ئابدۇللا ئابدۇرېھىم قاتارلىق يازغۇچى ـ شائىرلار، سەنئەتكارلار، ھەرقايسى يەرلىك ئەدەبىي ژۇرنالنىڭ باش مۇھەررىرلىرى ئارقا ـ ئارقىدىن باي ناھىيىسىگە يېتىپ كەلدى. بىز مول ھوسۇل شادلىقىغا چۆمگەن باي ناھىيە بازىرىدا قىزغىن ئالقىشىمىز بىلەن مېھمانلارنى قارشى ئالدۇق. 7 ـ ئۆكتەبىر ئاپتونوم رايوننىڭ مۇئاۋىن رەئىسى تىلىۋالدى ئابدۇرېشىت، ئاقسۇ ۋىلايەتلىك پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، ۋىلايەتلىك مەمۇرىي مەھكىمىنىڭ ۋالىيسى مۇتەللىپ قاسىم مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلارنىڭ مەسئۇللىرىنى باشلاپ 17 ـ نۆۋەتلىك «خانتەڭرى ئەدەبىيات مۇكاپاتى»نى تارقىتىش يىغىنى ۋە «بۈگۈنكى دەۋر سەنئەت مۇھاكىمە مۇنبىرى»گە قاتنىشىش ئۈچۈن باي ناھىيىسىگە يېتىپ كەلدى. بۇ ئەزىز مېھمانلار سائەت 4 تە ناھىيىلىك كىنو ـ تىياتىرخانا ئالدىدا ئەل ئىچى سەنئەتكارلىرىنىڭ سەنئەت نومۇرلىرىنى، مەدەنىيەت ـ سەنئەت بۇيۇملىرى كۆرگەزمىسىنى كۆردى. كەچتە ناھىيىلىك كىنو ـ تىياتىرخانىدا باي ناھىيىلىك قىزىل سەنئەت ئۆمىكى بىر يىل ۋاقىت سەرپ قىلىپ كۆڭۈل قويۇپ تەييارلىغان «جەلپكار باي» ناملىق چوڭ تىپتىكى ئۇسسۇللۇق داستان ئورۇندىلىپ، مېھمانلارنى تاڭ قالدۇردى. ئىككى سائەت داۋاملاشقان تۆت قىسىملىق بۇ ئۇسسۇللۇق داستاندا، ئۇسسۇل سەنئىتى ئارقىلىق باي ناھىيىسىنىڭ يەر ئاستى ـ يەر ئۈستى بايلىقلىرى، گۈزەل مەنزىرىسى، تەرەققىيات ئەھۋالى تونۇشتۇرۇلغان بولۇپ، ئويۇن ئاخىرلاشقاندا مېھمانلار قىزغىن ئالقىش ياڭرىتىپ، بۇ ئۇسسۇللۇق داستاننىڭ مۇۋەپپەقىيىتىگە يۇقىرى باھا بەردى. مۇئاۋىن رەئىس تىلىۋالدى ئابدۇرېشىت، ۋالىي مۇتەللىپ قاسىم

قاتارلىق رەھبەرلەر سەھنىگە چىقىپ «جەلپكار باي» ناملىق ئۇسسۇللۇق داستاننى ئورۇنداشقا قاتناشقان ئارتىسلار بىلەن بىرمۇ بىر قول ئېلىشىپ كۆرۈشۈپ، ئۇلارنى تەبرىكلىدى، مەدەت بەردى.

مۇئاۋىن رەئىس تىلىۋالدى ئابدۇرېشىت بۇ ھەقتە توختىلىپ مۇنداق دېدى:

-«جەلپكار باي» ناملىق ئۇسسۇللۇق داستان ھەقىقەتەن ياخشى ئورۇندىلىپتۇ، ناھىيە دەرىجىلىك بىر سەنئەت ئۆمىكىنىڭ يۇقىرى سەۋىيىلىك چوڭ تىپتىكى بۇنداق ئۇسسۇللۇق داستاننى ئورۇندىمىقى ئاسان ئەمەس. ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەممە ناھىيىلەر مۇشۇنداق ئىقتىدار ھازىرلىغان بولسا، مىللىي سەنئىتىمىز تېخىمۇ گۈللىگەن بولاتتى.

8 ـ ئۆكتەبىر ئەتىگەن باي ناھىيىلىك كىنو ـ تىياتىرخانىدا 17 ـ نۆۋەتلىك «خانتەڭرى ئەدەبىيات مۇكاپاتى»نى تارقىتىش يىغىنى ۋە «بۇگۈنكى دەۋر سەنئەت مۇھاكىمە مۇنبىرى» نىڭ ئېچىلىش مۇراسىمى داغدۇغىلىق باشلاندى. ئېچىلىش مۇراسىمىغا ئاپتونوم رايوننىڭ مۇئاۋىن رەئىسى تىلىۋالدى ئابدۇرېشىت، ئاقسۇ ۋىلايەتلىك پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، ۋالىي مۇتەللىپ قاسىم، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى ئادىل خالىق، ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسلىرىدىن ۋاھىتجان غوپۇر، شامىس قۇمار، شىنجاڭ يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ رەئىسى ئازاد سۇلتان قاتارلىق رەھبەرلەر، ئاتاقلىق يازغۇچى، ئەدىب ـ ئوبزورچىلار، سەنئەتكارلار، ھەرقايسى ئەدەبىي ژۇرناللارنىڭ باش مۇھەررىرلىرىدىن بولۇپ 120 دىن ئارتۇق ئەزىز مېھمان، باي ناھىيىسىدىكى قەلەمكەشلەر، مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلارنىڭ مەسئۇللىرى، ھەر مىللەت ئاممىسىدىن بولۇپ 1000 گە يېقىن كىشى قاتناشتى. ئېچىلىش مۇراسىمىدا مۇئاۋىن رەئىس تىلىۋالدى ئابدۇرېشىت مۇھىم سۆز قىلىپ، يازغۇچى ـ شائىرلاردىن تۇرمۇشقا، ئاممىغا، ئەمەلىيەتكە يېقىنلاشقان، بەدىئىيلىكى يۇقىرى، خاس ئالاھىدىلىككە ئىگە

بولغان نادىر ئەسەرلەرنى كۆپلەپ ئىجاد قىلىشنى تەلەپ قىلدى ھەمدە ئەسىرى 17 ـ نۆۋەتلىك «خانتەڭرى ئەدەبىيات مۇكاپاتى»غا ئېرىشكەن ۋاھىتجان ئوسمان، قۇۋانخان قادىر، قەھرىمان روزى ئەرچىن قاتارلىق 27 ئاپتورنى قىزغىن تەبرىكلەيدىغانلىقىنى، مۇشۇنداق كاتتا مەرىكىنى ئۆتكۈزۈش ئۈچۈن ياخشى شارائىت يارىتىپ بەرگەن ئاقسۇ ۋىلايەتلىك پارتكوم، مەمۇرىي مەھكىمە، باي ناھىيىلىك پارتكوم، خەلق ھۆكۈمىتىگە ئالاھىدە رەھمەت ئېيتىدىغانلىقىنى بىلدۈردى.

چۈشتىن كېيىن ناھىيىلىك مالىيە ئىدارىسى يىغىن زالىدا «بۈگۈنكى دەۋر سەنئەت مۇھاكىمە مۇنبىرى» باشلىنىپ، مۇنبەردە داڭلىق رەسسام غازى ئەھمەد، شائىر، ژۇرنالىست مۇھەممەت شاۋۇدۇن، ناخشىچى ئابلىز رېھىم ئەركال قاتارلىق بەش نەپەر ئەدەبىيات ـ سەنئەت تەتقىقاتچىسى «ئادەم ئوبرازىنى يارىتىش ھەققىدە»، «تېكىستلەردىكى بەدىئىيلىك توغرىسىدا»، «ئەبەيدۇللا تۇردى مۇزىكا ئىجادىيىتى توغرىسىدا» قاتارلىق ئىلمىي ماقالىلەرنى ئوقۇپ، بۈگۈنكى زامان ئۇيغۇر سەنئىتى دۇچ كېلىۋاتقان مەسىلىلەر ھەققىدە مۇھاكىمە ئېلىپ باردى ھەمدە سەنئەت ساھەسىدە ئەنئەنىگە ۋارىسلىق قىلىش ئاساسىدا ئۈزلۈكسىز يېڭىلىق يارىتىپ، نادىر ئەسەر ئېڭىنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، دەۋر بىلەن تەڭ ئىلگىرىلەشكە بىرلىكتە كۈچ چىقىرىشقا دائىر تەشەببۇسلار ئوتتۇرىغا قويۇلدى.

كەچتە ناھىيىلىك كىنو ـ تىياتىرخانا ئالدىدا 17 ـ نۆۋەتلىك «خانتەڭرى ئەدەبىيات مۇكاپاتى»نى تارقىتىش مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلدى. مۇكاپات تارقىتىش مۇراسىمى سەنئەت نومۇرى كۆرسىتىش بىلەن مۇكاپات تارقىتىش ئۆز ئارا بىرلەشتۈرۈلگەن ھالدا ئۆزگىچە ئېلىپ بېرىلىپ، «ئەگەر ھاياتنى قايتۇرۇۋالغىلى بولسا»، «بۇنداق قىسمەتلەر مەن بىلەن كەتسۇن»، «رەسسام مۇشۇك»، «ئاسىيانىڭ شەرقىدىكى مەن» قاتارلىق 27 پارچە ئەسەرنىڭ ئاپتورلىرىغا گۇۋاھنامە ۋە مۇكاپات پۇلى تارقىتىپ بېرىلدى. مەيداندىكى يىغىن قاتناشچىلىرى ۋە 4000 دىن

ئارتۇق ھەر مىللەت ئامما بۇ قېتىم «خانتەڭرى ئەدەبىيات مۇكاپاتى» غا ئېرىشكەن ئاپتورلارنى قىزغىن ئالقىش ياڭرىتىپ تەبرىكلىدى. شائىر قەھرىمان روزى ئەرچىن «خانتەڭرى ئەدەبىيات مۇكاپاتى» گۇۋاھنامىسىنى تاپشۇرۇپ ئالغاندا، گۈلدۈراس ئالقىش سادالىرى تېخىمۇ ئەۋجىگە كۆتۈرۈلگەنىدى. باي ناھىيىسىدىكى قەلەمكەشلەر، ھەر مىللەت خەلقى بۇ سۆيۈملۈك شائىرىمىزدىن چەكسىز پەخىرلەندۇق. تەكلىپ بىلەن كەلگەن داڭلىق ناخشىچى ئابدۇللا ئابدۇرېھىم، مەۋلان نىيازلارنىڭ لىرىك ناخشىلىرى، باي قىزىل سەنئەت ئۆمىكى ئورۇندىغان ئېسىل سەنئەت نومۇرلىرى 17 ـ نۆۋەتلىك «خانتەڭرى ئەدەبىيات مۇكاپاتى»نى تارقىتىش مۇراسىمىغا تېخىمۇ مول مەزمۇن ئاتا قىلغانىدى.

9 ـ ئۆكتەبىر ئەتىگەن، يىغىن قاتناشچىلىرى باي ناھىيىسىدىكى مۇناسىۋەتلىك ئورۇن مەسئۇللىرىنىڭ ھەمراھلىقىدا مەخسۇس ئاپتوموبىل بىلەن باي ناھىيىسىدىكى مەشھۇر سەيلىگاھلاردىن قىزىل مىڭئۆي، «قىزىل ئالۋاستى قەلئەسى»، غەربنىڭ گازىنى شەرققە يەتكۈزۈشتىكى ئاساسلىق گاز مەنبەسى قارا 2 ـ گازلىقىنى زىيارەت قىلدى. مەشھۇر تارىخچى، ئالىم موللا مۇسا سايرامى، ۋەتەنپەرۋەر شائىر نىمشېھىت ئەرمىيا ئېلىنىڭ مەقبەرىسىنى يوقلاپ، ئۇلارغا ھۆرمەت بىلدۈرۈشتى. بۇ جەرياندا يازغۇچى، شائىر، ئەدىبلەر بىلەن ئەدەبىي ئىجادىيەت ھەققىدە كەڭ ـ كۇشادە پاراڭلاشتۇق، ئۇلار بىلەن سۈرەتكە چۈشۈپ خاتىرە قالدۇرۇشتۇق. ئۇلارنىڭ كىچىك پېئىل، خۇشخۇي، كەمتەر مىجەزى، جاپا ـ مۇشەققەتتىن قورقمايدىغان، ئۈزلۈكسىز ئالغا ئىنتىلىدىغان يېڭىلىق يارىتىش روھى بىزنى چوڭقۇر تەسىرلەندۈردى.

كەچتە يەنە ناھىيىلىك كىنو ـ تىياتىرخانا ئالدىدا تەكلىپ بىلەن كەلگەن داڭلىق ناخشىچى مەۋلان نىياز، باي قىزىل سەنئەت ئۆمىكى، ئەل ئىچى سەنئەتكارلىرىنىڭ ئورۇندىشىدا سەنئەت نومۇرلىرى كۆرسىتىلدى. بىرقىسىم شائىرلار ھاياجىنىنى باسالماي باي توغرىسىدا يېڭىدىن ئىجاد قىلغان شېئىرلىرىنى

نەق مەيداندا دېكلاماتسىيە قىلىپ، تاماشىبىنلارنىڭ قىزغىن ئالقىشىغا ئېرىشتى.

10 ـ ئۆكتەبىر ئەتىگەن ناھىيىلىك مالىيە ئىدارىسى يىغىن زالىدا 17 ـ نۆۋەتلىك «خانتەڭرى ئەدەبىيات مۇكاپاتى»نىڭ يېپىلىش مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلدى. يېپىلىش مۇراسىمىغا يازغۇچى، ئەدىب، ئوبزورچىلار، سەنئەتكارلار، باي ناھىيىسىدىكى ئەدەبىيات ـ سەنئەت خادىملىرى قاتناشتى.

ئاپتونوم رايونلۇق يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ رەئىسى ئازاد سۇلتان 17 ـ نۆۋەتلىك «خانتەڭرى ئەدەبىيات مۇكاپاتى»نى تارقىتىش يىغىنى ۋە «بۈگۈنكى دەۋر سەنئەت مۇھاكىمە مۇنبىرى»نى خۇلاسە قىلىپ، بۇ قېتىمقى يىغىننىڭ تۈرلۈك كۈنتەرتىپلىرىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك تاماملاپ ئاخىرلاشقانلىقىنى، بۇ مۇناسىۋەت بىلەن يىغىن ئۈچۈن ياخشى شارائىت يارىتىپ بەرگەن باي ناھىيىلىك پارتكوم، خەلق ھۆكۈمىتىگە ۋە باي ناھىيىسىدىكى ھەرمىللەت خەلقىگە چوڭقۇر رەھمەت بىلدۈردى. باي ناھىيىسىنىڭ ھاكىمى ئاينۇر مەقسەت سۆز قىلىپ، ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ 17 ـ نۆۋەتلىك «خانتەڭرى ئەدەبىيات مۇكاپاتى»نى تارقىتىش يىغىنى ۋە «بۈگۈنكى دەۋر سەنئەت مۇھاكىمە مۇنبىرى»دىن ئىبارەت كاتتا پائالىيەتنى ئۆتكۈزۈش پۇرسىتىنى باي ناھىيىسىگە بەرگەنلىكىگە رەھمەت ئېيتىدىغانلىقىنى، باي ناھىيىسى يازغۇچى ـ شائىرلارنى ھەر ۋاقىت قارشى ئالىدىغانلىقىنى، يازغۇچى ـ شائىرلاردىن باي ناھىيىسى توغرىسىدا كۆپرەك ئەسەر ئىجاد قىلىشنى ئۈمىد قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسلىرىدىن ۋاھىتجان غوپۇر، شامىس قۇمار ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىگە ۋاكالىتەن باي ناھىيىلىك پارتكومىنىڭ شۇجىسى گاۋ كېپىڭ، ھاكىم ئاينۇر مەقسەتكە خاتىرە بويۇم تەقدىم قىلدى. «شىنجاڭ سەنئىتى» ژۇرنىلىنىڭ باش مۇھەررىرى جۈرئەت سەيپۇل «شىنجاڭ سەنئىتى» ژۇرنىلى نامىدىن باي ناھىيىلىك

پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمى، باي ناھىيىلىك مەدەنىيەت ـ تەنتەربىيە،رادىئو ـ تېلېۋىزىيە ئىدارىسى، باي ناھىيىلىك ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىگە خاتىرە بۇيۇم تەقدىم قىلدى. داڭلىق رەسسام غازى ئەھمەد باي ناھىيىسىگە «سايرام قىزى» ناملىق ماي بوياق ئەسىرىنى تەقدىم قىلدى. شۇنداق قىلىپ 17 ـ نۆۋەتلىك «خانتەڭرى ئەدەبىيات مۇكاپاتى»نى تارقىتىش يىغىنى ۋە «بۈگۈنكى دەۋر سەنئەت مۇھاكىمە مۇنبىرى» غەلىبىلىك ئاخىرلاشتى.

## خاتىمە

17 ـ نۆۋەتلىك «خانتەڭرى ئەدەبىيات مۇكاپاتى»نىڭ ئالدى ـ كەينىدىكى ئىشلار ئەنە شۇنداق ئۆتتى. 10 ـ ئۆكتەبىر چۈشتە بىز ئەزىز مېھمانلارنى كۆزىمىز قىيمىغان ھالدا ئۇزىتىپ قويدۇق. ئۇلار بۇ مېڭىشىدا ئۈرۈمچى، قەشقەر، غۇلجا... ئىشقىلىپ شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىغا قايتىپ كېتەتتى. بىز ئۇلارنىڭ سەپىرىگە ئاق يول تىلەشتۇق.

گەرچە بىز 17 ـ نۆۋەتلىك «خانتەڭرى ئەدەبىيات مۇكاپاتى»نى تارقىتىش يىغىنى ۋە «بۈگۈنكى دەۋر سەنئەت مۇھاكىمە مۇنبىرى»گە قاتنىششىش ئۈچۈن كەلگەن ئالاقىدار رەھبەرلەر، ئەدىب، سەنئەتكارلار بىلەن ئۈچ ـ تۆت كۈنلا بىللە بولغان بولساقمۇ،لېكىن بۇ مۇناسىۋەت بىلەن قەلبىمىزدە ئىنتايىن چوڭقۇر بىر ئەسلىمىنىڭ، سۈزۈك بىر يالدامىنىڭ مەڭگۈ يالتىراپ قالىدىغانلىقىنى ھېس قىلدۇق.

مەسئۇل مۇھەررىرى: ئادىلجان ئاندۇللا
مەسئۇل كوررېكتورى:قەييۇم تۇرسۇن

# مۇزات ئانا

(ئەدەبىي ئاخباراتلار)

ئاپتورى: قۇربان مولنىياز

---

شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى نەشر قىلدى
(ئۈرۈمچى شەھىرى غالىبىيەت يولى№14 ، پوچتا نومۇرى: 830046)
شىنخۇا كىتابخانىسى تارقاتتى
ئۈرۈمچى شەھەرلىك گۇاڭدا باسمىچىلىق چەكلىك شىركىتى
يىلىن باسمىچىلىق مەركىزىدە بېسىلدى
فورماتى: 850 mm×1168 mm 1 / 32 باسما تاۋىقى:6.625
2009 ـ يىلى 8 ـ ئاي 1 ـ نەشرى
2009 ـ يىلى 8 ـ ئاي 1 ـ بېسىلىشى
تىرازى: 0001 ـ 2100

---

ISBN 978 ـ 7 ـ 5631 ـ 2288 ـ 2
باھاسى: 22.00 يۈەن

مۇقاۋا لايىھىلىگۈچى: ئىلچان ھۇشۇر



ISBN 978-7-5631-2288-2
9 787563 122882 >
(维文)定价22.00